# TANGRITAG



ۋاسكىتبول چولپىنى -

[illegible] بىلىم كرىزىسى

تەن ئىچىدە تولۇن

[illegible] ستۇدېنتلىق دەۋرى


2000.1

天尔塔格






ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى مەكتەپنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.



ئىنستىتۇتنىڭ يېڭىدىن پۈتكەن ئاساسىي ئوقۇتۇش بىناسى

ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىردىنبىر مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان، مائارىپ مىنىستىرلىقى [illegible] ئالغان سىفەن خاراكتېرلىك، چوڭلار خاراكتېرلىك ۋە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئالىي بىلىم يۇرتى. ئىنستىتۇتىمىزدا ئالتە فاكۇلتېت، ئوقۇتۇش باشقارما ۋە يىگىرمىگە يېقىن كافېدرا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، سەككىز پروفېسسور، 70 دوتسېنت، 100 نەچچە لېكتوردىن [illegible] ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ۋە باشقۇرۇش مۇلازىمەت قوشۇنىغا [illegible] ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن [illegible] ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى 40 [illegible]

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش [illegible]

[illegible]

ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى [illegible] زور ئۈمىد [illegible] 21 - ئەسىرگە قاراپ داдил قەدەم تاشلىماقتا.



ئىنستىتۇتنىڭ بەخت يولىدىكى 17 - 907 - يول ئاپتوبۇس بېكىتى ئالدىغا جايلاشقان چوڭ دەرۋازىسى.



ئىنستىتۇتنىڭ كۈتۈپخانا - تەجرىبىخانا بىناسى.

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
قانۇن مەسلىھەتچىسى: ئابلىمىت رەھىم

2000.1

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

تەھرىر ھەيئەتلىرى:

ئازات سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت ئىمىن، ئەكبەر ئىلى، ئىمىن ئەھمىدى، بوغدا ئابدۇللا، مۇرات مەتنىياز، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەت پولات، غوپۇر نۇر، ھاجى قۇتلۇق قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

E-mail:tangrtag@mail.wl.xj.cn

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

**چولپان**

ۋاسكىتبول چولپىنى ـ ئادىلجان (ئەدەبىي ئاخبارات) ........................ ئەختەم ئۆمەر (4)

**شېئىرلار**

بوغدا ئابدۇللا، ئىمىن ئەھمىدى، ئادىل تۇنىياز، تۇردىگۈل ئېلى .......................... (54)

**ھېكايىلەر**

ئاتا، سىز كىم؟ .................................................................. ۋەلى داۋۇت (49)

**مەرھابا 21 ـ ئەسىر**

مائارىپىمىزدا بىلىم كرىزىسى.......................................... ئابدۇقادىر جالالىدىن (62)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل- سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىر ھەسەن

# (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)   ئومۇمىي 78 - سان

## ماقالىلار

بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا ........................................ ھاجى قۇتلۇق قادىرى (69)

## ستۇدېنتلار

زىيالىيلىرىمىزنىڭ ستۇدېنتلىق دەۋرى (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ ئەركىن نۇر، ئەزىزى (81)

## ئەركىن پاراڭلار

ھاياتىم ۋە ئىجادىيىتىمگە تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار ........................ ئادىل تۇنىياز (105)
ئەدەبىي خاتىرىلەر ........................................ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (101)

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490    پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەتئەللەرگە
تارقىتىدۇ (782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65-1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

www.uyghurkitap.com

چولپان

# باسكېتبول چولپىنى ئادىلجان

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەختەم ئۆمەر






***ئادىلجاننى بىز ئۇيغۇرلارلا ئاز بىلىمىز، ئەمما ئادىلجان دۇنياغا تونۇلغان...***

1998 - يىلى ياز ئايلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىتابخانا ئۇيغۇرچە كىتابلارنى توپ تارقىتىش مەركىزى قۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مانا شۇ كىتاب مەركىزى قۇرۇلۇش يىغىنى ئارىلىقىدا شىنجاڭ

خەلق نەشرىياتى نەشر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئەكبەر ئېلى بىلەن كىتاب ھەققىدە قىزغىن مۇلاھىزە قىلىشتۇق. ئۇ ماڭا: ئادىلجان ھەققىدە بىر كىتاب يېزىشىمنى ھاۋالە قىلىپ شۇنداق دېدى:

- ۋاسكىتبول چولپىنى ئادىلجانغا خەنزۇ خەلقى بەك چوقۇنىدۇ. دۇنيا ۋاسكىتبول ساھەسىدىمۇ ئادىلجاننى ئىككىنچى بوتېر دەپ ھۆرمەت قىلىدۇ. ئادىلجاننى پەقەت بىز ئۇيغۇرلارلا ئاز بىلىمىز، ھەتتا كۆپچىلىكىمىز بىلمەيمىز. شۇڭا ئادىلجاننى ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭ جۇڭگودىكى ھۆرمىتى، دۇنيا ۋاسكىتبول ساھەسىدىكى ئورنىنى بىلدۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر. خۇددى بىز ئۆزىمىزنى بىلمىگەنىنىڭ بىرقىسمى سۈپىتىدە ئۆزىمىزدىن يېتىشىپ چىققان دۇنياۋى چولپاننى، خەلقئارالاشقان شەخسلىرىمىزنى بىلمىسەك بۇ بىز نومۇس قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار ئىچىدىكى يەنە بىر نومۇسلۇق ئىش بولىدۇ. ئادىلجاننىڭ ئىچكىرى جۇڭگودا شۇنداق ھۆرمىتى چوڭ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى بىلىدۇ. ئۆز يۇرتى، ئۆز مىللىتى بولغان بىزلەر ئادىلجاننى ئۇنچىلىك بىلمەيمىز. ئادىلجان بېيجىڭ كوچىلىرىدا ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماڭسا، قاتناش ساقچىلىرى ئۇنىڭغا ھۆرمەت سالىمى بېرىدۇ. بىزدە ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى بىز ئادىلجاننى ئاز بىلدۇق ياكى بىلمىدۇق. بىزدىن دۇنياۋى چولپان شەخسلەر ئاز چىقتى. چىققانلىرىنى ھۆرمەتلىشىمىزمۇ ئاز بولدى. ئادىل ھوشۇر ھەققىدە كىتاب يېزىلدى. ئەمما تەنتەربىيە ساھەسىدە دۇنياۋى شان - شەرەپكە ئېرىشكەن خەلقئارالىق چولپانلىرىمىز مالىك ئاكا، ھاجى پالۋان، ئادىلجان، ئابدۇشۈكۈر، قاسىمجان قاتارلىق بىزدىن چىققان گىگانتلىرىمىز ھەققىدە كىتاب يېزىلىپ ئۇلار خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇلمىدى. بۇ قەلەمكەشلەرنىڭ، نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇرچىمىزنى ئادا قىلمىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىشنى ئادىلجاندىن باشلىساق،- دېدى.

- ئەلۋەتتە يېزىش كېرەك. بىز بۇرۇنقىلار-دىن پەخىرلىنىپلا قالماي، ھازىرقى ھەر ساھە، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ روھى، غۇرۇرىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان، ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق ماركىمىز بولغان تەنتەربىيە ساھەسىدىكى خەلقئارالىق چولپانلىرىمىزنى تونۇشىمىز، ھۆرمەتلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى نۇرلاندۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنى تونۇشىمىز كېرەك. ۋەتەنگە زور شان - شەرەپ ئېلىپ كەلگەن ئادىلجاندەك گىگانت كىشىلىرىمىزنى ئۆز خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئەلۋەتتە ئورۇنلايمەن. بولىدۇ، مەن يازاي، ئادىلجاندىن باشلاپ ھازىرغىچە يېزىلماي قالغان ئابدۇشۈكۈر، مالىك ئاكا، قاسىمجان، ھاجى پالۋان قاتارلىق ھازىرقى زامان دۇنياۋى شەخسلىرىمىزنى، يەنە كىملەر بار، ئىزدىنىپ يازاي، - دېدىم مەن.

شۇنداق قىلىپ خەلق نەشرىياتىدىكى ئەكبەر ئېلىنىڭ قىزغىن ھاۋالىسى، قوللاپ ھەمكارلىشىشى بىلەن مەن دەسلەپكى قەدەمدە ئىشنى ئادىلجاندىن باشلاپ بېيجىڭغا بېرىپ زىيارەت قىلىشتىن باشلىدىم. بۇ جەرياندا ئادىلجاننىڭ قېيىنئاتىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خەلق قەلبىدە يولۋاس قاتارلىق ئوبرازلار بىلەن تونۇلغان داڭلىق كىنو چولپىنىمىز ۋارىس ئىسلام، خانىمى ھاۋاقىز ھەدە، ئادىلجاننىڭ ئامراق ئايالى دىلنۇر، ئادىلجاننىڭ كونا سەپدىشى ھەم يېقىن دوستى شاۋكەت، ئادىلجاننىڭ ئاپىسى نۇرىمان خانىم، ئادىلجاننىڭ تېرنېرى، خەلقئارالىق رېپىر سۈيى ئەپەندى، ئادىلجاننىڭ تېرنېرى ۋاسكىتبول ئۇستازى چيەن لىمىڭ ئەپەندى، ۋۇچىڭشۈي ئەپەندى قاتارلىقلار قىزغىن ھەمكارلىشىپ، ئادىلجان ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. مەن بۇلارغا ئادىلجان بىلەن، شۇنداقلا ئادىلجاننى ھۆرمەتلىگۈچى جامائەت قاتارىدا قىزغىن رەھمەت ئېيتىمەن. بېيجىڭدا ئادىلجان، مالىك ئاكىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئىسمايىل ئەھمەد بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى. ئادىلجاننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش جەريانىدا بېيجىڭدىن تارتىپ ئادىلجان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا دىيار خوتەنگىچە بولغان سەپەر جەريانىدا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى ساۋۇت سالاھىدىن، ياقۇپ مۇھەممەتروزى

قاتارلىق سەپداشلار، قەشقەر ئېلېكتر سىمى زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى مۇھەممەت ساۋۇت، يەكەن شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدىكى مەمتىمىن غوپۇر، مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى ئەكبەر ھەيدەر، قەشقەر مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئادىل تۇران، يەككە تىجارەتچى ئابدۇخېلىلجان، مۇھەممەتجان قاتارلىق دوستلارنىڭ ھەمكارلىشىشىغا، ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتىم. مۇشۇ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا خالىسانە قىزغىن ھەمكارلىقى ھەم مەدەتلىرىنى ئايىمىغان يۇقىرىقى دوستلارغا ئەل قاتارى ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئادىلجاندىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن ۋاسكېتبول چولپانلىرى چىققان، ئەمما ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، بەك ھالقىپالىسا جۇڭگودا داڭلىق چولپان بولغانىدى. ئەمما ئادىلجان بىراقلا جۇڭگونىڭ دۆلەت سەھنىسىدە پارتلاش خاراكتېرلىك شەخس بولۇپ، جۇڭگودىن، دۆلەت دەرىجىسىدىن ھالقىغان، دۇنياغا تونۇلغان، جۇڭگونىڭ خەلقئارادا ئابرۇيى بار ۋاسكېتبول چولپىنى بولۇپ قالدى.

***ئانا تۇغۇت ئالدىدا قانسىراپ كەتتى. دادا بولغۇچىغا ۋالىي ئانا - بالا ئىككىسىنى خۇداغا ھەم خوتەن خەلقىگە تاپشۇرۇپ مۇسابىقىگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى.***

1965 - يىلى 7 - ئاي ئاخىرلىرى ئىدى. تەكلىماكان دەشتىنىڭ شەرقىي جەنۇب بويلىرىدىكى قارا قۇرۇم باغرىغا جايلاشقان خوتەن شەھىرى دەھشەتلىك تومۇز ئاپتىپىنىڭ دەستىدىن تېخىمۇ قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەنىدى. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى شەھەر ئىچىدىكى قاغجىرىغان كوچىلارغا نەملىك بېرىشكە، شەھەرنىڭ قاش - كۆزىنى نەمدەشكە يېتىشىپ بولالمايتتى. چۈنكى چاك - چاك يېرىلىپ قاغجىراپ كەتكەن ئېكىنزار، بوستانلىقلار تەشنالىق ئازابىدىن تېخىمۇ قۇرۇپ، يىلىنجاپ تولغانماقتا ئىدى. يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىنىڭ سۈيى قارا قۇرۇم ئانىنىڭ جۇپ ئەمچىكىدىن سىرغىپ چىققان سۈتتەك ئۆز باغرىلىرىنىڭ ئاتەشتەك چاڭقاشلىرىغا ئۇلگۇرۇپ بولالمايلا يىللار ئەسىرلەرگە ئۇلاشماقتا ئىدى.

نۇرمانخان كۈندىن - كۈنگە چوڭقىيىۋاتقان قورسىقىنى تەستە كۆتۈرۈپ، پۇتلىرىنى قىينىلىپ يۆتكەپ چىلەك كۆتۈرۈپ كۆلگە سۇغا ماڭدى. ئاي - كۈنى يېقىنلاشقانچە تىنىقى يېتىشمەي تومۇز ئىسسىقى ھاۋانى تېخىمۇ قۇرۇتۇپ تىنچىق قىلىۋەتكەنلىكتىن دېمى سىقىلىپ چىرايلىق قارا كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭقىيىپ، بوغداي ئۆڭ مەڭزىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇپ كەتتى. ئىسسىق دەستىدىنمۇ ياكى بەدىنىدىن كۈچ - قۇۋۋىتى تېشىپ تۇرغان شىنجاڭدا داڭقى تارالغان ۋالىبول چولپىنى بولغان سۇلايماننىڭ جانلىق قېنىدىن بولغاچقىمۇ، قورساقتىكى بوۋاق بارغانچە بەك تېپچەكلەپ زادىلا جىم تۇرمايتتى. بالا ئوغۇلمىدۇ، قىزمىدۇ، كۆرگەن چۈشۈمگە قارىغاندا ئوغۇلمىكىن دەيمەن. دادام رەھمەتلىك چۈشۈمدە ماڭا چىرايلىق بىر قىلىچنى بېرىپ: «بالام بۇ قىلىچنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىۋال، بىر كىم بوزەك قىلالمايدۇ» دېدى. «دادا، قىز بالىمۇ قىلىچ ئاسامدۇ، مەن يا ئوغۇل بالا بولمىسام» دېسەم، دادام: «بىز كىچىك چاغلاردا قىزلارمۇ ئەرلەردەك يېنىغا قىلىچ ئاساتتى. قىلىچ ئاسقان قىزلارغا يات ئەرلەر چېقىلالمايتتى. سەن ئاناڭغا ئوخشايسەن. بەك چىرايلىق قىز بولدۇڭ. سەندىن ئەنسىرەيمەن. بۇ قىلىچنى ئېسىۋالساڭ يامان كۆزدىن ساقلايدۇ» دېدى. ئويغانسام چۈشۈم. كېيىن سۇلايمانمۇ چۈشۈمدە بىر خەنجەرنى بەردى. ئوغۇل تۇغىدىغان ئوخشايمەن دېسەم، يېقىندا ئانام بىرمۇنچە مارجانلارنى بويۇنۇمغا ئېسىپ قويۇپ چۈش كۆردۈم. شۇنىڭغا قاراپ قىز تۇغىدىغان ئوخشايمەن دەپ قالدىم. مارجان دېگەن قىز بالىنىڭ سۈرى. بولدى، قىز بولامدۇ، ئوغۇل بولامدۇ ساق - سالامەت تۇغۇۋالساملا خۇدانىڭ بەرگىنى ھېساب. بۇ شەھەردە بولماي، مەھەللەمدە بولغان بولسام تال باراڭنىڭ سايىسىدە باغدىكى سۇپىدا سالقىندا

يېتىپ، ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇدىن راھەتلىنىپ ئىچىپ بۇنچىۋالا ئىسسىقنىڭ ئازابىدىن قىينالماستىم. دادام رەھمەتلىك مېنى ئوقۇتمايلا قويغان بولسا، نەگە قارىسا باغ - بوستانلىق يۇرتۇمدا قالار ئىدىم. ئوقۇدۇم دەپ مانا شەھەردە مۇئەللىم بولۇپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىن لايىق چىققان ۋاقىتتىكى ئىشلار كېچىپ قالدى. شۇ چاغدا شەھەرگە مېنى ئاكام، يەڭگەم يوقلاپ چىققانىدى. يەڭگەمنىڭ دېيىشىچە، مېنىڭ تويۇمنى قىلغۇدەك. «مېنى كىمگە ياتلىق قىلىسىلەر»



دېسەم، «شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ھەربىي رايون كوماندىسىدا ۋالىبول ئويناپ پۈتۈن شىنجاڭدا نامى پۇر كەتكەن سۇلايمان تۇردى دېگەن چىرايلىق توپچىغا تېگىسىز، ئۇ كىشى ۋالىي مامۇت نىيازنىڭ يېقىن ئاغىنىسىكەن، ۋالىي ئۆزى ئەلچى بولۇپ باردى. ئاكىڭىز بىلەن بىز ئۆمرىمىزدە ۋالىي كۆرۈپ باقمىغان، بىزنىڭ سىرغىزغىمۇ ۋالىي بىرىپ باقمىغان. بىز قورقىنىمىزدىن ھوشىمىزدىن كەتكىلى تاس قالدۇق. ۋالىي بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولۇۋىدى، پۈتۈن يۇرت تەۋرەپ كەتتى. يۇرت مەھەللىدىكىلەر، نۇرىمانخاننى ۋالىينىڭ يېقىن ئاغىنىسىگە ئېلىپ بەرمەكچىكەن، ۋالىي ئۆزى ئەلچى بولۇپ كەپتۇ، دەپ پۇر كەتتى. يۇرتتا ئىناۋىتىمىز، يۈز - ئابرۇيىمىز بىراقلا كۆتۈرۈلدى. ۋالىي بىلەن ئاكىڭىز پۈتۈشتى، ئىككى كۈن ئىچىدە تويىڭىزنى قىلىمىز» دېدى.

رىسقى غايىب، نىكاھ غايىب دېگەن شۇ - دە! دادامنىڭ ئورنىدا مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاكامغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. بۇ سۇلايمان دېگەن يامان توپچىكەن، ئاخىرى مەن بىلەن تويىمۇ قىلدى. مانا ئەمدى قورساقتا بىردەممۇ جىم تۇرمايدىغان توپقا ئوخشاش بالىغا دادا بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. يا بۇمۇ دادىسىدەك توپچى بولامدىغاندۇ. يائاللا، خۇدا ساقلىسۇن. دادىسىدەك توپ دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئەخمەق بولۇپ قالمىسۇن. ھەرگىز داداڭدەك توپ قوغلاپ يۈرىدىغان ئەخمەق ئادەم بولماي، پىكاپتا ئولتۇرىدىغان چوڭ سۈپەت ۋالىي بولارسەن، خۇدايىم.

نۇرىمانخان ئېغىر پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، سىڭىشىپ سۈيى تارتىلىپ كەتكەن كۆل بويىغا كەلدى. سۇ كۆلنىڭ چوڭقۇرىدىكى ئەڭ ئويمان بىر يەرگە يىغىلىپ قالغان بولۇپ، كۆل گەردىشى قۇرۇپ قېلىپ ئاق سېغىزلار چاك - چاك يېرىلغانىدى. گەردىشتە ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ يىگىلەپ قالغان، شۇ ئازغىنە سۇ بويىغا ئۇسساپ تىللىرى چاكىلداپ قالغان ئاق قۇشقاچ، كەپتەر، قارا قۇشقاچلار ئولىشىپ سۇ ئىچىشمەكتە ئىدى. نۇرىمانخان چېلەكنى ئارغامچىغا باغلاپ سۇغا تاشلىدى. چېلەك سۇغا تاشلىنىش بىلەن جان - جانىۋارلار قاتتىق ئۈركۈپ كۆلدىن ئۇچۇپ كەتتى. چېلەك سۇغا چۆكتى. «باياتىن بېرى پالاقلاپ توپ ئوينايدۇ. تاماقتا تۇتۇش قىلاي دېگەندە ئەمدى گۆشكە ماڭىدۇ. ئېغىرلىشىپ كەتكىنىمنى كۆرگەندىكىن

سۈنى ئەكىرىپ بەرمىسىمۇ كۆلدىن ئېلىپ بەرسە بولماسمىدى، ئەر خەق دېگەن ئەجەب رەھىمسىز، بىغەم بولىدىكەن».

نۇرىمانخان ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە چېلەكنى تارتىپ يۇقىرىغا چىقاردى. چېلەكنىڭ بىغى قول يەتكۈدەك يەرگە كەلگەندە ئاستا ئېڭىشىپ قولىنى سوزۇشىغا، ئىچىدە بىرنەرسە ئۈزۈلگەندەك بولۇپ بالا قاتتىق سەكرەپ، تاپىنىدىن بىر ئاغرىق كىرىپ مېڭىسىگە ئۇرۇلدى. پۇت - قوللىرى بوشاپ چېلەك قولىدىن چىقىپ كۆلگە «پولتۇڭ» ئىدە چۈشۈپ كەتتى. نۇرىمانخان مادارسىزلىنىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى... قوشنىسى گۈلنىيازخان نۇرىمانخاننى يۆلەشتۈرۈپ يۇدۇپ دوختۇرخانىنىڭ جىددىي بۆلۈمىگە ئاپاردى. دوختۇرلار تەكشۈرۈپ «بالا ھەمرىيى بالىنىڭ بېشىغا كىيىلىپ قاپتۇ. بالا ساق - سالامەت، ئەمما ھەرىكەت قىلسا خەتەرلىك» دەپ ھۆكۈم چىقاردى. نۇرىمانخان ياتاقتا ياتقان كۈننىڭ ئەتىسى سۇلايمان تۇردى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە خوتەن تەنتەربىيە ئۆمىكىنى باشلاپ ماڭىدىغان كۈنى ئىدى. ئەگەر ئۇ بارمىسا كوماندىنىڭ ئۇتۇپ چىقالىشىغا كۆزى يەتمەيتتى، باراي دېسە ئايالى خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانىدى، ئۇ ساق - سالامەت يەڭگىيەلەمدۇ، يوق، بالا ساق قالامدۇ، بۇلارغا بىرنەرسە دېيىش تەس ئىدى. ئۇ ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويانتى: «زادى بالا مۇھىممۇ، مۇسابىقە؟» سۇلايمان ئاخىر ئامراق ئايالى بىلەن بالىسىدىن ئەنسىرەپ رۇخسەت سورىدى. تەنتەربىيە كومىتېتى تەڭقىسلىقتا قېلىپ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەي، ئاخىر خوتەن ۋالىيسى سىلىمخان تالىپقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

- خوتەننىڭ شان - شەرىپىنى سۇلايمان بولمىسا قانداق ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. سۇلايمان بار، خوتەن ئۇتىدۇ، سۇلايمان بولمىسا خوتەن تەنتەربىيىدە يوق دېگەن گەپ. سۇلايمان ئايالى بىلەن تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسىنى ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن خوتەن خەلقىگە ئامانەت قىلىپ ماڭسۇن. خوتەن تەنتەربىيىدە شان - شەرەپ ئېلىپ كەلگەندە سۇلايمان ئايالى بىلەن ئوغلىنى مۇكاپات سۈپىتىدە ساق - سالامەت تاپشۇرۇۋالىدۇ،- دەپ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى. شۇنداق قىلىپ سۇلايمان نۇرىمانخانغا قان سىڭىۋاتقان ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىغا غەم - ئەندىشە ئىچىدە قاراپ - قاراپ، بىر كۆزى ئارقىسىدا قالغان ھالدا خوتەن تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرىنى باشلاپ ئاقسۇدىكى مۇسابىقىگە ماڭدى. مۇسابىقە ئۈچ ئايغا سوزۇلۇپ كەتتى.

ئون بەش كۈنگىچە نۇرىمانخانغا ئارىلاپ قان سېلىپ تۇردى. بۇ چارە ئاخىر ئەپلەشمىدى. ئون بەش كۈن بولغاندا قان ئۇلگۇرمەي، بىر تەرەپتىن سېلىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن چىقىپ كېتىپ نۇرىمانخان قانسىراپ ئاجىزلاپ كەتتى. سىلىمخان تالىپ دوختۇرلارغا قولىنى شىلتىپ دوختۇرخانىنى بېشىغا كىيدى:

- سۇلايماننىڭ خوتۇنىنىمۇ، بالىنىمۇ قۇتقۇزمايدىغان بولساڭ، سەندەك دوختۇرلارنى خوتەننىڭ دەشتىدە ھاشارغا سېلىپ جېنىڭنى ئالىمەن. ئانىنىمۇ، بالىنىمۇ قولۇمغا ساق - سالامەت تاپشۇرىسەن!- دەپ بۇيرۇق قىلدى.

دوختۇرلار ئاخىر ئانىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ھەمرىيىنى بېشىغا كىيىۋېلىپ توختىماي تېپچەكلەپ ئانىسىغا ئارام بەرمىگەن ئادىلجاننى ساق - سالامەت يورۇق دۇنياغا چىقاردى. بالا ئالتە يېرىم جىڭ بولۇپ ناھايىتى تېمەن، ساغلام كۆرۈنەتتى. ئەمما ئانا بەك ھالىدىن كەتكەنىدى. سىلىمخان چىرا، كىرىيە تەرەپلەردىن شېكەر، تۇخۇم، سۈت كەلتۈرگۈزۈپ، بارلىق ئاماللار بىلەن ئانىنىمۇ، بالىنىمۇ تېزلا خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن كۆلۈمسىرىدى. دوختۇرلارنى تەقدىرلەپ، مېھمان قىلدى. ئامانەتنىڭ خەۋىرىنى ئاقسۇدىكى سۇلايمان تۇردىغا يەتكۈزدى: «ئەگەر خوتەنگە شان - شەرەپ ئېلىپ كەلمەيدىغان بولساڭ، خوتۇن - بالاڭنى كۆرسەتمەيمەن» دەپ ۋارقىرىدى.

سۇلايمان تۇردى خۇشاللىقتىن ئۇستىدىن تام ئۆرۈلگەندەك سەكرەپ كەتتى.

- ئۆزلىرى خوتۇن كىشى تۇرۇپ دېگەنلىرىنى قىلدىلا. مەن ئەر كىشى ئەلۋەتتە دېگىنىمنى قىلىمەن. خوتەننىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن جېنىم پىدا.

- سەندەك ئەركەكتىن ئوننى بىر قېتىپ سوقسا ئاندىن سىلىمخان تالىپ پۈتەمدۇ،

پۈتمەمدۇ، بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما سەن سۇلايمان مېنىڭ كۆڭلۈمدە سانايدىغان ئەرلەرنىڭ بىرى. ئوغلۇڭنى كۆرسەڭ مەندىن رازى بولىسەن. سېنىڭ تىرەڭنى كىيىپ چۈشۈپتۇ. ئەگەر ئۈتتۈرۈۋېتىپ ئالدىمغا كېلىدىغان بولساڭ، سەندەك سۇلايماننى. . . چوقۇم ئۇتۇڭلار. خوتەن خەلقى سىلەرنىڭ غەلىبەڭلەردىن خۇشاللىق تاپسۇن. بىز سىلەرنىڭ غەلىبە خەۋىرىڭلارغا تەلمۈرىمىز. مەن سىلەرنى مۇكاپات سەھنىسىدە تۇرغۇزۇپ تەقدىرلىگۈم بار.

- خاتىرجەم بولسىلا ۋالىي خانىم. مەن سۇلايمان غەلىبە قىلالمىسام خوتەنگە ئالدىمنى قىلمايمەن.

***ئۇ، باللار ئۆزلىرى سايلىمىسمۇ تەبىئىي هالدا ئۇلارغا «باشلىق» بولۇپ قالدى. ئۇ ياخشى ئوقۇش ۋە چوڭ بولغاندا دادىسىنى ئۇتىۋالغۇدەك توپچى بولۇش ئۈچۈن كۆچىكنى گۇۋا ھ قىلىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن ۋەدىلەشتى.***

قۇياش نۇرى قىزىتقان يىپەكتەك يۇمشاق توپىدا ئالتە ياشقا كىرگەن بىر شوخ بالا ئۆزىدىن چوڭ، بويلۇق، ئۆزى بىلەن تەڭ ياشلىق بەش بالىنى بويسىرى قاتار تۇرغۇزۇپ ئۆزىگە ئەسكەر قىلىپ مەشىققە دەسسەتمەكتە. ئۇ ھەربىي مەشقاۋۇللاردەك قولىنى ھەريان شىلتىپ باللارغا قاتتىق ۋارقىراپ كوماندا بەرمەكتە. ئۇ قاياققا شىلتىسا باللار شۇ ياققا ماڭاتتى. تۇر دېسە قېتىپ تۇراتتى. پىژغىرىم ئىسسىقتا بۇ ئالتە بالا ئۆزلىرىچە ھەربىي مەشىق ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. ۋالىي مەھكىمە قورۇسىدىكى بىر - بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان قوشنا ئۆيلەردىكى تەڭ ياشلىق بۇ ئالتە بالا ھەر كۈنى قورۇ ئىچىدىكى كىچىك مەيدان، تار كوچا، بۇلۇڭلاردا مانا مۇشۇنداق ئۆزلىرى خالىغان ئويۇنلارنى تېپىپ ئويناپتتى. بۇ باللارنىڭ تۆتى خەنزۇ، ئىككىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن شوخ، كەپسىز، باللارغا ئۆزىچە ئويۇن ئۆگىتىپ، ئويۇنغا باشلاپ ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغىنى، ئۆي - ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ دوستلىرىنى ئويۇنغا چاقىرىدىغىنى ئادىلجان ئىدى. قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ئۆز ئۆيىگە كىرگەندەك كىرىپ، تارتىنماستىن ئۆزى خالىغان گەپنى قىلىپ، كىرىپ - چىقىپ خەنزۇچە تىلى، ئانا تىلى بىلەن ئوخشاش - تەڭ يېتىلىپ چىقتى. خەنزۇ قوشنىلارمۇ چوڭ ئادەمنى كېچىكلىتىپ قويغاندەك گەپ قىلىدىغان چېچەن ھەم چىرايلىق بۇ بالىغان ئامراق ئىدى. قايسى ئۆيگە كىرسە شۇ ئۆيدىكى چوڭلار بالىسى بىلەن ئوينىغىلى كىرگەن بۇ بالىنى گەپكە سېلىپ، ئۇنىڭ چېچەن، چاققان گەپلىرىدىن ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشۈپ كېتەتتى. مەھەللىدىكى ئادىلجاندىن چوڭ باللارمۇ ئوينىغانچە ئويۇن ئويناۋېتىپ ئۆزى سەزمەستىن ئادىلجاننىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى. ئادىلجان ھەر كۈنى بىر ئويۇن ئىجاد قىلىپ باللارنى شۇ ئويۇننى ئويناشقا تەشكىللەيتتى. باللار يېڭى ئويۇنغا قىزىقىپ، ئادىلجان نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلىدىغان، نەدە تۇر دېسە شۇ يەردە تۇرىدىغان بولاتتى. بىر كۈنى قاتار قىلىپ خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ ۋارقىراپ مارشقا دەسسەتسە، يەنە بىر كۈنى ئالتە بالىنى ئىككىگە بۆلۈپ «ھەربىي - دۈشمەن» قىلىپ كوچىمۇ كوچا قوغلاشماق قىلىپ چالما سوقۇشقا سالاتتى. يەنە بىر كۈنى باللارنى توپىغا يۇكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى كالتە تامنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋېلىپ قولىنى شىلتىپ كىنودا چىققان ھەربىي باشلىقلارنى دوراپ سۆزلەيتتى. بىردەم ئارتىسنى دوراپ ناخشا ئېيتاتتى. قايسى بالا ئاغزىغا قارىمىسا، قالغانلارنى ئۇنى جازالاشقا بۇيرۇيتتى. باللار ئۆزى سايلىمىغان بۇ باشلىقنىڭ بەك ۋارقىرىشى بىلەن بىكار تۇرماي يېڭىدىن كەشىپ قىلىدىغان يېڭى ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقىدا ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا تەبىئىي بويسۇناتتى. بىر كۈنلىرى باللارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ گەپ ئۇقىدىغان ئوماق بىر كۈچۈكنى يېتىلەپ چىقىپ بىردەم باللارنى قورقۇتۇپ قوغلىغۇزۇپ جىنىنى ئالسا، بىردەم كۈچۈكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باللارنىڭ قوچىقىغا سىلىپ بىرىپ يۈز - كۆزلىرىنى يالىتىپ دوستلاشتۇرۇپ، باللارنى كۈلدۈرۈپ كۆڭلىنى ئاچاتتى. گىپىنى ئاڭلىمىغان بالىغا كۈچۈكنى قاۋاتسا، قورقۇپ كەتكەن بالا ئادىلجانغا يالۋۇرۇپ كىتەتتى. يەنە بىر كۈنلەردە سۇلايمان تۇردى كىرىيە تەرەپتىن ئادەمنى كۆرسە ئېتىلىپ قوغلايدىغان بىر قىزىل خوراز ئەكىلىپ بەردى. ئادىلجان دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، خورازنى قولتۇقلاپ قورۇدا ئۆزىدىن چوڭ باللارنى خورىزىغا قوغلىتىپ كۈلكە چىقىرىپ بەردى. ئۇ ھويلىسىدا كۈچۈك، خوراز، كەپتەر، قۇشقاچ دىگەنلەرنى بىقىپ، دوستلىرى يوق چاغدا كۈچۈك، خوراز، كەپتەرنى باشقۇرۇپ، سەن ئاۋۇنى ئەكەل، سەن مايانقا تۇر دەپ توختىماي گەپ ئۆگىتىپ ئىشقا بۇيرۇيتتى. بىر نەرسىلەرنى يىراققا تاشلاپ كۈچۈكنى ئەكىلىشكە بۇيرۇپ ئۆزى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى. بىر كۈنى سۇلايمان تۇردى ئەتىگەندە ئالدىراپ مېڭىۋىدى، ئادىلجان ئالدىنى توسۇۋالدى.

- نەگە بارىسىز؟

- مەيدانغا.

- مەنمۇ سىز بىلەن مەيدانغا بىرىپ توپ ئوينايمەن.

- سىزنىڭ ئاداشلىرىڭىز بار.

- ئاداشلىرىم بىلەن ئويناپ زىرىكتىم.

- خوراز، كەپتەر، قۇشقاچ، كۈچىكىڭىز بار، شۇلار بىلەن ئويناڭ. سىز تېخى كىچىك، چوڭ ئادەم بىلەن ئوينىسىڭىز بولمايدۇ.

- مەن ئەمدى چوڭ بوپ بولدۇم. سىز بىلەن توپ ئوينايمەن. سىز دائىم خەق بىلەن ئوينايدىكەنسىز، مەن بىلەن ئوينىمامسىز؟ مەن سىزنى يېڭىۋىتىمەن. ئۇتۇۋالىمەن.

- سىز تېخى مەندەك چوڭ بولمىدىڭىز، مەندەك بولغاندا ئاندىن ئىككىمىز بىللە ئوينايلى.

- ياق. مەن ئەمدى سىز بىلەن ئوينايمەن، ھەر كۈنى كىچىك باللار بىلەن ئوينىغاچقا چوڭ بولالمايۋاتىمەن. سىزدەك چوڭ ئادەملەر بىلەن ئوينىسام بۇ چاغقا سىزدەك بوپ بولاتتىم. سىز بىلەن ئوينىسام ئاندىن سىزدەك چوڭ بولىمەن.

ئادىلجان شۇ گەپنى قىلىپلا دادىسىغا بىر چاپلاشقانچە ئاجرىغىلى ئۇنىمىدى. يالۋۇرۇپمۇ، قورقۇتۇپمۇ، گۆللەپمۇ بالىنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان سۇلايمان تۇردى ئاخىر ئۇنى توپ مەيدانىغا بىرگە ئېلىپ باردى. جىددىي مەشىق بولىۋاتقان ۋاسكىتبول مەيدانىدا ئادىلجان چوڭلار ئارىسىدا ۋاسكىتبول قاياققا ئۇچسا شۇ ياققا يۈگۈرۈپ مەيداننى قالايمىقانلاشتۇرۇپ توپ قوغلاشقا باشلىدى. ئۇنى دادىسىمۇ، باشقىلارمۇ ئالداپ ئالدىغا بىرمۇنچە توپلارنى دۆۋىلەپ بىرىۋىدى، ئۇ توپلارنى ئۇيان - بۇيانغا چۆرۈپ تاشلاپ يەنە رەسمىي مەشىق مەيدانىدىكى جىددىي مۇسابىقە ئارىسىغا كىرىۋالدى. ئاخىر بولالماي بىرقانچە كوماندا ئەزالىرى ئادىلجان بىلەن رەسمىي مۇسابىقە شەكلىدە يۈگۈرۈپ، پاس بىرىشىپ گارغا توپ ئېتىپ ئوينىشىپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئادىلجان توپ مەيدانىدا دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن توپ قوغلاپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ باللار بىلەن ئوينايدىغان ئويۇنى ئازلاپ، توپ مەيدانىدا چوڭلار ئارىسىدا توپ ئوينايدىغان ۋاقتى ئۇزىراشقا باشلىدى. مەشىق مەيدانىدا، رەسمىي مۇسابىقە مەيدانىدا جىددىي توپ ئوينىلىۋاتقاندا، چوڭلار ئارىسىدا دەسسىلىپ - سوقۇلۇپ كىتىش خەۋپى ئىچىدە ئادىلجان چوڭلارغا ئەگىشىپ قالايمىقان يۈگۈرۈپ يۈرسە مۇسابىقە مەيدانىدىكىلەر ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئەنسىرىمەيدىغان، جىددىيلەشمەيدىغان، خۇدۇكسىرىمەيدىغان بولدى. تەنھەرىكەتچىلەر كۆنۈپ قالدى.

- مەنمۇ ئاداشلىرىم بىلەن ئوقۇيمەن.

بىر كۈنى ئادىلجان كەچتە ھەممە ئاداشلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دوستلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۆيىگە كىردى.

- بالام، سىز ئەمدى ئالتە ياشقا كىردىڭىز. ئۈيغۇرچىدا تەييارلىق سىنىپ يوق. ئاداشلىرىڭىز خەنزۇچە مەكتەپتە تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇيدۇ. سىز كېلەر يىلى خۇدا خالىسا ئۇيغۇرچە مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيسىز.

- ياق، مەن ئاداشلىرىمدىن ئايرىلمايمەن. ئاداشلىرىم قايسى مەكتەپتە، قايسى سىنىپتا ئوقۇسا مەنمۇ شۇ سىنىپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن.

بالىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان

سۇلايمان تۇردى بىلەن نۇرىمانخان خەنزۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئادىلجاننىڭ ئەھۋالىنى دەپ مەسلىھەت سورىدى. قوشنىسى ئۇلارنى خەنزۇچە مەكتەپكە باشلاپ بېرىپ سۆزلىشىپ ئۆزىنىڭ بالىسى ئوقۇشقا كىرگەن تەييارلىق سىنىپقا ئادىلجاننى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. ئادىلجاننىڭ خەنزۇ تىلىنى خەنزۇ بالىلار بىلەن ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى كۆرگەن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سىنىپ مۇدىرى ئادىلجاننى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئادىلجان مەھەللىدىكى تۆت دوستى بىلەن بىر سىنىپقا كىرگىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى. دوستلىرىمۇ خۇشال بولۇشتى. ئۇلار ھەر ئەتىگىنى بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ مەكتەپكە بىللە باراتتى، بىللە قايتاتتى، كەچتە يەنە يىغىلىپ بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى ياكى بىللە دەرس تەكرارلايتتى. بىللە ئوينايتتى. ئادىلجان يەنە دوستلىرىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە قوشۇپ، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەش، ئۆگىنىش قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. دوستلىرى ئۇنىڭ گېپىنى بەك ئالاتتى. ئارىدىن ھەپتە - ئون كۈن ئۆتتى، بىر كۈنى ئادىلجان ئەتىگەندە مەكتەپكە كېتىپ بىر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا يىغلاپ قايتىپ كەلدى. نۇرىمانخان قورقۇپ كەتتى.

- نېمە بولدىڭىز؟...

- مانا ماۋۇ قولۇمغا قارىڭە. قولۇمنى قانىتىۋەتتى. ئوقۇمايمەن، مەكتەپكە بارمايمەن.

ئادىلجاننىڭ چىمچىلاق قولىنىڭ تېرىسى ئازراق يىرتىلىپ ئالىقانلىرى قانغا بويىلىپ كەتكەندى. نۇرمان خانىم ئادىلجاننىڭ قولىدىكى قانلارنى تازىلاپ تاڭغاچ سورىدى:

- قولىڭىز قانداق بولۇپ يىرىلىپ كەتتى؟

- سىنىپتىكى بالىلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدىكەن. مەن دېگەندەك ئىش قىلمايدىكەن، دوستلىرىممۇ گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان بولىۋالدى. سىنىپتىكى بىر بالىنى بۇ يەرنى سۈپۈر دېسەم، سۈپۈرگىلى ئۇنىمىدى. سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئۇنى ئۇرسام قولۇمدىكى سۈپۈرگىنى تارتىۋالىمەن دەپ سۈپۈرگىگە ئېسىلدى. بەرمىسەم سۈپۈرگىنى تارتىپ، سۈپۈرگىنىڭ سىمى قولۇمنى يىرتىۋەتتى. ئالە، مانا دەپ سۈپۈرگە بىلەن ئۇ بالىنى ئۇرۇپ، بۇرنىنى قانىتىۋېتىپ قېچىپ كەلدىم تازا. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسا شۇ بالىلار بىلەن ئوقۇيتتۇم. گېپىمگە ماقۇل دېمىگەندىكىن ئۇ بالىلار بىلەن ئاداش بولمايمەن ھەم بىللە ئوقۇمايمەن.

نۇرىمانخانمۇ، سۇلايمان تۇردىمۇ جىق يالۋۇردى. مۇئەللىممۇ كېلىپ يالۋۇردى. ئادىلجان مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىدى. مەھەللىدىكى دوستلىرى يالۋۇرسىمۇ بارغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر بولماي نۇرمان خانىم ئۆزى مۇئەللىملىك قىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ، ئۆزىنىڭ بىرىنچى يىللىق سىنىپىغا ئەكىرىپ ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئادىلجان سىنىپقا كىرە - كىرمەيلا ئۆزى تېخى تونۇماي تۇرۇپ بالىلارنى باشقۇرغىلى تۇردى. سەن ئاۋۇ ئورۇندا ئولتۇر. سەن ماۋۇ بالا بىلەن ئولتۇر. تۆز ئولتۇرۇڭلار...

- ئانا... مۇئەللىم ئانا، بۇ دەرسنى ئۆتۈشىڭىز بولمىدى. دەرسنى مانداق تۇرۇپ ئۆتمەمسىز،- ئادىلجان يۈگۈرۈپ چىقىپ دوسكىدا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئانىسىنىڭ قولىدىكى كىتابقا ئېسىلدى. بالىلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

- دوسكىغا يازغان خەتلەرنى كىم ئوقۇيالايدۇ،- بالىلار جىممىدە ئولتۇرۇشتى.

- تۈنۈگۈن ئۆتكەن دەرسنى بىر كېچىدە ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ بالىلار يەنە كۆزىنى پاقىرىتىپ جىممىدە ئولتۇرۇشتى.

- خانىم ئانا، مەن ئوقۇپ باقاي.

- ئادىلجان سىز بىلمەيسىز، جىم ئولتۇرۇڭ.

- سىز بىلگەننى نېمىشقا مەن بىلمەيدىكەنمەن.

- بۇ دەرسنى ئۆتكەندە سىز يوقتىڭىز. سىز ئاۋۋال ھەرپلەرنى تونۇڭ، بۇ خەتلەرنى ئوقۇشقا تېخى ۋاقتىڭىز بار، جىم ئولتۇرۇڭ، ئىنتىزامنى بۇزماي. مەن سىزنى شۇك ئولتۇرۇڭ دەۋاتىمەن.

- ياق، مەن ئوقۇيمەن، بىلمىسەممۇ ئوقۇيمەن.

بالىلار يەنە پاراقلاپ كۈلۈشتى.

- ھە ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

ئادىلجان ئورنىدىن تۇرۇپ دوسكىدىكى

خەتكە، ئانىسىغا نۆۋەت بىلەن قاراپ:

— سىز خانىم بولغاندىكىن بىر ئوقۇپ بېرىسىز، ئاندىن مەن ئوقۇپ بېرىمەن. سىز خانىم تۇرۇپ ئوقۇپ بەرمىسىڭىز مەن قانداق ئوقۇپ بېرىمەن؟

بالىلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ سىنىپ تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. نۇرمان خانىم غەزەپتىن تىترەپ ئادىلجانغا جان ئاچچىقى بىلەن مىختەك قادالدى.

— ئوقۇمامسىز، سىز ئوقۇغاندىن كېيىن مەن ئوقۇيالماي قالسام ئاندىن ئالىيلىڭ.

ئادىلجان قارا كۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن ئانىسىغا تىكىپ تەپ تارتماستىن قاراپ تۇرىۋەردى. ئانا غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئاۋازى تىترىگەن ھالدا ئاران ئوقۇدى. نۇرمان خانىم خەتنى ئوقۇپ ئايىغى چۈشمەيلا ئادىلجان ئانىسىنى دوراپ يادقا ئوقۇپلا ئۇلگۇردى.

— قانداق، بىلەمدىكەنمەن. خانىم ئۆگەتسە بىردەمدە بىلىۋالىمەن. مېنى ياخشى دەڭ.

بالىلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. نۇرمان خانىم بالىلارنى دەرس تەكرارلاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئادىلجاننى يېتىلەپ يەنە بىر بىرىنچى يىللىقنى ئوقۇتۇۋاتقان دوستىنىڭ سىنىپىغا كىردى. دەرس ئۆتۈۋاتقان دوستى ئانا - بالا ئىككىيلەننى كۆرۈپلا كۈلۈپ تاشلىدى. چۈنكى ئادىلجان ھەييارلىق بىلەن كۈلگەن، نۇرمان خانىم بولسا كۆزلىرىدە ياش كىرىپ كەلگەنىدى.

— ئادىلجان سىزنىڭ سىنىپىڭىزدا ئوقۇسۇن، سىزدىن ھېيىقىپ جىم ئولتۇرار.

— ئانىڭىزنى بوزەك قىلغاندەك قىلالمايسىز، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايسىز - ھە ئادىلجان. شۇنداق-قۇ؟ ئاڭلىمىسىڭىز مەن ئانىڭىزدەك ياۋاش ئەمەس.

— مەن ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان، ئانام مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغىلى ئۇنىمىدى.

— بۇ خانىمىڭىزنى خاپا قىلىسىڭىز ماڭا ئوخشاش يۈز - خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. تازا ئەدىپىڭىزنى بېرىدۇ. جىم ئولتۇرۇپ ئوقۇڭ جۇمۇ. مېنى ئۇنداق تويغۇزماڭ.

— مەن سىزنىمۇ خاپا قىلمىغان، ئۆزىڭىز خاپا بولدىڭىز،— ئانا كۈلۈپ تاشلىدى. ئادىلجان سىنىپتا قالدى.

بىر ھەپتە ناھايىتى چىرايلىق ئۆتتى. ئادىلجان دەرسلەرنى ئوبدانلا ئوقۇپ، ھەرپلەرنى تونۇپ مۇئەللىمى بىلەنمۇ، بالىلار بىلەنمۇ چىقىشىپ قالدى. سۇلايمان تۇردى بىلەن نۇرمان خانىم ئەمدى ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا ئادىلجان يەنە ئوقۇمايمەن دەپ غەلۋە كۆتۈردى.

— مەن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇيمەن. ئۇيغۇرچە مەكتەپكە تويدۇم.

سۇلايمان تۇردى بىلەن نۇرمان خانىم خاتىرجەملىك بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەۋېتىپ ھويلىدا كۈچۈك بىلەن توپ قوغلىشىپ ئويناۋاتقان ئادىلجانغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. سۇلايمان تۇردىنىڭ سەپرايى تۇتۇپ:

— ما بالا ئادەمنى نىمانداق زاڭگىل قىلىپ



ئوينايدۇ.

– يا سىزدىن، يا مەندىن، ھېچكىمدىن ھېيىقمىسا، تەپ تارتىشنى بىلمىسە، چوڭ بولسا قانداقراق ئادەم بولار بۇ بالا. چوڭ بولغانچە خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ ئەقلىگە كېلەرمۇ يا...

– ئەمدى ئالتە ياشىنىڭ قارىسىنى ئالار - ئالماي غەلۋىسىنى كۆتۈرۈپ بولالمىساق ئەتە - ئۆگۈن قانداق قىلارمىز؟! ئەمدى ئۇنى تىزگىنلىمىسەك بولمىدى. بۇنداق ئەركە كېتىۋەرسە چوڭ بولسا بالا ئەمەس بېشىمىزغا بالا بولىدۇ.

– ئۆزىڭىز جاھاندا بىرلا بالىمىز دەپ ئەتىۋارلاپ بالىنى مۇشۇنداق كۆندۈرۈپ قويدىڭىز. بولمىسا كىچىكىدىنلا ئوبدان نوختىلاپ چوڭ قىلغان بولساق، خەقنىڭ بالىلىرىدەك ئاتا - ئانىسى گەپ قىلسا غىڭ قىلمايدىغان، تور دېگەن يەردە تۇرىدىغان، ماڭ دېگەن يېرىگە ماڭىدىغان ئادەم بولار ئىدى. مانا ئەمدى سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ گېپىمنى بىر پۇلغا ئالمىسا، مەكتەپتە مۇئەللىمنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىمىسا، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىمەن دەپ ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولسا، بالامنى باشقۇرۇپ بېرىڭ دەپ كىمنىڭ ئالدىغا بارىمىز؟!- نۇرىمانخان كۆز يېشىنى ئېتىكى بىلەن سۈرتۈپ يىغلىغىلى تۇردى.

– دوختۇر سىزنى يەنە تۇغسا بولمايدۇ، خەتەرلىك دېگەن تۇرسا. ئەمدى مۇشۇ بىرلا بالىمىزنى ئەركىن - ئازادە چوڭ بولسۇن دېدۇق. بالىنىڭ مۇشۇنداق ئۆزى خالىغىنى دەپ، خالىغىنى قىلىپ چوڭ بولغىنى ياخشى. بۇنىڭدىن كېيىن تور دېگەن يەردە ماڭ دېمىگىچە تۇرىدىغان، بىر كىم ماڭىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەرمىسە يولنى تاپالمايدىغان، خەقنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، كەم كېلىپ مېنى ئىشقا بۇيراركىن، ماڭا ئىش بېرەركىن دەيدىغان، بالىلار چوڭ بولسىمۇ مۇستەقىل چىقىش يولى تاپالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. مەن ئوغلۇمنى مۇشۇنداق قورقۇمسىز، ئۆزى خالىغىنى قورقماي دەيدىغان، قىلالايدىغان، چوڭغا كىچىكلىك قىلمايدىغان، كىچىككە چوڭلۇق قىلمايدىغان ھەممىگە باراۋەر، ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ گەپ قىلالايدىغان قىلىپ چوڭ قىلىمەن. ئۇنى قورقۇتۇپ ئەمەس، چىرايلىق گەپلەر بىلەن كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باقايلى. چىرايلىق دېسەك ئۇنى كۆندۈرگىلى بولار. سىزمۇ مائارىپچى، مەنمۇ مائارىپچى. دۇنيالىقتىكى بىرلا بالىمىزنى ئەلگە يارىغۇدەك ئادەم قىلىپ قاتارغا قوشالمىساق بولماس.

سۇلايمان تۇردى سۆزلىگەنچە ئىچلىپ بايىقى سەپرايى تارقاپ كەتتى. نۇرىمانخانمۇ كۆچۈك بىلەن توپ قوغلىشىپ خاتىرجەم ئويناۋاتقان ئادىلجانغا ئانىلىق مېھرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

– سىز ناھايىتى ئەقىللىق ياخشى بالا. كۆچۈككە، خورازغا، كەپتەرگە گەپ ئۆگىتەلەيسىز. شۇنداق ئىسىل ناخشا ئېيتالايسىز. مۇشۇنداق ياخشى بالا مەكتەپكە بارمىسا، ئوقۇمىسا كېيىن كۆچۈككە، خورازغا، كەپتەرگە گەپ ئۆگىتەلمەيدىغان، ناخشىمۇ ئېيتالمايدىغان توپمۇ ئويىنيالمايدىغان بولۇپ قالامدۇ؟

سۇلايمان تۇردى ئاستا سۆزلىدى.

– مەكتەپكە بارمىسام توپمۇ ئويىنيالمايدىغان بوپ قالامدىم؟

– ئەلۋەتتە. توپ ئوينايدىغان بالىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇمىسا ياخشى ئويىنيالمايدۇ. ئادەم كىچىك چېغىدا مەكتەپتە ئوقۇمىسا چوڭ بولغاندا ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ھەتتا گەپمۇ قىلالمايدۇ.

– راستمۇ ئاتا.

– راست. دادىڭىزمۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسا ھەرگىز ھازىرقىدەك توپنى ياخشى ئويىنيالمايتتى.

– ئەمىسە مەن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇي. بىراق، ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇمايمەن، خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇيمەن.

– ئالدىدا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇڭ دېسە جېدەل قىلىپ بارغىلى ئۇنىمىدىڭىز، ئەمدى يەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن دەيسىز. گېپىڭىزدە تۇرمايدىغان بولسىڭىز ھەرگىز مەندەك توپچى بولالمايسىز،- دېدى سۇلايمان تۇردى.

– ئەمىسە مەن گېپىمدە تۇراي. ئەمدى خەنزۇچە مەكتەپكە بەرسىڭىز ھەرگىز جېدەل قىلمايمەن. بالىلار بىلەن ئۇرۇشمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئۇنداق بولسا ۋەدىلىشەيلى!
— ماقۇل، ئەكىلىڭە قولىڭىزنى. ئانا سىزمۇ قولىڭىزنى ئەكىلىڭ. بىز قول باغلىشايلى. ئەمدى جېدەل قىلمايمەن.
— ئانىڭىز گۇۋاھچى بولسۇن، ئىككىمىز قول بېرىشەيلى.
— ياق، كۈچۈكۈم گۇۋاھچى بولسۇن.
ئاتا - بالا - ئانا ئۈز ئارا قول باغلاشتى. كۈچۈك تىللىرىنى چىقىرىپ ھاسىراپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ قاراپ تۇردى.
— بىز سۇلايمان تۇردى بىلەن نۇرمانخان سىز ئادىلجاننى خەنزۇچە مەكتەپكە بەرسەك قانداق ئوقۇيسىز ؟
— ھەممە ئويۇنچۇقنى ئويناپ، خانىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، جېدەل قىلماي ياخشى ئوقۇپ، چوڭ بولغاندا سۇلايمان دادامدەك بەك توپ ئويناىمەن. توپ ئويناشتا دادامنى ئۇتۇۋالىمەن.
— بۇنىڭغا كىم گۇۋاھ؟
— مېنىڭ كۈچۈكۈم، كەپتىرىم، خورىزىم گۇۋاھ، چېدىماسلىق قىلمايمەن.
— خوتەندە بىرنى بىر دەيتىمىز. گېپىمىز گەپ، ۋەدىمىز ۋەدە، جۇمۇڭ ئەمىسە، يانماڭ!
— ۋەدىمىز ۋەدە.
سۇلايمان تۇردى بىلەن نۇرمانخان ۋېي يىڭكى ئىسىملىك چامباشچىلىق تېرنېرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئادىلجاننىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىدى. ۋېي يىڭكى ئادىلجانغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ يەنە خەنزۇچە مەكتەپكە بېرىپ سۆزلىشىپ، ئادىلجاننى ئىككىنچى قېتىم خەنزۇچە مەكتەپكە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

**ئۇنىڭ بويى تەنتەربىيە مەكتىپىدىكىلەرنىڭ ئۆلچىمىگە يەتمىدى. ئۇ: «ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن سىلەر قوبۇل قىلغان ھەرقانداق ئىگىز ئوقۇغۇچىڭلاردىنمۇ كاتتا ۋاسكىتبولچى بولىمەن» دېدى.**

شۇنداق قىلىپ ئادىلجان خەنزۇچە مەكتەپكە قايتا كىرىپ ئوقۇشنى باشلىدى. بۇ چېچەن بالا ساۋاقداشلىرىغا تېزلا يېتىشىۋالدى. گېپىدە تۇردى. دەم ئېلىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ مۇئەللىم دەرستىن چۈشۈشكە ئىجازەت بەرگەن ھامان، سەكرەپ چىقىپ سىيرىلما تاختاقىنىڭ ۋاخىنىسىغا تۈنجى بولۇپ يامىشىپ بىرنى سىيرىلىپلا مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن ئېلەنگۈچنىڭ ئارغامچىسىنىمۇ بىرىنچى بولۇپ ئىگىلەپ، بىرقانچىنى ئۈچۈپ ئاندىن ياغاچ ئاتقا مىنىپ بىردەم ئىگىز - پەس تاراقلىتىپ، توپ مەيدانىغا بېرىپ، ئۆزىدىن يوغان باللار ئارىسىدا بىر توپ پادا ئارىسىدىكى شوخ ئوغلاقتەك سەكرەپ توپ ئېلىپ ئويناپ ئۈلگۈردى. بەش مىنۇتلۇق دەم ئېلىشتا ئۇ ئامال بار ھەممە ئويۇنچۇقنى قانغۇچە ئويناپ، بولۇشىغا سەكرەپ، سىنىپقا كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنغان ھامان قارا تەرگە چۈمۈپ، يەنە ئالدىنقى رەتتىكى سىنىپ بويىچە بويى ھەممىدىن كىچىك بالا ئولتۇرىدىغان ئالدىنقى رەتتىكى ئورۇندۇقتا ھەممە باللاردىن بۇرۇن ئولتۇرۇپ، ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ كىتاب - دەپتەرلىرىنى بالدۇرلا ئېلىپ، ئالدىنقى سائەتتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى بىر قاراپلا ئېسىگە ئېلىۋېلىپ ئولتۇراتتى. مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ ئالدىنقى سائەتلىك دەرسنى كىم دەپ بېرەلەيدۇ دەپ بولغۇچە، مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن ھەممىدىن بالدۇر قول كۆتۈرۈپ بولىدۇ. سورىسا خەنزۇچە چاقماقتەك يادلايدۇ. دوسكىغا چىقىرىلسا خەتلەرنى سەرەڭگە قېپى تىزغاندەك ھەمساتتا يېزىپ بولىدۇ. ئادىلجان دەرستە تېزلا سىنىپ ئەلاچىلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. مۇئەللىم ئۇنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىدا ئادەتتىن تاشقىرى تېز ئىنكاس، ھازىر جاۋاب، چېچەنلىكتىن باشقا، باللارنى، ئۆزىدىن چوڭلارنىمۇ ئويان - بۇيان ئىشقا بۇيرۇپ، دەل، توغرا ئىشلارنى قىلدۇرالايدىغان، باللارنى سىنىپقا تەشكىللىيەلەيدىغان يېتەكچى تەبىئىي ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. سىنىپ باشلىقى ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارغا ئادىلجان قارشى چىقىپ، ئادىلجان ئۆزى بىر ئىشلارنى

ئورۇنلاشتۇراتتى. ئادىلجاننىڭ ئىشلىرى، پىكرى ئورۇنلۇق بولغاچقا، بالىلار دەرھال ئادىلجاننىڭ پىكرىنى قوۋۋەتلەپ، دېگىنىنى قىلىدىغان بولدى. بارا - بارا سىنىپ باشلىقى سىنىپتا لەيلەپ رولىنى جارى قىلدۇرالماي، ئۇنىڭ رولى ئادىلجانغا تەبىئىي ئۆتۈپ، ئادىلجان سايلانمىغان تەبىئىي سىنىپ باشلىقى بولۇپ قالدى. دەم ئېلىشتا بالىلارنى تەبىئىي ئويۇنغا تەشكىللەپ ئۆزى يېتەكچىلىك قىلسا، سىنىپتا بالىلارنىڭ ئىنتىزامىنى، پائالىيىتىنى باشقۇراتتى. بالىلار جېدەللىشىپ قالسا ئىختىيارسىز ئادىلجانغا ئەرز قىلىشىپ كېلىدىغان، ئادىلجان جېدەلنى لىللا ئايرىيدىغان تەبىئىي سوتچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۆزىدىن يوغان بالىلار ياقا سىقىشىۋاتقاندا، ئۇ ئوتتۇرىدا توپتەك سەكرەپ چىقىپ، ئامبۇردەك كۈچلۈك قوللىرى بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ئاجرىتىپ ئۈلگۈردى. دەرستە ياخشى بولغاچقا ئۆگىنىش باشلىقىنىڭ رولىمۇ ئاجىزلاپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، يېتەكچىلىك قىلىشمۇ ئادىلجانغا ئۆتۈپ كەتتى. مۇئەللىم يوق چاغلاردا، مۇزاكىرىدە بالىلارغا ئادىلجان دەرس تەكرار قىلىپ بېرىدىغان، بالىلار ئادىلجاندىن سورايدىغان بولدى. ئۇ، سىنىپتا ھەممىدىن كىچىك، ئەمما ھەممە بالىلار مۇئەللىمدىن قالسىلا تەپ تارتىدىغان شەخس بولدى. بەزىدە چوڭ بالىلارنىڭ ئوغىسى قايناپ ئۇنىڭ گېپىنى ئىسلىك ئالماسلىقنى نىيەت قىلىپ گېپىنى بىر قىلىپ قارشى چىققتى، ئەمما چوغۇندەكتەك كېلىدىغان بۇ بالا ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي مايمۇندەك چاققان، ئىنكاسى تېز، ھازىر جاۋاب بولغاچ، تاقابىل تۇرالماي يەنە ئۇنىڭغا ئېگىلمەي ئامالى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئادىلجان ھەم سىنىپ باشلىقى، ھەم ئۆگىنىش باشلىقى بولۇپ سايلاندى. مۇئەللىم يوق چاغلاردىمۇ سىنىپ، مۇئەللىم بار چاغدىكىدەك بارلىق پائالىيەتلەر مۇنتىزىم، مەكتەپنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئالدىنقى قاتاردا ماڭىدىغان بولۇپ، مۇئەللىمنىڭ قولى بوشاپلا قالدى. سىنىپتىكى بالىلار خۇددى ئادىلجان ئۆگەتكەن كەپتەرلىرى، توخۇسى، كۈچۈكىدەك ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى، ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. ئادىلجان مەكتەپتىن كېلىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ، ئىت، كەپتەر، توخۇلىرى بىلەن بىردەم ئويناپ، ئانىسىغا بىرقانچە ناخشا ئېيتىپ بېرىپ، ئاندىن تەنتەربىيە مەيدانىغا بېرىپ مەشىق قىلىۋاتقان تەنھەركەتچىلەر ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ھېلى ۋاسكىتبول ئوينىسا، ھېلى ۋالىبول، ئاندىن پۇتبول ئويناپ توپنىڭ قايسى تۈرى بولسا شۇنى ئوينايتتى. تەنتەربىيە كومىتېتى قايسى تەنھەركەت تۈرىنى كوماندا قىلىپ تەشكىللىسە شۇنىڭغا ئەگىشىۋېلىپ توپ ئوينايدىغان بولدى. ھېچبىر كوماندا تەشكىللەنمىگەن بىرمۇ تۈر يوق چاغدا، ئۆزى يالغۇز ۋاسكىتبول مەيدانىدا يالغۇز ۋاسكىتبول ئويناپ، يالغۇز توپ قوغلاپ، ئانىسى كەچلىك تاماققا تولا چاقىرىپ ھارغاندا ئاندىن مەيداندىن چىقىپ تاماققا كېلىدۇ. ئانىسى تاماقنى قاچىغا ئۇسۇپ بولغىچە قاچىنى بىكارلاپ بولىدۇ.

— بالام، ئاشنى ھازىر ئۇسۇپ بېرىۋىدىم، تۆكۈۋەتتىڭىزمۇ يا. قاچا بىردەمدە قۇرۇق تۇرىدا. تاماق يېگىنىڭىزنى خەق كۆرمىسۇن ماقۇلما. كۆز تەگمىسۇن يەنە،— دەيدۇ.

— ئانا، تاماقنى توپ ئوينىغاندەك ۋالاق - ۋۇلۇق يېمىسەم تېتىمايدۇ ماڭا. ئېشىڭىز بولسا ئۇسسۇڭ، بولمىسا بولدى.

— بالام، ئازراق يەڭ، كەچ ياتا قورساققا بىر پاتمان يېگەن بىلەن ئەقلىڭىز كەملەپ كېتىدۇ. ھېلىمۇ كىچىككىنە تۇرۇپ دادىڭىزغا يېتىپ - قوپا تاماق يەۋاتىسىز، ئادەمنى قورقۇتماڭ.

— دادام دېگەن بالىلارنى ھەرىكەتكە سېلىپ قويۇپ قاراپ تۇرىدۇ. مەندەك جىق سەكرىسە يېگەن تامىقى بىردەمدە چۈشۈپ قالمامدۇ. . .

ئادىلجان ئانىسى بىلەن بىردەم چاقچاقلىشىپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ يېرىم كېچىگىچە رەسىم كىتاب كۆرۈپ، رەسىم سىزىپ ئۇخلايدۇ. ئەتىگىنى سەھەردە يەنە دادىسى بىلەن تەڭ تۇرۇپ مەكتەپكە ماڭغىچە تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن تەڭ مەشىق قىلىدۇ. مانا مۇشۇ تەرىقىدە ئاتا - ئانا نەزىرىدە تىنىم تاپماس، جىم تۇرماس بالا تۈيماستىن چوڭ بولۇپ كەتتى. كۈچۈك ئىت بولدى، كەپتەرلەر كۆپەيدى، توخۇلار ئۆلۈپ، يوقىلىپ يەنە چۈجىلەر پەيدا بولدى. ئادىلجاننىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپ چوڭ بالىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بالا ۋاقتىدىكى شوخلۇقى بارلىق

ھەرىكەتلىرى بىلەن دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ھېلىقى بالا ئىدى. خوتەن تەنتەربىيە كومىتېتى ۋالېبول كوماندىسى تەشكىللىسە ئادىلجان بۇ كوماندىغا كىرىۋالاتتى. ئۇ سانغا ئېلىنمىغان رەسمىي كوماندا ئەزاسى بولسىمۇ، كوماندىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە ئەزالارغا ئەگىشىۋېلىپ تولۇق قاتنىشىپ، قاتتىق مەشىققە ھەم تولۇق قاتناشتى. ۋالېبول كوماندىسى ۋەزىپىسىنى تاماملاپ تارقىغاندىن كېيىن، ۋاسكېتبول كوماندىسى تەشكىللىسە يەنە شۇ كوماندىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغان سانسىز سىرتىدىكى ئەزاسى بولۇپ كىرىۋېلىپ، بەزىدە رەسمىي ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئويناپ كەتتى. بۇ ئىشلار ئۆتۈپ پۇتبول كوماندىسى تەشكىللەنسە بۇ كوماندىنىڭمۇ ئىشتىن سىرتقى قىزغىن ئەزاسى بولدى. سۇلايمان تۇردى ئوغلىنىڭ توپقا بولغان بۇنداق ئۇتتەك مۇھەببىتىنىڭ ئۆزىدىن قانچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلدى.

1980 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن خوتەن دىيارىغا قەدەم قويدى. ئادىلجان خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەپ كەتتى.

— مەن ئىمتىھان بېرىمەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ تەنتەربىيە مەكتىپىدە ئوقۇيمەن ئانا. ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ، خۇدا بۇيرۇسا مەن چوقۇم ئۆتۈپ كېتىمەن.

— توپچى بولسىڭىز مۇشۇ خوتەندە مېنىڭ كۆزۈمدە يۈرۈپ توپ ئويناڭ، دۇنيادا بىرلا ئوغلۇم بار. ئوغلۇم ئۈرۈمچىدە، قارا كۆز ئوغلۇم ئۈرۈمچىدىن قاچان كېلەر دەپ يىغلاپ ئولتۇرمايمەن، سىزنى خوتەندىن ئون قەدەم يىراققا بارغۇزمايمەن. خۇدايىمدىن سىز بەرگەن بىرلا ئوغلۇمنى ھەرگىز مەندىن ئايرىپ ئۈرۈمچىگە ئەكەتمەك دەپ تىلەيمەن.

— نېمىشقا يەنە تۇغمىغان. مەندىن باشقا يەنە تۇغمىغاندىكىن، ماگىزىندىكى قونچاقنى ئەكېلىپ بالام دەڭ. مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ تەنتەربىيە مەكتىپىدە ئوقۇيمەن. ئوقۇمىسام ياخشى توپچى بولالمايمەن. سىز خۇدايىمدىن ئۈرۈمچىگە ئەكەتمەك دەپ تىلىسىڭىز، مەن خۇدايىمدىن ئۈرۈمچىگە بارايى دەپ تىلەيمەن.



ئادىلجان ئانىسى نۇرىمان خانىمنىڭ قارشى تۇرۇشى، دادىسى سۇلايماننىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن تەنتەربىيە ئىمتىھانىدا ھەممە تۈرلەردىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتتى، ئەپسۇسكى، بويى ئۆلچەمگە توشمىدى. ئۇنىڭ بويى بىر مېتىر سەكسەن سانتىمېتىر كېلىپ قالغان. مۇتەخەسسىسلەر ئادىلجاننىڭ يەنە بويى تارتىپ قېلىشىدىن ئۈمىد يوق دەپ ھۆكۈم چىقارغانىدى. ئادىلجان مۇتەخەسسىسلەرگە يەنە ئۆسىدىكەن دېگۈزەلمەي يالۋۇرۇپ كەتتى. ۋاسكېتبول تىرىنېرىغا

ياخشىچاق بولماقچى بولىۋىدى، تېرنەر شوخ بالىنىڭ چىچەنلىكى، ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولۇپ كۈلۈپ كەتتى. ئەمما باش چايقىدى. توپ ئويناش تېخنىكىسى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ئۆزى كۆرۈپ قوبۇل قىلغان ھەرقانداق بالىدىن ياخشى، ئەمما ئەڭ قاتتىق، ئۆتكىلى بولمايدىغان بوي ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىكىدىن ئىچىنى قاتتىق ئۇۋاپ كەتتى. بولۇپمۇ ئادىلجاننىڭ تېزلىكى ئۇنى ئادەتتىن تاشقىرى ھەيران قالدۇرغانىدى.

يېرىم كېچە ئادىلجان مەيداندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كۆككە قاراپ جىمجىت تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىش ئۈمىدى يوققا چىققانىدى. كۆزىدىن توختىماي قۇيۇلغان ياش قولىدىكى كونىراپ كەتكەن ۋاسكىتبولنى خېلىلا نەمدىگەنىدى.

— ئۇلۇغ ئاللا، ماڭىمۇ دادامغا ئوخشاش بوي بەرگەن بولساڭمىز، ئۆتۈپ كېتەركەنمەن. شۇنچە بويىنى بېرىپ يەنە بەش سانتىمېتىر قوشۇۋەتكەن بولساڭمىز مەن مۇرادىمغا يېتەتتىم. ئەمدى ئۆتەلمىسەم، توپچى بولالمىسام قانداق قىلارمەن؟ ئانامنىڭ تىلىگىنى ئورۇنلاپ ئانامنى خۇش قىلدىڭىز... مەن... مەن... توگىشىپ كېتىدىغان بولدۇم... ماڭا نىجاتلىق بەرگەيسىز. مېنىڭ بۇ دۇنيادا ۋاسكىتبول ئويناشتىن باشقا مۇھىم ئىشىممۇ يوق. مەن سىزدىن پەقەت توپ ئويناشنىلا تىلىدىم، باشقا ئوشۇق تەلىپىممۇ يوق. مەن كۆرمىگەن بىلەن سىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز ئاللا، مەن كېچە - كۈندۈز ئۇيقۇدىن ئويغانساملا توپ ئويناشنى ئويلايمەن، توپ ئوينايمەن. چۈش كۆرسەممۇ ۋاسكىتبول ئويناپ چۈشەيمەن. مېنىڭ سىزدىن توپ ئويناشتىن باشقا مۇھىم تىلىكىم يوق، مەن توپنى خوتەندىلا ئەمەس، سىز ياراتقان جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە ئوينىسام دەيمەن. ئاللا، ئانامنىمۇ مېنىڭ توپ ئوينىشىمغا ئۈرۈمچىگە، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق يەرلەرگە بېرىپ توپ ئوينىشىمغا قوشۇلدۇرۇپ بەرگەيسىز. ئوقۇغۇچى ئالغىلى كەلگەن مۇئەللىملەرگە مېنى ئالغۇزغايسىز. مەن خوتەندە قالمىغايمەن، كېپىمنى ئاڭلىغانسىز، قاراپ تۇرۇڭ ئاللا، مەن بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان ھەرقانداق ئېگىز باللاردىن توپنى ياخشى ئوينايمەن. ھەممىسىنى يېڭىۋالىمەن. مۇئەللىملەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بىلەن سىز ئىمتىھان ئالسىڭىز مەن چوقۇم ئۆتىمەن. قاراپ تۇرۇڭ ئاللا، مەن گارىغا ئون توپ ئېتىپ ھەممىنى تۆشۈككە كىرگۈزۈۋېتەي، ئەگەر كىرگۈزەلمىسەم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالاي بوپتۇ، مانا ئەمىسە باشلىدىم...

ئادىلجان سۆزلىگەنچە تۈن قاراڭغۇچىدا گارىنىڭ چەمبىرىكىنى قارالاپ يىراقتىن توپ ئېتىشقا باشلىدى. تۈن قاراڭغۇسىدا ئادىلجاننىڭ قارچۇغىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزى گارىنىڭ تورلۇق چەمبىرىكىنى كۈندۈزدىكىدەك كۆردى. توپ ئارقا - ئارقىدىن تۆشۈككە يۇقۇشماي كىرىپ كەتتى.

— هوي... هوي... مەن ئۆتتۇم. مەن ئۆتتۇم... ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم. ئادىلجان توپنى قۇچاقلاپ ۋارقىرىغانچە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. ئۆيدە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر بىلەن خوتەن تەنتەربىيە، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەربابلار مول نازۇ - نېمەتلەر بىلەن ئىچىشىپ كەيپ بولۇشۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. ۋارقىراپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئادىلجاننى كۆرۈپ سورۇن جىمجىت بولۇپ قېلىشتى. ھەممىنىڭ كۆزى ئادىلجانغا تىكىلدى. ئادىلجان قارا تەرگە چۆمگەن، ئۇستىۋېشى چىلىق - چىلىق تەردىن كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن، ئاغزى كۈلكىدىن يۇمۇلماي قالغان، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلماقتا ئىدى.

— مەن ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم... ئاڭلىدىڭلارمۇ، مەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتتىم... مەن قوبۇل قىلىندىم. سىلەر ئادەملەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بىلەن خۇدايىمنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتتىم. سىلەر مېنى پاكار دەپ قوبۇل قىلمىغان بىلەن خۇدايىم مېنى سەن پاكار بولغان بىلەن ھەرقانداق ئېگىز ۋاسكىتبولچىنى يېڭىۋېتىسەن، مەن سېنى ۋاسكىتبولچىلىققا قوبۇل قىلدىم، سەن ۋاسكىتبول ئوينىساڭ بولىدۇ. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇئەللىملەرگە مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى يەتكۈز، سېنى ئۆزلىرىنىڭ مەكتىپىگە قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىسۇن، سېنى ئالمىسا ئۇلارنى

خوتەندىن ماڭغۇزمايمەن، مېنىڭ دېگىنىمگە ئۇنىمىسا ئۇلارنىڭ تەنتەربىيە مەكتىپىنىمۇ قۇرغۇزمايمەن، دېدى. مېنى قوبۇل قىلىڭلار، بولمىسا خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغان بولىسىلەر. مېنى ئالمىساڭلار خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسىلەر. خۇدانىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىكىن سىلەرمۇ قوبۇل قىلىسىلەرغۇ ـ ھە، مەن ئۆتتۇم. . . مەن ئۆتتۇم. . .

ـ ئادىلجان، خۇدايىم سىزگە قاچان شۇنداق دېدى؟ قەيەردە؟

ـ ھازىرلا، ۋاسكىتبول مەيدانىدا.

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئادىلجان ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى.

ـ سىلەر مېنىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلىمىساڭلار، خۇدانىڭ بۇيرۇقىنىمۇ ئاڭلىمىساڭلار، ماڭا ئىشىنىڭلار. . . مەن سىلەر قوبۇل قىلغان ھەرقانداق ئېگىز ئوقۇغۇچىڭلاردىنمۇ كاتتا ۋاسكىتبولچى بولىمەن. . . مەن سەكرىسەم ئېگىزلەردىنمۇ ئېشىپ كېتىمەن.

ئادىلجان ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى. كۆز ياشلىرىنى سۈرتمەن دەپ قولىدىكى ۋاسكىتبول چۈشۈپ كېتىۋىدى، دەرھال ۋاسكىتبولنى قولىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ توپنى سۆيۈپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. پۈتۈن سورۇن ئىمتاسلىققا چۆمدى. قولىدا بىر رومكا ھاراقنى تۇتۇپ ئوغلىغا قاراپ جىممىدە ئولتۇرغان سۇلايمان تۇردىنىڭمۇ ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئوغلىغا بولغان ئاتىلىق مېھرى قوشۇلۇپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.

ـ سېنىڭ توپقا بولغان مۇھەببىتىڭنى ئوغلۇڭدىن كۆردۇق. سۇلايمان، قېنى خوشە.

ـ ۋاھ، توپقا كۆيۈپلا قالغانىكەنغۇ بۇ بالا. ھەممىمىز مۇشۇ كەسىپ بىلەن بولىمىز، كۈن بويى ئوينايمىز، ئوينىتىمىز، توپقا بولغان مۇھەببىتىمىز بۇ بالىنىڭكىدەك چوڭقۇر ئەمەسكەن جۇمۇ.

ـ سىلەر تۇگۇل، دادام ـ ئاناملارمۇ بىلمەيدۇ، مەن سىلەرنىڭ ئىمتىھانىڭلاردىن ئۆتىمەن دەپ ئۈچ ئاي بولدى، يېرىم كېچىدە دادام ـ ئانامغا تۇيدۇرماي كەچتە بالدۇر يېتىپ، كېچە سائەت بىردە مەيدانغا چىقىپ تاڭ ئاتقۇچە ۋاسكىتبول ئويناپ مەشىق قىلدىم. . .

سۇلايمان تۇردى ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. باشقىلار تېخىمۇ ھەيران بولدى.

ـ ئادىلجاننىڭ بەدەن سۈپىتى، تېزلىكى قاتارلىقلار ھەرقانداق جەھەتتىن بىز قوبۇل قىلغان ھەرقانداق بالىدىن ياخشى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى، بوي ئېگىزلىكى ۋاسكىتبولغا زادى يېقىن كەلمەيدۇ. باشقا تەرەپتىن ئانچە بولمىسىمۇ، بوي ئېگىزلىكى ئۆلچەمگە توشقان بولسا باشقا تەرىپىنى تەربىيىلەش جەريانىدا يېتىلدۈرۈۋالاتتۇق. بويىنى ھېچنەرسە قىلغىلى بولمايدۇ، ـ دېدى ۋاسكىتبول تېرنېرى خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

ـ يەنە ئەڭ مۇھىم بولغان بىر نەرسىنى دىمىدىڭىز مۇئەللىم، ـ دېدى ئادىلجان ئالدىراپ كېتىپ خەنزۇ تىلىدا چاقماقتەك سۆزلەپ:

ـ مېنىڭ ۋاسكىتبولغا بولغان مۇھەببىتىمنى ھېچقانداق ئوقۇغۇچىڭىزدا مېنىڭكىدەك تەربىيىلەپ يېتىلدۈرەلمەيسىز.

ـ مەنمۇ يەنە بىرنى تولۇقلاپ قوياي، مەن قوبۇل قىلغان ھېچقانداق ئوقۇغۇچۇمغا خەنزۇ تىلىنى سىزنىڭ سەۋىيىڭىزدە ئۆگىتەلمەيمەن. سىز بولغان بولسىڭىز ئوقۇغۇچىلىرىمغا دەرس مەيدانىدىكى تەرجىمانىم بولاتتىڭىز. خەنزۇ تىلىنى ئانا تىلىڭىزدىنمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، ـ دېدى تېرنېر ئادىلجان بىلەن ئۆز تىلىدا بىمالال سۆزلىشىپ. باياتىن بېرى ئۈندىمەي جىممىدە ئولتۇرغان پۇتبول تېرنېرى:

ـ كەل ئوغلۇم، ۋاسكىتبول مۇئەللىمى سېنى قوبۇل قىلالمايدۇ. مەن سېنى قوبۇل قىلىپ داڭلىق پۇتبول چولپىنى قىلىپ چىقاي. ۋاسكىتبولغا بويۇڭ توغرا كەلمىگەن بىلەن، بىر مېتىر سەكسەن سانتىلىق بوي پۇتبولغا تازا چۈشىدۇ، ـ دېدى خەنزۇ تىلىدا ئۈنلۈك ۋارقىراپ. ئادىلجان توپنى تاشلاپ ئېتىلىپ بېرىپ پۇتبول تېرنېرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى.

ـ كېلىڭ مۇئەللىم، سىز توڭگۇز گۆشى يەيدىغان بولسىڭىزمۇ مېنىڭ قەلبىمنى چۈشەنگىنىڭىز ئۈچۈن ئاشۇ ئاغزىڭىزغا سۆيۈپ قوياي، ـ خەنزۇ تىلىدا قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ پۇتبول تېرنېرى بىلەن بىر ھازا سۆزلىشىپ كەتتى.

- ئاڭلاپ قويۇڭ ۋاسكىتبول مۇئەللىمى، مەن توپ ئۈچۈن ھەممىنى بېرىشكە رازى، ئەمما ۋاسكىتبول دېسە جېنىمنى بېرىشكە رازى. مەن ئاۋۋال تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرەي، ئۇزۇنغا قالماي سىزنى «مېنىڭ ۋاسكىتبول كوماندامغا كەلسىڭىز» دەپ يالۋۇرغۇزمايدىغان بولسام، ئادىلجان دېگەن ئىسمىنى يۆتكىۋېتىمەن.

- ئۇنداق دېسىڭىز مەن يېڭىۋالىمەن جۇمۇ، - دېدى پۇتبول تىرېنېرى قۇچاقلاپ تۇرغان ئادىلجاننى قويۇۋېتىپ.

- ياق مۇئەللىم، مەن سىزنىڭ ئەڭ ياخشى پۇتبول چولپىنىڭىز بولۇپ سىزنى رازى قىلىمەن. سىزگە پەخىرلىك شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىمەن. ئەمما مەن راست گەپنى قىلدىم. مەن پۇتبولچى بولساممۇ ۋاسكىتبولغا بولغان مۇھەببىتىمنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن. مەن يەنە ۋاسكىتبول ئوينايمەن. راست گەپ قىلغىنىم ئۈچۈن كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. مېنىڭ بارلىق ئارزۇيۇم پۇتبول چولپىنى بولۇپ تۇرۇپ، ۋاسكىتبول ساھەسىدىكىلەرنى مېنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدۇرۇش. شۇ چاغدا مېنىڭ دەردىم چىقىدۇ. مەن مۇشۇ يەردە قەسەم قىلىمەن، ھەممىڭلار گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاخىر مەن ۋاسكىتبولچىلاردىن قىساسىمنى ئالىمەن. مۇشۇ ۋاسكىتبولغا پاكار كەلگەن بويۇم بىلەن بارلىق ئېگىز بويلۇق ۋاسكىتبولچىلارنى پۇشايمان قىلدۇرۇپ بويسۇندۇرىمەن. ئادىلجان قولىغا ۋاسكىتبولنى ئېلىپ يەرگە قاتتىق بىر ئۇرۇۋىدى، توپ قاڭقىپ تورۇسقا تەگدى. ئادىلجان توپنى دەرھال بىگىز بارمىقىدا ئۇزۇندىن ئۇزاق پىرقىراتتى.

- قاراڭلار، بۇ يەردىكى ۋاسكىتبول تىرېنېرىمۇ ھېچقايسىڭلار ۋاسكىتبولنى مەندەك ئۇزاق پىرقىرىتالمايسىلەر.

سورۇندىكىلەر تېخىمۇ ھەيران قالدى.

- تەڭداشسىز مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان تالانت، - دەۋەتتى ۋاسكىتبول تىرېنېرى خەنزۇ تىلىدا ۋارقىراپ تاشلاپ.

- قاراڭ مۇئەللىم، مەن سىزنى ھەرگىز نائۈمىد قويمايمەن.

ئادىلجان پۇتبول تىرېنېرىغا قاراپ توپنى يەرگە يەنە بىر ئۇرۇپ تورۇستىن يانغان توپنى بېشىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇسۇپ ئاندىن ئىككى پۇتىغا نۆۋەت بىلەن يۆتكەپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق بىردەم تىزىدا، بىردەم پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا ئويناتتى. سورۇندا ئولتۇرغانلار ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىۋەتتى.

- يارايسىز ئادىلجان.

- ھەي سۇلايمان، سەن خوتەن تەنتەربىيە كومىتېتىغا مۇدىر بولۇپ ھېچ ئىش قىلماي تەنتەربىيىنىڭ ھەممە تۈرىدە بالاڭنىلا تەربىيىلەپ خوتەننىڭ ھەممە تەنھەرىكەت ساھەسىنى ئوغلۇڭ بىلەن مونوپول قىلماقچى ئوخشىمامسەن.

- بۇ بالىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم باشقۇرمايدۇ. ئەمما بىز ھەرقانداق تۈردە كوماندا تەشكىللىسەك شۇنىڭغا ئەگىشىۋالىدۇ. سىلەر بالىلىرىڭلارغا نېمىشقا ئۆگىتەلمىدىڭلار. بالاڭلار قىزىقمىسا، خالىمىسا مەيدانغا باغلاپ قويۇپمۇ تۇرغۇزالمايسىلەر ھەرقاچان. مەنمۇ توپقا قىزىقمەن، ئەمما بۇ بالىدەك توپ دېسە تەلۋىلىك بىلەن ئۆزۈمنى ئاتقان ئەمەس. دادام مېنى يۇرتقا بەگ بولسا دەپ ئارزۇ قىلاتتى. مەن ئادىلجاننى دوختۇرلۇقتا ئوقۇتارمەن دېگەن. بۇنىڭ توپچى بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئۆزى دېگەندەك خۇدا بۇيرۇغان ئوخشايدۇ.

خۇدا ئاخىر ئانىنىڭ تىلىكىنى ئەمەس، بالىنىڭ تىلىكىنى قوبۇل كۆردى. ئادىلجان 1980 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ پۇتبول سىنىپىغا رەسمىي قوبۇل قىلىندى. ئانا ئادىلجاننىڭ ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن سىڭلىسى - ئامىنەنى باغرىغا بېسىپ ئادىلجان ئۈچۈن يىغلاپ قالدى. ئادىلجان كېتىپ ئۆي گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى. ئادىلجاننىڭ ئامراق ئىتى، كەپتەرلىرى، توخۇلىرى خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەندەك جىممىدە بولۇشۇپ قالدى. ئىت بىرقانچە كۈنگىچە ئاش - نان يېمەي شۈكلەپ ياتتى. سۇلايمان تۈردى ئوغلىنى ئۇزاتقاندا كۈلۈپ ئۇزاتقانىدى. جانىۋارلارغا قاراپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. مۇھەببەتنى، ياخشى كۆرۈشنى ئادەملەرلا ئەمەس، جان - جانىۋارلارمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىكەن. خوراز ھەپتىگىچە چىللىمىدى، كەپتەرلەر بۇرۇنقىدەك شوخ پەرۋاز قىلمىدى.

ئىت يۇگۇرۇشتىن قالدى، ئۇلار چوڭقۇر مۇھەببەت رىشتىگە باغلانغان روھتىن، تىنىمسىز بىر جەڭگىۋار روھتىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ راستتىنلا روھى چىقىپ كەتكەندەك ئىدى. ئىت ئالدى پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ تۇمشۇقىنى پۇتىنىڭ ئۇچىغا قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمىدە ياتتى. ئۇ ئۇخلىغاندەك سوزۇلۇپ ياتقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇخلىمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىن توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان ياش تۇمشۇقلىرىغا ساقىپ چۈشتى.

ـ ئاكامنىڭ ئامراق ئىتى ئاش يېگىن، مەن سېنى ئاكامدەك باقىمەن،ـ ئامىنە كىچىككىنە قوللىرىدا ئىتقا قاچىدىكى ئاشنى كۆرسىتىپ گەپ قىلدى. ئىت بىر كۆزىنى لاپ قىلىپ ئېچىپ، يوغان بىرنى ئەسنەپ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ جىمىدە ياتتى. تاڭ سۈزۈلمەستە قونداقتىن چۈشۈپ هويلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە قاقاقلاپ يۈرىدىغان توخۇلارمۇ چاشكا ۋاقتىغىچە قونداقتىن چۈشمەي تۈگۈلۈپ يېتىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە توختىماي گەپ قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم ئىسمىنى چاقىرىپ مۇڭدىشىدىغان دوستى ئادىلجاننىڭ ئۆزلىرىنى تاشلاپ قاياققا كەتكىنىنى بىلەلمەي، ئەمدى ئادىلجاندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغىنىنى بىلىپ چوڭقۇر ھەسرەت ـ نادامەتتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۈگۈلۈپ يېتىشقانىدى. كەپتەرلەر ئادىلجان ئۆگزىگە چىقسا قىن ـ قىنىغا پاتماي بۇقۇلدىشاتتى، ئادىلجاننىڭ ئاياغلىرىدا قۇيرۇق چۆرىگۈچتەك بۇقۇلداپ ئايلىنىپ بىر ـ بىرىنى ئۇركۇتۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ھەر خىل پوكۇس چىقىرىپ، «چاڭ ـ چاڭ» قانات قېقىپ موللاقلاپ ئۇچۇپ خۇشاللىقتىن يايراپ كېتەتتى. سۇلايمان تۇردى ئۆگزىگە چىقسا ئۇلارمۇ جىمىدە تۈگۈلۈپ كۆزىنى يۇمۇپ يېتىشتى. سۇلايمان تۇردىنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۆگزىدىن پەسكە چۈشتى.

ـ ئادىلجانغا بىزلا ئامراقمىكىن دېسەك، ئۆيدىكى ئىت ـ مۇشۇك، توخۇ ـ كەپتەرلەر بىزدىن بەك ئامراقكەن ئەمەسمۇ. خۇدايىم مېنىڭ بۇ ئوغلۇمغا جىمى جاھانغا يەتكۇدەك مۇھەببەت بىلەن توشقۇزۇپ ئاپىرىدە قىپتىكەن. ئۇن بالىنىڭ ئوتىنى سالغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئۆينىڭ ئامىتى ئادىلجاندىكەن. ئادىلجان كېتىپ ئۆيدە ئادەم قالمىغاندەك بوران ئۇچۇپ كەتتى. ۋاي خۇدايىم، مېنىڭمۇ ئۆيگە كىرەرگە رايىم يوق. بىر يەرلەرگە كەتكۇم كېلىپ تۇرىدۇ ـ يا،ـ دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ. نۇرىمانخان يەنە ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتى.

## *مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى*

ئادىلجان ئۇرۇمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ قاتار ياسالغان تۆمۈر بوتكىلىق ياتىقىغا ئورۇنلاشتى. كۈن بويى جۈت كەتمەيدىغان ئۇرۇمچىنىڭ سوغۇق چىراي، بۇلۇتلۇق، قۇياشسىز ئاسمىنى ئارىلاپ قار يېغىپ تۇرىدىغان سوغۇقتىن ئۇيۇپ كەتكەن، دەريا ئېقىنىدەك توختاۋسىز ئېقىپ تۇرىدىغان ماشىنىلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق ئىس نەپەسنى سىقاتتى. ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بىر ـ بىرىدىن ئالدىراش پەرۋاسىز ئادەملەر خوتەندىن چىقىپ باقمىغان قىزغىن، ئوچۇق چىراي ئادىلجانغا پەقەتلا كۈتمىگەن يات تۇيۇلدى. تويا ئۇچۇپ تۇرىدىغان خوتەننىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان ئىسسىق چىرايى تۇنجى قېتىم ئانىسىدەك مېھرىبان بىلىندى. قۇرغاق ئەمما بۇلۇتسىز ئاسمىنىنىڭ سۈزۈك ھەم ساپ ھاۋاسى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا قىزغىن، ئوچۇق يورۇق، ئەدەپلىك ئېگىلىپ سالام بېرىشىپ ئۆتۈشلىرى ھەممىسى ئالدىغا قاراپ ئۆز خىيالى بىلەن كېتىۋېرىدىغان ئۇرۇمچى شەھىرى بىلەن مۇتلەق ئوخشىمايتتى. ئۆيدىكى ئۆزى كۆنگەن پولۇ، لەڭمەن بولسىمۇ تەمى ئوخشىمايتتى. خوتەننىڭ هورى چىقىپ يېغى ئېقىپ تۇرغان گۆشگىردىسى، چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان تونۇر كاۋىپى، چۈچۈمەل قاداسى، قوقاستا پىشۇرىدىغان توخۇمى، تونۇردا پىشۇرغان سېرىق مايدەك كاۋىسى، سېۋەتلەردە دۆۋىلەپ قويغان شاپتۇلى ھېچ كۆرۈنمىدى. ئادىلجان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى

قۇرمۇ قۇر خەتلىرىنى يېزىپ، كۆز يېشى بىلەن رەڭلىرى تاراپ كەتكەن ئون ئۈچ بەتلىك خەنزۇچە خېتىدە يازدى. ئانىسى سۇلايمان تۇردى ئۇيغۇرچە ئوقۇپ بەرگەن خەتنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ ئاڭلىدى. ئادىلجان خېتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىنىڭ ھېچنەرسىسىگە كۆنەلمىدىم، ئەگەر توپ ئويناشنى دېمەيدىغان بولسام ھازىرلا ئۇچۇپ خوتەنگە كەتكۈم بار. خوتەننىڭ ھەممە نەرسىسىنى بەك سېغىندىم، بېرىپ توپىسىدا ئۇزۇندىن-ئۇزاق يۇمۇلىسام قانائتىم. ئىتىم، كەپتەرلىرىم، توخۇلىرىم بىر كۈنمۇ چۈشۈمدىن چىقمايدۇ. كۆزۈمنى يۇمسامىلا خوتەننى چۈشەيمەن، خوتەندىكى ئەڭ خوشۇم يوق نەرسىلەرمۇ چۈشۈمدە كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمىدى. پەقەت توپ ئوينىسامىلا، توپ قوغلاپ يۈرسەملا ئۆزۈمنىڭ قەيەردىلىكىمنى ئۇنتۇپ قالىمەن. خوتەندە، سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا تۇرغاندەك كۆڭلۈم توق تۇرىدۇ. بوش، بىكار بولسام، بولۇپمۇ تاماق ۋاقتىدا قولۇمغا قاچىنى ئالسامىلا ئانام ئەتكەن تاماقنىڭ مەن ئەڭ ئامراق پۇرىقى، ئەڭ تونۇش، ئەڭ تېتىشلىق تەمى يادىمغا كېلىپ كۆزۈمدىن ياش قۇيۇلۇپ كېتىدۇ. غۇلجىدىن كەلگەن، مەن بىلەن بىرگە پۇتبول تېپىدىغان شاۋكەت دېگەن بالا بىلەن دوست بولۇپ قالدۇق. ئۇ بالىمۇ ماڭا ئوخشاش خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپتىكەن. ئىككىمىز يالغۇزدەكلا بەك يېقىن دوست بولۇپ ئۆتۈۋاتىمىز. شاۋكەت بولمىغان بولسا مەن قانداقمۇ قىلاردىم. مەن ھازىر ئويلاۋاتىمەن، مېنى ئۈرۈمچىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقىنى توپقا، بولۇپمۇ ۋاسكېتبولغا بولغان مۇھەببەت. مەن پۇتبول ئويناۋاتساممۇ ئەس - يادىم ۋاسكېتبولدا، مەن كۈندۈزى پۈتۈن ئەس - يادىمنى يىغىپ پۇتبول ئويناپ مۇئەللىمنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشسەم، كېچىسى پۈتۈن ئالەم ئۇيقۇغا چۆمگەندە ياتاقتىن ئوغرىلىقچە چىقىپ تاڭ ئاتقىچە تۈن قاراڭغۇسىدا ۋاسكېتبول ئويناۋاتىمەن. توپنىڭ توختىماي گۈپۈلدىشىدىن ئۇيقۇسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىم دەسلەپ بىزنى ئۇخلىغىلى قويمىدىڭىز دەپ چىرايلىق دېگەنىدى، كېيىن مېنى تىللاپ سوقۇشۇپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن يېرىم كېچىدە ۋاسكېتبولنى ئېلىپ ئوغرىلىقچە چىقىپ ياتاقتىن يىراق، ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان يەرگە كېتىپ ۋاسكېتبول مەشىق قىلىپ ئويناۋاتىمەن. كېچىسى بەش قولنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇدا مەن توپنىڭ يېنىك شامىلىدىن، شەپىسىدىن توپنى تۇتۇۋالالايمەن. بەش قولۇمنى كۆرەلمىگەن ئەھۋالدىمۇ مەن گارنىڭ چەمبىرىنى كۆرەلەيمەن. ئاتقان توپۇم چەمبەر گىرۋىكىگە يۇقۇشماي تۆشۈككە كىرىدۇ. مەن كۆزۈم كۆرمەي تۇرۇپمۇ كۆڭۈل كۆزۈم توپنىڭ چەمبەرگە كىرگەن - كىرمىگىنىنى ئېنىق مۆلچەرلەپ كۆرەلەيدۇ. بۇنداق دېسەم



سىز دادام، ئانىلار ئىشەنمەيسىزلەر. خۇدا ماڭا قاراڭغۇدا ھېچنەرسىنى بەش بارمىقىمنى كۆرەلمىسەممۇ، توپنىڭ چەمبەرگە كىرگىنىنى كۆرەلەيدىغان كۆزنى قوشۇپ بەرگەن.

سىلەر بىلمەيسىلەر، مەن كىچىكىمدىنلا كۇچۇكۇم بىلەن بەسلىشىپ يۈگۈرۈشۈپ ئاخىر يۈگۈرۈشتە كۇچۇك ماڭا يېتىشەلمەيدىغان بولغان. ھازىر ئىت قېچىپ ئىككى يۈز مېتىرغا كېتىپ بولغاندا مەن ئىتنى قوغلاپ تۇتىۋالىمەن. پۇتبول مەيدانىدا ساۋاقداشلىرىم ماڭا يېتىشەلمەيدۇ. ئۇلار قاچسا مەن تۆت تاقلاپلا يېتىشىۋالىمەن. مەن توپ ئېلىپ قاچسامۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ يۈرىكى جىغىلدايدۇ. دادا، ئانا، مەن توپ بىلەن بولساملا خوتەننى، سىلەرنى ئۇنتۇيالايمەن. بولمىسا ئۆزۈمنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرغىنىم ئېسىمگە كەلسىلا يىغا تۇتىدۇ. پەقەت، پەقەتلا كۆنەلمىدىم. مەن ھازىر كۈندۈزلۈك ئۇخلاش، دەم ئېلىش ۋاقتىمدا ۋاسكىتبولنى چاتراقتىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ قېچىشنى، ناھايىتى تېز قېچىشنى مەشىق قىلىشنى باشلىدىم. ۋاسكىتبولنى چاتراقلاپ ئەپقېچىشنى قانچە تېز ئۆگەنسەم، بۇنىڭ پۇتبولغىمۇ پايدىسى باركەن. مەن توپنى چاتراقلاپ ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ قېچىشنى خەقلەرنىڭ كۆزى كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمىگۈدەك، توپ چاترىقىمدىن ئۆتۈپ قولۇمغا ئۆتتىمۇ ياكى چاترىقىمدىن ئۆتمەي يەرگە پوكۇلداپ تېگىپ مېڭىۋاتامدۇ، خەقنىڭ كۆزى ئىلغا قىلالمىغىدەك بولغاندا مەن ئۆزۈمنىڭ پۇتبولچى ساۋاقداشلىرىمنى كۆندۈرۈپ، تېرىنېر مۇئەللىملىرىمنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، مېنى قوبۇل قىلماي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاللاپ كەلگەن، مېنى ياراتماي ئەكەلگەن ۋاسكىتبول سىنىپىنىڭ بالىلىرىنى ۋاسكىتبول ئويناپ يېڭىپ، ئاشۇ ۋاسكىتبولچىدىن، مېنى ئالمىغان ۋاسكىتبول مۇئەللىمىدىن قىساس ئالىمەن. ئاخىرقى نىشانىم شىنجاڭنىڭ كەسپىي ۋاسكىتبولچىلىرىنى مېنىڭ پۇتبولچى ساۋاقداشلىرىم بىلەن ۋاسكىتبول ئوينىتىپ ئۇلارنى يېڭىپ، شىنجاڭنىڭ ۋاسكىتبول ئەۋلىيالىرىنى ماڭا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ مېنى ۋاسكىتبول كوماندىسىغا كىرىشكە ئىلتىماس قىلغۇزىمەن. ئەگەر بىر يىل ئىچىدە مەن پۇتبول كوماندىسىدىن ۋاسكىتبول كوماندىسىغا تەكلىپ بىلەن كىرەلمەيدىغان بولسام، توپ ئويناشتىن ۋاز كېچىپ خوتەنگە بېرىپ بېشىمنى چۈشۈرتۈپ يەر تېرىيدىغان دېھقان بولۇپ كېتىمەن. لېكىن مەن چوقۇم دېگىنىمنى قىلىمەن. پۇتبول ئوينىمىغان، تاماق يېمىگەن، ئۇخلىمىغان بارلىق ۋاقتىمدا مەن ۋاسكىتبول ئوينايمەن. مەن ھازىردىن باشلاپ شاۋكەت قاتارلىق پۇتبولچى ساۋاقداشلىرىمنى مەن بىلەن ۋاسكىتبول ئوينىشىپ بېرىشكە كۆندۈرۈۋاتىمەن. ئۇلارغا بىردىن - بىردىن خىزمەت ئىشلەپ شاۋكەت بىلەن ئىككىمىز كۆندۈرۈۋاتىمىز. خۇدا بۇيرۇسا پات ئارىدا پۇتبولچى ساۋاقداشلىرىمدىن ئىشتىن سىرتقى ۋاسكىتبول كوماندىسى قۇرۇپ، قاتتىق مەشىق قىلىپ شىنجاڭنىڭ كەسپىي ۋاسكىتبول كوماندىسىنى يېڭىپ، ئۆزۈمنىڭ ۋاسكىتبولغا بولغان مۇھەببىتىمنى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيدىغان چەكسىز مۇھەببىتىمنى شىنجاڭدىكى بارلىق ۋاسكىتبولچىلارغا ئىسپاتلايمەن. بويۇم توغرا كەلمىگەن ۋاسكىتبول قانۇنىنى چەكسىز مۇھەببىتىم ئارقىلىق پاچاقلاپ تاشلايمەن. پۇتبول مۇئەللىمىم «سەن ياخشى دەم ئالماي ھە دېسە دەم ئېلىش ۋاقتىدا ۋاسكىتبول مەشىق قىلىدىكەنسەن، ياخشى پۇتبول ئويناش ئۈچۈن ئۆلچەملىك دەم ئېلىش كېرەك، بولمىسا رەسمىي پۇتبول مەيدانىدا مادارىڭ يەتمەي ئاسان ھېرىپ قېلىپ ياخشى ئوينىيالمايسەن. ئەگەر گېپىمنى ئاڭلىماي يەنە كېچىسى ئۇخلاش ۋاقتىدا ۋاسكىتبول ئوينايدىغان بولساڭ خوتەنگە قايتۇرۇۋېتىمەن» دېدى. مەن ماقۇل دەپ قويدۇم. ساۋاقداشلىرىمغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ كېچىسى ئادىلجان ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرگۈزدۈم. بىلىپ قالسا ھەيدىۋېتىشى مۇمكىن. دادا، سىزنى شۇ چاغدا ياردەمگە چاقىرسام تەنتەربىيە ساھەسىدىكى كونا چولپانلىق نوپۇزىڭىز بىلەن تېرىنېرىمغا مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭلار دەپ قويارسىز. مەن ئۆزۈمنى، مۇھەببىتىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدۇ.

خەير - خوش، مەن يەنە خەت يېزىپ ئەھۋالىمنى سىلەرگە ئۇدۇللۇق دەپ تۇرىمەن. سىلەرگە خەت يازىمەن دەپ ۋاسكىتبول مەشىق

قىلىشنىڭ بىر قېتىملىق ئالتۇندەك پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئۇزۇن خەت يازمايمەن. خەتنى قىسقا يازىمەن، سىڭلىم ئامىنەنى مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇڭلار. ئىنىمغا، توخۇيۇمغا، كەپتەرلىرىمگە مەندىن سالام ئېيتىڭلار، ئۇلارنى مېنى كۆرگەن كۆزۈڭلاردا كۆرۈپ بېقىڭلار. رەسىملىك كىتابلىرىمنى ئۇكام يىرتىۋەتمىسۇن.

سىلەرنى سېغىنغان ئوغلۇڭلار ئادىلجان

- ۋاي خۇدايىم، بىچارە بالام بەك قىينىلىپتۇ. ئۇ مەكتەپ دېگەن موما بېرىپ باقىدىغان تۇرسا، كۇندۇزىمۇ، كېچىسىمۇ توپنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرۈپ ئاجىزلاپ كەتسە، يىقىلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق.

نۇرىمانخان ئادىلجان كەتكەندىن كېيىن ئادەتلىنىپ قالغان ئەنئەنۋى يىغىسىنى باشلىدى.

- بولدى قىلىڭلا ئەخمەق خوتۇن. ئەخمەق بالىنىڭ گېپىگە يىغلاپ تۇرىسلە. تەنھەرىكەتچىنى ئوبدان باقمىسا بولمايدىغاننى سىلىدىن ھۆكۈمەت ئوبدان بىلىدۇ. ئادىلجانمۇ قورسىقى ئېچىپ كەتسە قورساقنى بوش قويىدىغان بالا ئەمەس، تەييار پۇتبولنى ئويناۋەرمەي، كۇندۇزى پۇتبول، كېچىسى ۋاسكىتبول ئوينىغان بولسا ھارغاندا توختا. ئۇ بالىنى مانى قىلىڭ، ئاۋۇنى قىلماڭ دەپ توسۇپ قالغىلى بولامتى؟ - سۇلايمان تۇردى شۇنداق دەپ سۆزلەپ قويۇپ سائىتىگە قاراپ ئىشقا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

## خۇش خەۋەر

ئاي ئۆتتى، پەسىللەر ئۆتتى، بىر چاغدا ئادىلجاندىن قىسقىلا بىر خەت كەلدى. خەتتە پەقەت تۆت قۇرلا سالام سەھەتتىن كېيىن «دادا، ئانا، سىلەرگە خۇش خەۋەر. بىزنىڭ پۇتبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى ھازىرغىچە ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۈچ قېتىم ۋاسكىتبول ئويناپ ھەممىسىدە بىز ئۇتتۇالدۇق. باشلىق: «كەسپىي ۋاسكىتبول كوماندىسى تۇرۇپ پۇتبول كوماندىسىغا ۋاسكىتبولدا ئۇتتۇرۇپ قويۇشساڭ قانداق دېگەن گەپ بولدى بۇ» دەپ ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ مېنى ئالمىغان تېرنېرىنى، كوماندا ئەزالىرىنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتتى. ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ ئادەملىرى يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي قالدى. ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ ھېچقايىسى ئەزاسى مەيداندا ماڭا يۇگۇرۇپمۇ يېتىشەلمىدى، توسۇپمۇ بولالمىدى. جان ئاچچىقىغا چىدىمىغان ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەزاسى تېرنېرىغا: «ئۆيى يەر شارىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بۇ پاكارغا يېتىشكىلىمۇ، توسىۋالغىلىمۇ بولمايدىكەن. توپ قولىغا شىلىمدا چاپلاپ قويغاندەك يەملىشىپ ماڭىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزىدىن قوزغىلىش سۈرئىتى ئادەم ئەمەس مايمۇندىنمۇ تېزكەن. خەرىتىگە قارىسا يەر شارىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان خوتەندىن كەلگەن ئاشۇ مايمۇن بولمىغان بولسا بىز ئۇتتۇرۇپ قويمايتتۇق» دەپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. مېنى ئالمىغان تېرنېر ماڭا ئۇزاق قاراپ كەتتى. مەن تازا خۇشال بولۇپ ئىچىمدە كۈلدۈم. كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىچە بىز بىلەن پۇتبول مۇسابىقىسى ئوينىدى. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ رەسۋاسى چىقىپ كەتتى. ئۇلارغا بىرمۇ توپ بەرمىدۇق. ھەممىسى: «خوتەنلىك مايمۇن توپنى پۇتىغا باغلىۋاپتۇ، توسۇڭلار» دەپ ۋارقىراشتى. ئۇلار توپ ئالسىمۇ تارتىۋالدىم، پاس بەرسىمۇ تارتىۋالدىم، ئەپقاچسىمۇ يېتىشىۋېلىپ تارتىۋالدىم. ئۇلار مۇسابىقە ئاخىرلاشمايلا بولدى قىلدى. ماڭا ھېچقايىسى يېتىشەلمىدى. ۋاسكىتبول كوماندىسىدىكى خەنزۇ ئەزالار «سەن ماشىنىمۇ، ئادەممۇ. سەن ماشىنىدىنمۇ تېز قوزغىلىدىكەنسەن» دەپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىمنى تۇتۇپ باقتى. ئۇلارنىڭ تېرنېرىمۇ ئۆز بالىلىرىغا: «ئۆمرۈمدە تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇنىڭدەك تېز قوزغىلىدىغان تەنھەرىكەتچىنى كۆرمىگەنىكەنمەن. قۇيۇندەك ماڭسا، بەزىدە ئادەم ئەمەس، جىن - شاياتۇنمىكىن دەپ قالىمەن. ھەي، بويى توغرا كەلسىمۇ. . .» دەپ

توختىۋاپتىكەن، ۋاسكىتبولچىلارنىڭ ھەممىسى: «بويى بولمىغان بىلەن ھېچكىم ئۇنى توسۇيالمىسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمىسە، قولىغا ئۆتكەن توپنى قولىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ئالغىلى بولمىسا، ئۇنى كوماندىمىزغا ئەكىرىۋالساق تازا ئوبدان بولاتتى» دېيىشتى. «ئۇنى مەن ئالمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق تېزلىكى يۇقىرى، بەدەن سۇپىتى ياخشى، بويىمۇ پۇتبول ئۆلچىمىگە توشىدىغان تالانت ئىگىسىنى پۇتبول كوماندىسىمۇ قويۇپ بەرمەيدۇ. ئەمما بىزگە ئەڭ پايدىلىق تەرىپى، بىزنىڭ رەھبەرلىك پۇتبولنى ئەمەس، ۋاسكىتبولنى ياخشى كۆرىدۇ. يەنە بىر ئەڭ مۇھىم تەرىپى ئادىلجان پۇتبولدىن ۋاسكىتبولنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ بىزگە كىرىش.»



- مۇئەللىم، بىز پۇل يىغىش قىلىپ ئىسىل هاراق - تاماكا ئېلىپ بېرەيلى. باشلىق بىلەن دائىم يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچىشىدىغان ئاغىنە بولغاندىكىن، ئۇنى كۆندۇرۇڭلار، ئادىلجاننى بىزنىڭ كوماندىغا يۆتكەپ بەرسۇن.

- هەي، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، - دەپ كۈلۈپتۇ تېرنېر.

ھەممە گەپلەرنى ماڭا ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى دەپ بەردى. ئادىلجان ۋاسكىتبولغا چىقىدىكەن دېگەن گەپ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا تارقالدى. مەن ئارزۇيۇمغا يېتىش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. پۇتبول مۇئەللىمىم: «مەن سېنى ئالمىغان بولسام پۇتبولچىمۇ، ۋاسكىتبولچىمۇ بولالمايتتىڭ، ئەمما مەن سېنىڭ ۋاسكىتبولنى ياخشى كۆرىدىغىنىڭنى بىلىپ ئالغان. مەيلى پۇتبول تەپ، مەيلى ۋاسكىتبول ئوينا، مەن ئوخشاشلا پەخىرلىنىمەن. ھەر ئىككى كوماندىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى بولغىنىڭدىن پەخىرلىنىمەن. چۈنكى سېنى بايقىغان ئادەم مەن» دەپ خۇشال بولۇپ مېنى قۇچاقلاپ قويدى. پات ئارىدا ۋاسكىتبولغا چىقىشىم كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق بولغاندا، مەن سىلەرگە بەرگەن ۋەدەم بىر يىلغا قالمايلا ئورۇنلىنىدىغان بولدى. مەن ئەمدى خوتەنگە قايتىپ كەتمەيدىغان بولدۇم.

- شۇم خەۋەركەنيا بۇ ئەمدى، - نۇرىمانخان يەنە يىغىغا تەگدى. سۇلايمان تۇردى يىغلاۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ كۈلدى.

– ئەخمەق بالا بىلەن ئەخمەق خوتۇننىڭ يىغىسىغا ئۇرۇمچىنىڭ يامغۇرىغا كۆنۈپ قالغاندەك كۆنۈپ قالدىم. ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇمچىگە ئەپقالسا پولات تاۋلاش، ئاچلىققا چىدىماي خوتەنگە قاچقاندىم. ئەمدى ئوغلۇم ئۇ يەردە يەرلىشىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، بوپتۇ، رىزقى - پېشانە دېگەن شۇ يا،– دەپ كۈلۈپ كەتتى سۇلايمان تۇردى.

## *ۋاسكىتبول، ئاخىر مېنى ئېتىراپ قىلدىڭمۇ؟!*

1981 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋاسكىتبول كوماندىسى سانجى كوماندىسى بىلەن ۋاسكىتبول ئويناپ نومۇسىنى بېشىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك ئۇتتۇرۇپ قويدى. كوماندىنىڭ ئەزالىرى: «خەرىتىگە قارىسا يەر شارىنىڭ سىرتىدا كۆرۈنىدىغان خوتەندىن كەلگەن، شامالدەك ئۇچىدىغان ماشىنا ئادەم ئادىلجاننى ئەكىرەيلى» دەپ ئورتاق تەلەپ قىلدى. ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ باشلىقى بىلەن باش تېرىنېر يۇقىرىغا مۇنداق دەپ دوكلات يازدى: «بەدەن سۈپىتى ياخشى، ھەممە ھەرىكەتلەردىكى نەتىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى، قوزغىلىش سۈرئىتى ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە تېز، توپنى ئېلىپ ماڭغاندا يەتمەك قىيىن، توپ خۇددى قولىغا چاپلىشىپ قالغاندەك، ئادىلجاننىڭ قولىدا ماگنىت تارتىپ ماڭغاندەك ياۋاشلاپ ماڭىدۇ. ئەمدى ئادىلجاننى ۋاسكىتبولغا ئەكەلمىسەك كوماندىمىزنىڭ نوپۇزىنى قايتا تىكلىمەك تەس. ئادىلجاننى بىزگە يۆتكەپ بەرسەڭلار!...»

ئادىلجاننىڭ پۇتبولدىن ۋاسكىتبولغا ئالمىشىپ چىقىشى پەقەت رەسمىيەت مەسىلىسىلا بولۇپ قالغان بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئېڭىدا ئادىلجان ئەسلىدە ۋاسكىتبولنىڭ ماتېرىيالى دېگەن قاراش پىشىپ بولغانىدى. ئادىلجاننى پۇتبولغا قوبۇل قىلىپ خوتەندىن ئەكەلگەن مۇئەللىمى ئارتۇق گەپ قىلماي ۋاسكىتبول ساھەسىدىكىلەرگە كۆلۈپ قويدى. پۇتبولدىن ۋاسكىتبولغا ئۆزنىتىدىغاندا ئۇ قىسقىلا سۆزلىدى.

– ئادىلجان بىزنىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىن چىققان كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى. بۇنداق ئادەم ئەللىك يىل، يۈز يىلدا خوتەندىن بەلكى پۈتۈن تارىم، ئىلى ۋادىسىدىن بىرەرى يەنە چىقىدۇ ياكى چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئىزىدىن پەۋقۇلئاددە تېز قوزغىلىش سۈرئىتى ئادەتتىكى ئادەملەردە كۆرۈلمەيدىغان بىر ھادىسە. بۇنداق سۈرئەت تەنتەربىيىنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرىگە كېرەك. مەيلى ۋاسكىتبول، مەيلى پۇتبول، مەيلى ئاتلېتىكا بولسۇن ھەممىسىگە كېرەك. ئۇنىڭ مەيدان ئىچىدىكى تەبىئىي تەشكىلاتچىلىق، قوماندانلىق تالانتىمۇ بىر يەردىن، بىر كىمدىن ئۆگىنىۋالىدىغان ياكى دورىۋالىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ تۇغما تەبىئىتى، قېنىدىكى تەبىئىي مىجەز. ئاشۇ مەيداندا، ئاشۇ قان تۆكۈلمەيدىغان كەسكىن جەڭ مەيدانىدا بىر توپ ئادەمگە چوقۇم بىر تالانتلىق سەركەردە كېرەك. بىر توپ جەڭچىگە ئاشۇنداق زېرەك، چاققان، ئەقىللىق سەركەردە بولمىسا، قەدەم، ھەرىكەت، ھۇجۇم، بىر ئالىي قوماندانىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ماس قەدەمدە مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ جەڭ قىلمىسا غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ. ئادىلجان مانا شۇ جەڭ مەيدانىدا ئەسكەرلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ تىغمۇ تىغ جەڭ قىلىدىغان ياخشى تەبىئىي قوماندان. بىز ئۇنى سەن قوماندانلىق قىل دەپ بەلگىلىيەلمەيمىز. سەن جىم يۈرۈپ بىر كىشىلىك جەڭ قىل دەپ توسۇپ قويالمايمىز. ئۇنىڭ قېنىدىكى تەبىئىي كۈچ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئادىلجاندىكى ئىككىنچى چوڭ ھەل قىلغۇچ تالانت. تېرىنېر، مۇئەللىملەر مەشىقتە قوماندانلىق قىلغان بىلەن، ئەزالار بىلەن بىرگە رەسمىي جەڭ مەيدانىغا چۈشۈپ جەڭ قىلالمايدۇ. رەسمىي جەڭ بولغاندا مەيدان سىرتىدا پالەچ ئورۇندا تۇرۇپ قالىدۇ. ئادىلجان بولسا جەڭ مەيدانىغا چۈشۈپ ئەمەلىي ھەل قىلغۇچ جەڭگە رەسمىي قاتنىشىدىغان قەيسەر جەڭچى ھەم جەڭ مەيدانىدا پۈتۈن سەپنى تەشكىللەپ ھۇجۇمغا باشلايدىغان ئەقىللىق ئەمەلىي قوماندان. مەن تەكلىماكاندىن مۇشۇنداق بىر تالانتنى بايقىيالىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى

uyghurkitap.com



تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئەقىللىق، كۆزى بار ئادەم دەپ پەخىرلىنەلەيمەن.

ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشتى.

ـ ئۇنىڭدىكى ئۇچىنچى شۇنداقلا ئەڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدىغان، ھەممە ئادەم ھەۋەس، زوق بىلەن پەخىرلەنسە بولىدىغان روھ، ۋاسكىتبولغا بولغان مۇھەببەت. ئادىلجاننى ۋاسكىتبولغا تارتىپ چىققان ھەل قىلغۇچ كۈچ ۋاسكىتبول ئەمەس. ئۇنىڭ ۋاسكىتبولغا بولغا چەكسىز مۇھەببىتى. ئەگەر ئۇ ۋاسكىتبولنى سۆيمىگەن بولسا خوتەندىن بۇ يەرگە كەلمىگەن، كەلگەن بولسىمۇ ئادەتتىكى پۇتبولچى بولۇپ قېلىشۇرگەن، بىزمۇ بۈگۈن بۇنداق سورۇندا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق. ئەسلىدە ئادىلجان بورۇنمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ۋاسكىتبول ئۆلچىمىگە لايىق ماتېرىيال ئەمەس ئىدى. ۋاسكىتبول ئەسلىدە ئادىلجاننى ياراتمىغان، مېنىڭ لايىقىم ئەمەس دەپ قوبۇل قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ قىلغىنى ئەسلى ۋاسكىتبولنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىدى. ئەمما بىر ئۇلۇغ كۈچ، ئادىلجاننىڭ ۋاسكىتبولغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تەڭداشسىز كۈچى، ۋاسكىتبولنى ئادىلجانغا بويسۇندۇردى. ھاجەتمەن قىلىپ قويدى. ۋاسكىتبولنىڭ كىشىلەر ئەيمىنىدىغان ھەيۋەتلىك تەبىئىي قانۇنىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلىدى. ۋاسكىتبولنىڭ ئېگىز قامەتلىك ھەيۋىسى ئۆزىگە پاكار كۆرۈنگەن بىر مېتىر سەكسەن سانتىلىق ئادىلجان ئالدىدا تىزلىنىشقا، سۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. ئادىلجان ئالدىدا رەسمىي سۇندى. بۇنى بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەگەر يەر شارى بىلەن ۋاسكىتبولنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، سەن بۇنىڭدا ياشايسەن، سەن بۇنىڭدا ياشايسەن، بۇ بولمىسا سەنمۇ بولمايسەن، بۇ يەر شارىغا ئوخشايدىغان ۋاسكىتبول، بۇنى پەقەتلا ئوينىيالايسەن، قايسىسىغا تۇرىسەن دېسە، ئادىلجان كۆزىنى چىمىلداتمايلا پەقەت بىردەم ياشىيالايدىغان بولسىمۇ ۋاسكىتبولنى قۇچاقلايدۇ. ئەگەر ھەر بىر ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسە ياكى كەسىپ بولسۇن ئاشۇ ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈن ئادىلجان ۋاسكىتبولنى سۆيگەندەك ياخشى

كۆرەلىسە، خۇدانى تەسىرلەندۈرەلىسە، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش، يەتكىلى بولمايدىغان ئارزۇ يوق. پەقەت ئىنسانلار ئادىلجاندەك ئۆزى ياخشى كۆرگەن، خالىغان ئىشى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلالايدىغان، ۋاز كېچەلەيدىغان روھ بولسا، مۇمكىن بولمايدىغاندەك ئىشلار مۇمكىن بولىدىكەن. مەن مۇشۇ يەردە شۇنى دەپ قويايكى، ئادىلجان مۇشۇ روھى، مۇشۇ مۇھەببىتى بىلەن ۋاسكىتبول ئوينىسا، ئۇزاققا قالمايلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ داڭلىق ۋاسكىتبول چولپىنى بولالايدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، كەسپىتىكى ماھارەت ئادەمنى بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارسا، ئۆزى قىلىشۋاتقان ئىشقا ئۆزىنى ئاتاپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ شۇ ئىشقا بېرىلىش ئادەمنى ئۇن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئادىلجان ئىسپاتلىدى. ھازىر ئادىلجاندىن ئۆلچەملىك، ئادىلجاندىن ماھارىتى، سۈپىتى يۇقىرى مىڭلاپ ۋاسكىتبولچى تېپىلىدۇ. باشقا ھەرقانداق كەسپتىمۇ شۇنداق كامالەتكە يەتكەن ئادەملەر بار. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە ئادىلجاندەك ئۆز ئىشىغا ئۆزىنى ئاتاپلا كىرگەن سەمىمىي، ئوتلۇق مۇھەببەتكە ئىگە ئادەم يوق. ئۇلار شۇنداق پىشقان ئادەملەر تۇرۇپ نېمىشقا ئادىلجاندەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى؟ پەقەت مۇھەببەت بولمىغىنى ئۈچۈن ئادىلجاندەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. مەن ئادىلجاننىڭ پات ئارىدىلا شىنجاڭنىڭ، ھەتتا جۇڭگونىڭ ۋاسكىتبول سەھنىسىدە دەسلەپ كۆرگەن ئادەم بۇ ۋاسكىتبولغا پاكار كېلىدىغان ئادەم ۋاسكىتبول-چىلار ئارىسىغا خاتا كىرىپ قالغانمىدۇ ياكى شىنجاڭنىڭ ۋاسكىتبول ساھەسى ساراڭ بولغانمىدۇ دەپ ئويلاپ، ئادىلجان بىردەم ئوينىغاندىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئادىلجان ئۈچۈن تەنتەنە قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ پاكار ۋاسكىتبول چولپىنى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. گەرچە مەن پۇتبولچى بولسامۇ ئادىلجاندەك ياخشى پۇتبولچىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسامۇ، مەن غەلىبە قىلدىم، مەن تېخىمۇ پەخىرلىنىمەن. چۈنكى مەن ئىنسان ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلسا، خالىغان ئىشقا ئېرىشەلىسە غەلىبە قىلىدۇ دەپ قارايمەن. مەن ئادىلجاننىڭ ياخشى كۆرگەن ئىشى

ئۈچۈن پەلەمپەي بولۇپ پاس چىقىرىپ بىرەلىدىم. ئۇنىڭ خۇدانى تەسىرلەندۈرگەن ۋاسكىتبولغا بولغان مۇھەببىتى مېنى خوتەندىلا تەسىرلەندۈرگەن. مەن ئارىلىقتا ئۇنى ۋاسكىتبول مەشقىدىن توستۇم، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى، مۇھەببىتىنى سىناپ باقتىم. ئۇ تەۋرەنمىدى، ئىرادىسى سۇنمىدى، مۇھەببىتى سۇسلاشمىدى. مەن ئۇنىڭ قەيسەر روھىغا قايىل بولدۇم.


پۇتبول مۇئەللىمى ئادىلجاننى چىڭ قۇچاقلىدى. ئادىلجاننىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش قۇيۇلدى، ھەر بىر پۇتبولچى ساۋاقداشلىرى ئادىلجان بىلەن بىرمۇ بىر قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

ھاۋا كەمدىن - كەم ئوچۇق بولىدىغان ئۈرۈمچى كېچىسى، بۈگۈن ئادىلجاننىڭ خۇشاللىقا تولغان كۆڭلىدەك ئوچۇق كۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، يۇلتۇزلار ئادىلجاننى تەبرىكلەۋاتقاندەك توختىماي كۆز قىسىپ كۈلۈشەتتى. ئادىلجان ۋاسكىتبولنى بىگىز بارمىقىدا ئۇزۇندىن - ئۇزاق پىرقىرىتىپ كېچە قاراڭغۇلىقىدا مەيداندا ئۇزاقتىن - ئۇزاق يۈگۈرۈپ ئايلاندى.

- ۋاسكىتبول، ئاخىر مەن سېنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارا، قانۇنلۇق، كۈندۈزى ئوينىيالايدىغان بولدۇم. ھازىرغىچە پەقەت مەن سېنى، مەنلا سېنى ياخشى كۆرەتتىم. مەن بىلەن ئويناپ تۇرۇپ مېنى ياراتمايتتىڭ، پاكار كۆرەتتىڭ، مېنى ئېتىراپ قىلمايتتىڭ. مانا ئاخىر سەنمۇ مېنى ياخشى كۆردۈڭ، ئېتىراپ قىلدىڭ، ئەمدى ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز. بىز چوقۇم ياخشى بىرلىشىپ كېتەلەيمىز، ماسلىشىمىز، خەقمۇ بىزگە قايىل بولىدۇ.

## ئادىلجان جۇڭگودىن چىققان ئىككىنچى «بوتېر» دەپ ئاتالدى

1982 - يىلى 8 - ئايدا دەندۈڭدا مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر ۋاسكىتبول كوماندىسى مەملىكەتنىڭ ئالدىنقى ئون كوماندا ئىچىگە كىرىپ 9 - ئورۇنغا چىقتى. بۇ مۇسابىقىدە پۈتكۈل تەنھەرىكەت ساھەسى مۇسابىقىنىڭ بارلىق تاماشىبىنلىرى ئادىلجانغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. گويا پۈتكۈل مۇسابىقىنى پەقەت ئادىلجان ئوينىغاندەك ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئادىلجانلا قالغانىدى. گېزىت، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئادىلجان ھەققىدە بەس - بەس بىلەن ئېغىز - ئېغىزغا تەگمەي ماختاپ سايرىشىپ كەتتى. «قولىغا توپنى ئالسىلا ئاجرىماس شىلىمدا يەملىنىۋالغاندەك ماڭىدۇ»، «ئىزىدىن تۇيۇقسىز قوزغىلىش سۈرئىتى ئەتىيازدىكى قۇيۇندەك تېز» دېگەن جۈملىلەر تاماشىبىنلار ئاغزىدىمۇ، ئاخبارات ۋاستىلىرىدىمۇ ئۈزۈلمەي تەكرارلاندى. پۈتكۈل مۇسابىقىدە ئادەمنىڭ ئېسىدە قالىدىغان ئادەم ئادىلجان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىزىدىن تۇيۇقسىز تېز قوزغىلىش ماھارىتى دەسلەپكى قەدەمدە پۈتۈن مەملىكەت ۋاسكىتبول ساھەسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. «ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى: «خوتەن رايونىدىن سىزدەك تالانتلىق ۋاسكىتبول چولپىنىنىڭ چىقىشى ئادەم ئىشەنگۈسىز مۆجىزە» دېدى. خەلق گېزىتى تۇنجى بولۇپ «جۇڭگودىن چىققان ئىككىنچى بوتېر» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، ئادىلجاننى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇردى. 1978 - يىلى ئامېرىكا ۋاسكىتبول كوماندىسى جۇڭگوغا كېلىپ جۇڭگو كوماندىسى بىلەن ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى ئوينىغان. بۇ كوماندىدا مايمۇندەك چاققان، شامالدەك تېز، تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بوتېر ئىسىملىك بىر پاكار ماھىر جۇڭگولۇق تاماشىبىنلار قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغانىدى. جۇڭگونىڭ ۋاسكىتبول مەستانىلىرى بوتېر ئۈچۈن خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدى. مۇسابىقە جەريانى، ئارىلىقتىكى مەشىقلەر، ساياھەت، كوچا ئايلىنىش، چوڭ - كىچىك مۇسابىقىلەردە مىڭلاپ تاماشىبىن خوتەندىن چىققان جۇڭگولۇق بوتېرنى كۆرىمىز دەپ، ئادىلجان قەيەرگە بارسا شۇ يەرنى قىستاڭچىلىق قىلىپ بېرىۋالدى. كىشىلەر



خاتىرە، پارچە قەغەز، قولىنىڭ ئالىقىنى، ھەتتا ئۇلگۇرەلمىگەنلەر چاپان، كۆڭلەكلىرىنىڭ پەشلىرىگە قەدەر ئادىلجاننىڭ ئىمزاسىنى قويدۇرۇۋېلىشتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئادىلجان چولپان بولۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن باشقا، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلىك، ئازابلىق تەس ئىش ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندى. چولپانلىق ئۇنىڭ بارلىق ئەركىنلىكىنى يەپ كەتتى. ئۇ كوچىلاردا بۇرۇنقىدەك ئەركىن - ئازادە يۈرەلمەيتتى. مىڭلاپ ئادەملەر ئۇنى تونۇيتتى. ئۇ بولسا بىرىنىمۇ تونۇمايتتى. باققال، مۇزلۇق سۇ سانتقۇچى، كوچا ساقچىسى بارغانلا يەردە ئادەملەر ئۇنى ئاۋارە قىلىپ يولىنى توسۇۋالاتتى. شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ۋاسكېتبول مۇتەخەسسىسلىرى ئادىلجان پۇتبولدىن يېڭىلا ۋاسكېتبولغا ئالماشقاندا قايىل بولماي «تېزلىكىگىلا قىزىقىپ بۇ پاكار بالىنى ۋاسكېتبولغا ئالغان بىلەن، ھەتتا شىنجاڭ ياشلار ۋاسكېتبول كوماندىسىغىمۇ كىرگۈزگىلى بولمايدۇ» دەپ مۇلاھىزە قىلىشقانىدى. دەندۇڭدىن پۈتۈن مەملىكەتكە تارالغان خەۋەر ئۇلار ئۈمىدسىز مۇلاھىزە قىلىشقان ئادىلجاننى پۈتۈن مەملىكەتكە جۇڭگونىڭ ۋاسكېتبول ساھەسىدە يېڭى بىر چولپاننىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلاپ ھەيران قالدۇردى. كەسىپي گېزىتلەر پات - پاتلا ئادىلجاننى ئۇنتۇپ قالماي تونۇشتۇرۇپ، ھەر خىل تەھلىللەرنى ئېلىپ بېرىشاتتى. 1983 - يىلى 4 - ئايدا ئادىلجان شىنجاڭ ياشلار كوماندىسىغا رەسمىي قوبۇل قىلىندى. شۇ ئايدا مەملىكەتلىك ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭشاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. پۈتكۈل تەنھەرىكەت مەيدانىدا ئادىلجان دېگەن سادا خور ئورۇنلىغاندەك كۆتۈرۈلەتتى. بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، داڭلىق، پېشقەدەم ۋاسكېتبول تىرېنېرى يۈگاڭ، ئالىي دەرىجىلىك تىرېنېر ماجىڭخۇڭ ئادىلجانغا چاپلىشىۋالدى. «بىزنىڭ مەكتەپكە كېلىڭ، بىزگە كىرسىڭىز ئالىي مەكتەپكە كىرگەن بولىسىز. ھە دېسىڭىزلا بىز قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى ھازىرلا چىقىرىمىز» دەپ ئادىلجاننى ھەر كۈنى تەرەپ - تەرەپلەرگە مېھمانغا ئاپىرىپ ئويۇنتۇشقا باشلىدى. يۈگاڭ ماجىڭجۇڭغا «ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان قىملۇقتىن كەلگەن بۇ تالانت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈۋالغىلى بولمايدىغان تەييار تەبىئىي بايلىق. مەيلى نېمە كېتىشىدىن، قانداق بەدەل بېرىشتىن قەتئىينەزەر، بۇ غەنىيمەتنى قولدىن بەرمەيلى» دەپ يولىيورۇق بەرگەنىدى. سۇلايمان تۇردى بىلەن نۇرمانخان ئادىلجان شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرسە خوتەنگە ئەكېتىپ، بۇ بىر تال ئوغلىنى قېرىغاندا ھاسا تاياق قىلىپ تايىنىپ ئۆتمەكچى ئىدى. ئۇلار بۇ قارارىنى ئادىلجانغا قايتا - قايتا دېگەنىدى. ئادىلجان شىنجاڭ كوماندىسىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك بىردىنبىر ئەزاسى. سۇلايمان تۇردى بىلەن نۇرمانخاننىڭلا ئەمەس، ئاللىقاچان شىنجاڭ تايىنىپ ئۆرە بولىدىغان ھاسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئادىلجان بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىغا بارىدىغانغا ماقۇل بولدى. ۋاسكېتبولنى كۆتۈرۈپ دۇنيا ۋاسكېتبول سەھنىسىدە ئامېرىكىلىقلار بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئېلىشىدىغان پۇرسەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئادىلجان بېيجىڭدىن كۆردى. ماجىڭخۇڭ ئادىلجاننىڭ ۋاسكېتبول ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئادىلجان ئۈچۈن

ساماۋى چۆچەكتەك بىلىنىدىغان دۇنيا سەھنىسىدە ۋاسكىتبول ئويناش پۇرسىتىنىڭ بېيجىڭدىن باشلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئادىلجاننىڭ قەلبىنى ئۇۋلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئادىلجان دۇنيا سەھنىسىگە چىقىپ ۋاسكىتبول ئويناش ئۈچۈن تەكلىپنى خوتەنگە، شىنجاڭغا تارتىشقان ئازابلىق ھېسسىياتىنى بېسىپ تۇرۇپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. شىنجاڭ ئاچچىق چىچاڭشىپ ئادىلجاننى بېرىشنى كەسكىن رەت قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قادىر سوپىنىڭ پىكرى كۈتمىگەن يەردىن شىنجاڭ ۋاسكىتبول ساھەسىنىڭ قارشى تەرىپىدىن چىقتى.

— ئادىلجاننىڭ بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىغا كىرىشى شىنجاڭنىڭ شان - شەرىپى. ئۇ مەكتەپكە بىزنىڭ دىيارىمىزدىن ئادەم ياراپ باققان ئەمەس. ئۇ يەردە ئالىي تەربىيە ئېلىپ كەلسە بىزگە مىڭلاپ تالانتنى بايقاپ يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئالىي مۇتەخەسسىس بولۇپ كېلىدۇ. بولدى بېرەيلى. بىزدىن بىر ئادەم يۇقىرى ئۆرلىسە مىڭ ئادەم ئۇشۇقىدىن تارتىدىغان ئىش قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ. مانا مەن تەستىقلىدىم. ھەرقانداق جاۋابكارلىق بولسا ئۈستۈمگە ئالىمەن، دەپ شىرەگە مۇشتلاپ تەستىقلىدى. تازا قايناۋاتقانلار ھاڭۋاققىنىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. 1983 - يىلى 9 - ئايدا يەنى بېيجىڭغا بېرىپ يېرىم يىلدىن كېيىن جياڭشىنىڭ گەنجۇ دېگەن يېرىدە، مەملىكەت بويىچە ئون چولپان كوماندىنىڭ تاللانما مۇسابىقىسى بولدى. كۈتمىگەن يەردىن ئادىلجان بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلار ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنداق يېڭى چولپانلار تېخى بۇنداق ئالىي دەرىجىلىكلەر مۇسابىقىسىگە ئالدىراپ قاتنىشالمايتتى. ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن ھالقىغان بۇ ئالاھىدە يېڭى تۇغۇلغان چولپان ئۆزىنىڭ چۈشمەيدىغان بويىدەك ئالاھىدە شەخس بولۇپ، باشقا چولپانلارغا نېسىپ بولمايدىغان بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتى. جۇڭگونىڭ ۋاسكىتبول تارىخىدا مەملىكەتنىڭ ھەرقانداق كوماندىسى «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىنى يېڭىپ باقمىغانىدى. ئادىلجان قاتناشقان كوماندا «يەڭگىلى بولمايدۇ» غان، جۇڭگونىڭ 2 - دەرىجىلىك دۆلەت كوزۇرى كوماندىسىنى يېڭىپ بۇ تارىختا يېڭىدىن بىر بەتنى يازدى. ئارمىيە ياشلار ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ نوپۇزلۇق چولپىنى سۇن لىگاڭ غەزەپ ھەم ھەسرەت - نادامىتىنى بېسىپ ئادىلجانغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تىكىلىپ: «مۇشۇ پاكار مايمۇن بولمىغان بولسا، بىز يېڭىلمەيتتۇق، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىنىسىنى كەلتۈرگىدەك چىرايلىق ئوينايدىكەن. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ بولغان بولسا...» ئۇنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايى ئېچىلىپ ئادىلجانغا يېقىنلىشىپ كەلدى.

ئۇ يەنە:

— مەن ئوتتۇرا ھۇجۇمچى. مېنىڭ ئارقا تەشكىللىگۈچۈم يوق. بىز، بولۇپمۇ مەن سەندەك پۈتۈن مەيداندا تاكتىكىلىق ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغۇچى، تالانتلىق تەشكىلاتچىغا موھتاج. ئىككىمىز بىللە ئوينىساق تازا ماسلىشاتتۇق. ئەڭ ياخشىسى ھازىر بىزگە كەل، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە كەلسەڭ بىز سېنى تۆت يىل ساقلىيالمايمىز. چوقۇم باشقا ئادەم ئىزدەپ تاپماي بولمايدۇ. ھازىر جۇڭگونىڭ داڭلىق ھۇجۇم تەشكىللىگۈچىسى مالىيەنباۋ قېرىپ چېكىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا چوقۇم مالىيەنباۋدەك كۈچلۈك ھۇجۇم تەشكىللىگۈچى بولمىسا بولمايدۇ. ئۇ ئادەم دەل سەنكەنسەن. سەندىن باشقا ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالىغۇدەك ئادەم تاپماق تەس، — دېدى.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش كېرەكمۇ؟ ياكى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي كوماندىسىنىڭ بىرى بولغان مەشھۇر «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىغا كىرىش كېرەكمۇ؟ ئادىلجان ئويان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ھېچ جاۋاب تاپالماي يىراق خوتەندىكى دادىسى، ئانىسىغا خەت يازدى.

«مېنىڭ ئاخىرقى ئارزۇيۇم دۆلەتنىڭ ئالىي كوماندىسى بولغان «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىغا كىرىش ئىدى. مەن شۇڭا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ ئارمىيە كوماندىسىغا كىرىشنى قارار قىلدىم. مەكتەپكە ئىستىپا بەردىم» دەپ خېتىنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئۆيىدىن جاۋاب بولمىدى. مەكتەپ قويۇپ بەرمىدى. مۇدىر بىلەن ئۈچ قېتىم سۆزلىشىۋىدى، ئۈچىلا قېتىم ئاچچىق رەت قىلدى. مۇدىر ئارمىيە كوماندىسىنى «تەييارغا

ھەييار نان قېپىلار، بىز سىنى بايقاپ ئەكەلگەندە ئۇلار نەدە قاپتىكەن» دەپ قاغاپ، ئادىلجاننى «ۋاپاسىزلىق» قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇردى.

ئادىلجان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپمۇ ئارمىيە كوماندىسىغا كىرگىلى بولمايدىغان ئالتۇن دەرۋازا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسىغا كۈتمىگەندە بالدۇر يېتىشنىڭ پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرسىمۇ مۇدىر «ئارمىيە كوماندىسى لەڭنىڭ نوچىسىنى، ئادەمنىڭ سەرخىلىنى بۇلاپ - تالاپ ئېلىپلا داڭق چىقارغان. مەن سىنى ھەرگىزمۇ بۇلاتقۇزمايمەن. ئەسلىدە تالانتلىق ئادەملەر ئالىي مەكتەپتە بولۇشى كېرەك» دەپ ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرىۋالدى. ئاخىر ئادىلجاننىڭمۇ جاھىللىقى تۇتۇپ ئىككىسى سوقۇشۇپ قالدى. مەكتەپ مۇدىرى شىنجاڭغا دەرھال خەت يېزىپ «ئارمىيە كوماندىسى ئادىلجاننى قايمۇقتۇرۇپ بۇلاپ كەتمەكچى، ئادىلجانمۇ بىزدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئادىلجاننى ئارمىيىگە بۇلاتقۇزماي شىنجاڭغا قايتۇرۇپ بېرىمىز. ئارمىيە كوماندىسىغا ھەرگىز بەرمەيمىز» دەپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دادلىدى. شىنجاڭ دەرھال ئادىلجاندىن رەنجىدى. ئادىلجاننى «بۇلاپ» ئەكەتمەكچى بولغان ئارمىيە كوماندىسىنىڭ ئالىي تېرىنېرى، دۇنياغا مەشھۇر ۋالىبول خانىشى لاڭ پىڭنىڭ قېينئاتىسى بەي لاڭۋۇ ئەپەندى ئادىلجاننى «بۇلاش» ئۈچۈن تولا يول توسۇپ ھالىدىن كەتتى. ئەمما قامالىغاننى يۇلۇۋالماي قويمايدىغان بۇ قېرى بۈركۈت بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ تىلى بويىچە «بۇ كونا قاقۋاش قاراقچى» بۇنداق ئېسىل ئولجىنى جان چىقسىمۇ بۇلىغىنى بولىغانىدى. شۇنچە ئاۋارە بولۇپ ھېرىپ - چارچىغان، تەھدىتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ بۇلاڭچىلىق نىيىتىدىن يانمىدى. مەكتەپ بۇ قېرى قاراقچىغا تاقابىل تۇرۇپ بولالماي، ئادىلجاننىڭ بارلىق رەسمىيەت، ھەتتا بېيجىڭدا ئەڭ تەس بولغان نوپۇس رەسمىيىتىنىمۇ شىنجاڭغا ئەۋەتىۋەتتۇق دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. بەي لاڭۋۇ ئادىلجاننى ئېلىپ شىنجاڭغا كېلىپ ھېچيەردىن ئادىلجاننىڭ رەسمىيىتىنى تاپالمىدى. ھېچ ئىلاج قىلالمىغان بەي لاڭۋۇ بىرھازا بېشىنى تاتىلاپ ئولتۇرۇپ بىر ئەقىل تاپتى. ئۇ ئادىلجاننى ئېلىپ دەرھال خوتەنگە ئۆتتى. خوتەندە ئادىلجاننىڭ بالا چاغدىكى نوپۇسىغا ئاساسەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە خوتەندە يېڭىدىن نوپۇس تىزىملاپ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى خوتەندىن يۆتكەپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئادىلجاننى بېيجىڭغا ئېلىپ كەتتى. بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنىستىتۇتى دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتىغا ئادىلجاننىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكى ھەققىدە قايتا - قايتا ئەرز - شىكايەت قىلىشنى توختاتمىدى. شىنجاڭنى بۇ ئەرزدە ئالدىنقى قاتاردىكى دەۋاگەر بولۇشقا توختىماي ھەيدەكچىلىك قىلدى. شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەشھۇر كۈرەش قەھرىمانى ليۇخۇلەننى پارتىيىگە تونۇشتۇرۇپ دۆلەتتە ئالاھىدە نوپۇز ھەم ئىمتىيازغا ئىگە بولغان لۇمىڭ خوتەن تەنتەربىيە كومىتېتىغا ئۆز قولى بىلەن غەزەپلىك تېلېگراما يوللاپ، «ئەگەر خوتەندە كىم ئادىلجانغا رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدىكەن، مەن پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە بولۇش سۈپىتىم بىلەن جازاغا تارتىمەن» دەپ قاتتىق يوليورۇق بەردى. ئەمما بۇ پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ليۇخۇلەننىڭ كومپارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچىسىلىق ئالىي سالاھىيەتلىك كىشى بۇيرۇق بەرگەندە، يەنە بىر پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ئادىلجاننى ئاللىقاچان بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ھەربىي دېپتىرىگە پۈتۈپ، پولات قورغاندا ئۆزىنىڭ بىر قوللۇق شاگىرتى، ئادىلجانغا خاس تېرىنېر بولۇپ ئۆزى مەشىققە سېلىۋاتاتتى. «ماۋۇ قېرى قاراقچىنىڭ چاققانلىقىنى كۆر. ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلامدۇ» دەپ تازا چىچاڭشىدى لۇمىڭ. بۇ 1984 - يىلى بولۇپ، 1985 - يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنىڭ جىددىي تەييارلىق مەزگىلى ئىدى. ئارىدىكى ئارىسال پەيتتە بەي لاڭۋۇ ئەپەندى ئادىلجاننىڭ ئاتا - ئانىسىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ئادىلجانغا ئۇن كۈنلۈك ئاتا - ئانىسى بىلەن دىدارلىشىپ قېنىۋېلىش پۇرسىتى بەرگەنىدى. شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتى ئادىلجان بىلەن دادىسى سۇلايمان تۇردىنى

ئۈرۈمچىگە ئاچىقىپ دادا - بالا ئىككىسىگە خىزمەت ئىشلىدى. سۇلايمان تۇردى: «بۇ بالا كىچىكىدىن تارتىپ مېنىڭ دېگىنىمنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ چوڭ بولغان. مېنىڭ گېپىمگە كىرىدىغان ئىش بولسا ھازىرلا خوتەنگە ئەكەتكۈم بار. گېپىمگە كىرمەيدۇ» دېدى.

تەنتەربىيە كومىتېتى ئادىلجان بىلەن تۆت قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

- سىز شىنجاڭلىق. مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە شىنجاڭ ئۈچۈن ئويناپ شىنجاڭغا شەرەپ كەلتۈرسىڭىز شىنجاڭدىكى ھەرقانداق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسىڭىز ئوقۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ باش تېرىنېرى قىلساق، - دەپ يالۋۇردى.

- مۇسابىقىدە غەلىبە قىلىش يالغۇز بىر ئادەم بىلەن بولمايدۇ. مەيداندا بەش ئادەم بىر - بىرى بىلەن تولۇق ماسلىشىپ ئوينىغاندىلا ئاندىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما سىلەر مەن بىلەن ماس قەدەمدە ئوينايدىغانلارنى يېتىشتۈرەلمىدىڭلار، - دەپ ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈردى.

مۇشۇنداق چاغدا «شىنجاڭدەك تەرەققىي قىلمىغان ئاز سانلىق مىللەت چېگرا رايونىنىڭ ئاران بىر چولپىنىنى ئارمىيە كوماندىسى بۇلاپ كەتسە، ئارمىيە بىلەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ» دېگەن پىكىر چىقتى. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بۇ پىكىرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ھەم ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. بۇ ئىشنى مەخسۇس بىرتەرەپ قىلىشقا رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىغا ھەرقايسى جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، شىنجاڭ بىلەن تېزلا چۈشىنىش ھاسىل قىلدى.

ئادىلجان شۇنداق قىلىپ تارىختا ئۇيغۇرلار دۆلەت ئارمىيە كوماندىسىغا كىرىپ باقمىغان، دۆلەت كوماندىسىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالىي كوماندىغا كىرگەن تۇنجى ئۇيغۇر ۋاسكېتبولچى بولۇپ قالدى.

***دۆلەت كوماندىسىنىڭ نەزىرى ئادىلجانغا چۈشتى. ئۇ: «ئۆلچەمگە توشمايدىغان مۇشۇ بويۇم بىلەن شىنجاڭدىن دۆلەت كوماندىسىغا لايىق ئادەم چىقمايدۇ، دېگەن قاراشنى بۇزۇپ تاشلايمەن» دېدى.***

ئادىلجان خوتەننىڭ تۇن قاراڭغۇ كېچىلىرىدە يالغۇز ۋاسكېتبول ئويناپ تەرلەپ، پۇت - قوللىرىنى يۆتكىگىدەك مادارى قالماي ۋاسكېتبولنى قۇچاقلاپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ۋاسكېتبولنى قۇچاقلاپ جۇڭگونىڭ ئالىي ۋاسكېتبول سەھنىسىدە جۇڭگونىڭ گىگانت ئادىمى، ئىككى مېتىر يىگىرمە سەككىز سانتىمېتىر بويى بار قاپاقتېرەكتەك يوغان مۇتېبجۇ بىلەن ۋاسكېتبول تالىشىپ ئوينىسام، تۆگىنىڭ ئايىغىدىن بوغۇزنى چىشلەپ قاچقان ئوغلاقتەك ئۇ پالاكەت يوغان چولپان ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بولغۇچە مەن توپنى ئېلىپ بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولسام، تاماشىبىنلار قانچە كۈلۈشۈپ كېتەر. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئوينىسام، ئۇ گارنىڭ يېنىدا تۇرۇپلا بەرسە، مەن مايمۇندەك سەكرەپ يۈرۈپ توپ ئەپقېچىپ ئەكېلىپ بەرسەم، ھېچكىمنىڭ بويى سەكرەپمۇ يېتەلمەيدىغان گار بىلەن تەڭ بۇ ئادەم توپنى بېشىغا دوپپىسىنى كىيگەندەكلا سېلىپ قويسا قالتىس نەتىجە ئالىدىكەنمىز. بىزنى ھېچكىم يېڭەلمەيدىكەن دەپ ئاجايىپ خۇشاللىققا چۆمۈپ، ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ «شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق مەشىق قىلىش كېرەك» دەپلا سەكرەپ قوپۇپ، تۈن قاراڭغۇسىدا يەنە يالغۇز ۋاسكېتبول قوغلاپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى خۇدا راستىنلا مۇتېبجۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ يوغان تايغان بىلەن پاپا كۈچۈك سەكرىشىپ ئوينىغاندەك راستىنلا بىر سەپتە تۇرۇپ توپ ئويناشقا باشلىغاندا، بۇرۇنقى خىيالى ئېسىگە كېلىپ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى. ئۇ دۇنياغا داڭلىق گىگانت ئادەم مۇتېبجۇ بىلەن تۇنجى قېتىم بىر سەپتە مەشىق باشلىغاندا كاللىسىغا چاقماقتەك كەلگەن خىيال «ھازىرقى مىنۇتتىن باشلاپ تېخىمۇ قاتتىق ئويناپ، دۆلەت

كوماندىسىغا كىرىپ، يېقىن كەلگۈسىدە دۇنيا ۋاسكىتبول سەھنىسىدە خەلقئارا چولپانلار بىلەن ئويناپ، ئۇلارنى يېڭىپ يەرشارىنىڭ ئۇلۇغ ۋاسكىتبول شاھى مىخايىل جوردان بىلەن ئامېرىكا سەھنىسىدە ئېلىشىمەن. بۇ مېنىڭ ۋاسكىتبول ھاياتىمدىكى ئەڭ ئالىي غايەم» دەپ ئۆز - ئۆزىگە قارار جاكارلىدى. بۇ يەردىكىلەر- نىڭ بىرمۇنچىسى مېنى تەكلىماكاندىن كەلگەن ئۆلچەمسىز پاكار، قوملۇق مايمۇنىنىڭ شۇنچىۋالا غوۋغا تېرىپ بۇلاپ - تالاپ كەلگۈدەك قانچىلىك تالانتى بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە شىنجاڭدەك مائارىپى، مەدەنىيتى تەرەققىي قىلمىغان يەردىن تەربىيە كۆرمىگەن ياۋايى، ساپاسى تۆۋەن بىر تەبىئىي ماتېرىيالنى دۆلەت ھەربىي كوماندىسىغا ئەكىرىشنىڭ ئۆزى ئۆزىنى چۈشۈرۈۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلار بىر ھەسسە مەشىق قىلسا، مەن ئۇلاردىن بەش ھەسسە ئاشۇرۇپ مەشىق قىلىشىم، ئۇلار بىر ئوينىسا مەن ئون ئوينىشىم كېرەك، ھەر بىر قەدەم، ھەر بىر تىنىقتا مەن ئۇلاردىن ئېشىپ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرمىسام، ئۇلار ماڭا قايىل بولمايدۇ. مېنى قېتىغا ئالمايدۇ. دۆلەت كوماندىسىغا تاللىنىپ ئۆزۈمنىڭ ساپاسىز، تەربىيىسىز، ياۋايى تالانت ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاپ، پاكار ئادەم ۋاسكىتبولغا يارىمايدۇ. دۆلەت ئۈچۈن توپ ئوينىيالمايدۇ. خەلقئارا سەھنىلەرگە ئاچىقىلى بولمايدۇ. شىنجاڭدىن دۆلەت كوماندىسىغا لايىق ئادەم چىقمايدۇ دېگەن بارلىق سەپسەتە، قانۇنلارنى ئۆلچەمگە توشمايدىغان مۇشۇ بويۇم بىلەن بۇزۇپ تاشلايمەن، ئادىلجان خوتەندىن باشلىنىپ ئۇرۇمچىدە ئەۋجىگە چىققان ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان كېچە - كۈندۈزلۈك جان - پىدالىق مەشىقىنى يەنىمۇ قاتتىق باشلىدى، بۇ دۇنيا ئادىلجان ئۈچۈن ۋاسكىتبولغا ئوخشايدۇ. دۇنيادا ۋاسكىتبولدىن باشقا نەرسە يوق. ئادىلجان، ۋاسكىتبول، تاماق. ئادىلجان قورساق ئاچقاندا چىدىيالماي ۋاسكىتبولدىن ئۆزىگە قايىتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ نەدە نېمە قىلىۋاتقىنىنى كۆردى. بىر قېتىم ھەتتا قولىدىكى مومىنى ۋاسكىتبول دەپ يادىدا يوق پىقىرىتىپ ئېتىپ يەنە تۇتۇۋېلىپ ئاندىن يەنە قايتا ئېسىگە كەلدى. ئەتراپىدىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئادىلجان قولىدىكى ۋاسكىتبولدەك كۈرۈنگەن مومىنى كاللىسىنى بىر سىلكىپ تازا سىنچىلاپ قاراپ ئاندىن ئاغزىغا سالدى.



1985 - يىلى جىڭجۇدا مەملىكەتلىك ياشلار ۋاسكىتبول مۇسابىقىسىدە ئادىلجان پۈتۈن مەملىكەتكە تېخىمۇ قاتتىق پۇر كەتتى. مەملىكەت بويىچە بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى «ئادىلجان» دېگەن ئىسمىنى توختىماي تەكرارلاپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. «خەلق گېزىتى» بىرىنچى بەتكە «ۋاسكىتبول مەيدانىدىكى شىنجاڭلىق سېھرىگەر» دەپ ئادىلجاننى تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇردى. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن خەتلەر، تەبرىك، ئاتكىرىتكا قاردەك يېغىشقا باشلىدى. مىڭلاپ قىزلارنىڭ ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئىزھارى، ھەر خىل پاسۇندىكى قىزلارنىڭ سۈرىتىدىكى سەبي

كۆزلەر ئادىلجانغا تىكىلىپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە مەملىكەت بويىچە كۆلىمى، تەسىرى بىر قەدەر زور مۇسابىقە بولۇپ، مەملىكەت دائىرىسىدىلا ئەمەس، خەلقئارادىمۇ خېلى زور تەسىر قوزغىدى. بۇ مۇسابىقە مەملىكەت بويىچە ئەڭ مەشھۇر بەش نەپەر تەنھەرىكەت چولپىنىنى باھالاپ تاللىدى. ئادىلجان بۇ مەشھۇر بەش نەپەر چولپاننىڭ باش تەشكىلاتچى چولپىنى بولۇپ باھالاندى. مۇسابىقىدىن كېيىنلا ئادىلجاننى جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ «ئارمىيە» ياشلار كوماندىسىدىن «ئارمىيە» نىڭ خەلقئارا ئۆلچەملىك رەسمىي كوماندىسىغا يۆتكىدى. ئاخبارات ساھەسى، ھەرخىل ئاخبارات ۋاستىلىرى، ئوقۇغۇچىلار، توپ مەستانىلىرى ھەر ساھەدىكى كىشىلەر، ئادىلجاننى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. ئەمدى ئادىلجاننىڭ بىر مۇنچە مەشىق ۋاقتى، دەم ئېلىش ۋاقتى مېھمان قوبۇل قىلىشقا ئاجرىتىلىدىغان بولدى. 1986 - يىلى 4 - ئايدا «ئاۋغۇست» ئارمىيە ئالىي كوماندىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالىي دەرىجىلىكلەر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، توپ مەيدانىدىكى پەۋقۇلئاددە تەشكىللەش ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، مەيداندىكى سەپداشلىرىنى ئىستراتېگىيىلىك ماسلاشتۇرۇپ رەھبەرلىك قىلغىنى ئۈچۈن ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلدى. دۆلەت ياشلار كوماندىسى ئۇن - تىنسىزلا كېلىپ ئادىلجاننى دۆلەتلىك ياشلار كوماندىسىغا تاللاپ ئېلىپ كەتتى. فىلىپپىندا ئاسىيا ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا ئادىلجاننىڭ ئاچماق ئىشتان كىيگەن بالا چاغلىرىدا خوتەن كوچىلىرىدا ئۆزىدىن چوڭ بالىلارنى ئويۇنغا تەشكىللەيدىغان تۇغما سەركەردىلىك خاراكتېرى ئاجايىپ ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. ئۇ مەيداندىكى بەش ئادەمگە ناھايىتى ئۇنۇملۇك رەھبەرلىك قىلىپ، بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىنىڭ چېمپىيونلۇقىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن جۇڭگونىڭ قولىغا ئالدى. ئاسىيا ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى سەھنىسىدە جۇڭگو چېمپىيونلۇق تاجىنى كىيىپ، دۆلەت بايرىقى ھەممىدىن ئېگىز ئېسىلىپ، دۆلەت گىمىنى ھۆرمەت، شان - شەرەپ ئىچىدە ئورۇندالدى. جۇڭگونىڭ ھەممىدىن پاكار سەركەردىسى ھەممىدىن ئېگىز مۇنبەردە سەبىيلەرچە كۈلۈمسىرەپ تۇردى.

بۇندىن سەل ئىلگىرى، يەنى 1986 - يىلى 10 - ئايدا چاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ئەمەلىيەتتە فىلىپپىندىكى ئاسىيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە دۆلەت ئۈچۈن نامزات تاللاش مۇسابىقىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ مۇسابىقىدىلا دۆلەت ياشلار كوماندىسى ئادىلجاننى مەخپىي ھالدا نامزات قىلىپ تاللاپ بېكىتىپ بولغانىدى. مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئادىلجان «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىغا قايتىپ كەلدى. 1987 - يىلى دۆلەت ياشلار كوماندىسى ئادىلجاننى يەنە ئېلىپ كەتتى. بۇ قېتىم دۇنيا ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ئاسىيا گۇرۇپپىسى تاللاش مۇسابىقىسى مالايسىيادا بولدى. 1987 - يىلى 7 - ئايدىكى بۇ مۇسابىقىدە ئادىلجاننىڭ پەۋقۇلئاددە تەشكىللەش ئىقتىدارى، ھۇجۇم ئويۇشتۇرۇش سەنئىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

جۇڭگو بۇ مۇسابىقىدە ئىككىنچى نومۇرلۇق چېمپىيون دۆلەت بولۇپ، ئىتالىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيا ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنىڭ ئاسىيا تەرەپ ۋەكىلى بولۇپ، دۇنيا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشتەك جۇڭگوغا ھازىرغىچە كەمدىن - كەم نېسىپ بولۇپ كەلگەن ئالىي ھەم شەرەپلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى. دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىغا جۇڭگونىڭ ئۇيغۇر پاكار ماھىرى ئادىلجاننىڭ نامى تارالدى. خەلقئارالىق مۇخبىرلار ئادىلجاننى ئۈزۈلدۈرمەي زىيارەت قىلىپ خەۋەر قىلدى. چەت ئەللىك ئۇيغۇر يازغۇچى يۇلتۇز ئابدۇللا ئادىلجاننى جۇڭگودىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەرەپلىك ۋەكىلى دەپ تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە تەكرار تونۇشتۇردى. نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى كىشىلەر ئادىلجاننىڭ نامى بىلەن ئۇلۇشۇپ كەلگەن ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. دۆلەت ياشلار كوماندىسى ئادىلجاننى مەركەز قىلغان ماس قەدەملىك، ئۈملۈك روھىغا

www.uyghurkitap.com

باي مەشىقنى باشلىۋەتتى. سائەتلەپ، كۈنلەپ ساناپ مۇسابىقە ۋاقتى ئاز قالغانچە مەشىقنى شۇنچە كۈچەيتتى. كۈنلەر سانىلىپ جىددىي تەييارلىقلار ئەۋجىگە چىقىپ يولغا چىقىشقا ئىككى ھەپتە قالغاندا تازا تەرلەپ - پىشىپ توپ ئويناۋاتقان مەيدانغا «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىنىڭ رەھبەرلىرى كېلىپ ئادىلجاننى ئىشارەت قىلدى. ئادىلجان ھەيران بولۇپ ئويناۋاتقان سەپداشلىرىغا بىر قۇر قاراپ قويۇپ توپنى تاشلاپ كەلدى. باشلىق جىددىي ھەربىي كوماندا بەردى. ئادىلجان ھەربىيلەرگە خاس تىك تۇردى. «يۇقىرىنىڭ جىددىي ھەربىي بۇيرۇقى، ئادىلجان دەرھال ئارمىيە كوماندىسىغا قايتىپ يېڭى بۇيرۇق كۈتسۇن» ئادىلجان تېخىمۇ ھەيران قالدى. مەيداندىكى ھەممەيلەن ھەيران قالدى. نېمە دېگەنبىلەن ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەستە! ئادىلجان قايتتى. مەيداندىكى سەپداشلىرىلا ئەمەس، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قاتتىق ھەيران قالدى. كوچىدا ھەر خىل مۇلاھىزىلەر تارقالدى. گېزىتلەر ئادىلجاننىڭ ئىتالىيىدىكى دۇنيا ياشلار ۋاسكىتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىدىن نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز قالدۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى ھەر خىل مۇلاھىزە ماقالىلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلان قىلدى. كىشىلەر ھەرخىل تەھلىل قىلىشتى. مۇخبىرلار مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەرنى ئادىلجاننى زىيارەت قىلىپ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدىغانلىقىنى سورىدى. دەسلەپ جاۋاب مۇجمەل بولۇپ ياخشى، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بولمىدى. ھەتتا ئادىلجان ئۆزىمۇ نېمە ئۈچۈن ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا قالدۇرۇلغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، غەزەپتىن تامغا مۇشتلاپ كەتتى. مۇخبىرلار كېچە - كۈندۈز باشلىقنىڭمۇ، ئادىلجاننىڭمۇ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ چۈشەنچە بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى.

گېزىتلەردە كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ نارازىلىق تۈسىنى ئالغان ماقالىلىرى ئۈزۈلمەي ئېلان قىلىندى. ئەسلىدە ئادىلجاننىڭ تۇيۇقسىز مۇسابىقىدىن قالدۇرۇلۇشىنى جۇڭگونىڭ مەشھۇر سۇ ئۈزۈش چولپىنى مۇرات مالىكنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە باغلاپ ئادىلجاننىمۇ ئەنسىرەپ قالدۇرۇۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقالغانىدى. مۇرات ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگونىڭ داڭلىق سۇ ئۈزۈش چولپىنى بولۇپ، ئاسىيا ياشلار سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىدە مەملىكىتىمىزگە چېمپىيونلۇق شەرىپى كەلتۈرگەن تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇ تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيىگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مەملىكىتىمىز ئۈچۈن قاتتىق ھار كەلگەنىدى. مۇرات ئارمىيە سۇ ئۈزۈش كوماندىسىدا، ئادىلجان ۋاسكىتبول كوماندىسىدا بولۇپ، بۇ ئىككىسى يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار دائىم قويۇق بېرىش - كېلىش قىلاتتى. مۇرات چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خېلى بىر چاغلارغىچە خەت - ئالاقە قىلىشقانىدى. مانا ئەمدى بۇ دوستلۇق ئادىلجانغا يۈك بولغاندەك تۇيۇلدى. ئادىلجان باشلىقنىڭ شىرەسىگە مۇشتلاپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغان ھالدا ۋارقىرىدى:

– كوچىدا سۆز - چۆچەك بولۇۋاتقان گەپلەر راستمۇ؟ ماڭا چۈشەنچە بېرىڭ، مەن زادى بىلىپ قالاي.

– سىلەر زادى مۇرات بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە، ئاۋۋال مۇشۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭ؟ – دېدى باشلىق ئادىلجانغا مۇلايىملىق بىلەن.

– بىز ئادەتتە ئادەم بىلەم ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتتە. دادىسى مالىك ئاكا بىلەن دادام شىنجاڭنىڭ كونا ۋالىبول چولپانلىرى، ئۇلار يېقىن دوست. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئائىلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى بويىچە مالىك ئاكام دائىم مېنى ئۆيىگە ئۇيغۇرچە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ ئاتىدارچىلىق قىلدى. مۇراتمۇ، مەنمۇ بىر ئىداردە بولغاندىكىن دەم ئېلىش چاغلىرىمىزدا بىللە ئىدۇق. ئۇ ماڭا ھەممە گەپلىرىنى دېگەن، ئەمما چەت ئەلگە چىقىپ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى دېمىگەن. ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى مەن بىلمەيمەن. ھەتتا ئۇ چىقىپ كەتكەندە مەن بېيجىڭدا يوق ئىدىم، – دەپ قايناپ سۆزلەپلا كەتتى ئادىلجان.

– راستىنى ئېيتقاندا تەشكىل سىزنىڭمۇ ئىككىنچى مۇرات بولۇپ قېلىشىڭىزدىن

ئەنسىرەۋاتىدۇ. بۇ سىز ئۈچۈن بىر سىناق، سىز بۇ سىناقتىن چوقۇم ئۆتەلەيسىز. بۇندىن كېيىن تىخىمۇ تىرىشىپ ئۆزىڭىزنى ئىسپاتلىسىڭىز، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرسىڭىز، تەشكىل سىزگە بۇنداق پۇرسەتلەرنى كۆپ يارىتىپ بېرىدۇ. سىزنى مۇشۇنچىلىك پۇرسەتكە ئېرىشتۈرگەن، چولپانغا ئايلاندۇرۇپ چوڭ ھۆرمەتكە، نوپۇزغا ئىگە قىلغان تەشكىل سىزگە بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق دۇنياۋى مۇسابىقىگە قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ، - دېدى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ.

- بىراق سىزمۇ، تەشكىلمۇ شۇنى ئويلىمىدىڭلاركى، ئادەمگە ياشلىق پەقەت بىرلا نۆۋەت كېلىدۇ. يەنە بىر قېتىملىق دۇنيا ياشلار ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى بولغاندا مەن ئاللىقاچان ياشلىقىمدىن ئايرىلغان بولىمەن، شۇنداق قىلىپ مەن ھاياتىمدا پەقەت دۇنيا ياشلار مۇسابىقىسىگە قاتنىشالماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان بولدۇم.

مەن دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن جېنىمنى تىكىشكە تەييار بولۇپ ئويناشقا تەييارلانغانىدىم. ئالتۇندەك پۇرسەتتىن ئۇۋال قىلىپ ئايرىۋەتتىڭلار. . . - ئادىلجان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈدەك مادارى قالماي دەلدۈگىنىپ قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي قويۇلۇۋاتقان ياش بۇگۈن ئالمىغان ساقاللىرىنى يۇياتتى. مىڭلاپ گۈلدەستىلەر، ئاتكىرىتكا خەتلەر، يامغۇردەك پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر يەر - ھەر يەرلىرىدىن ياغما بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. خەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئادىلجانغا تەسەللى بېرىلگەن، ھېسداشلىق قىلىنغان، تېخىمۇ قەيسەر بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئادىلجان ئۈچۈن قايغۇرۇلغان، ئادىلجاننى مېھمانغا، زىيارەتكە، ساياھەتكە تەكلىپ قىلىپ، جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىنغانىدى. ئادىلجان بۇ خەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ ھېچ ئىش قىلىشقا رايى بارمايتتى.

## كۆچلۈك مۇھەببەت ئۇنى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىدىن ئاخىر تارتىپ چىقاردى

دېگىنىنى قىلىپلا چوڭ بولغان، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچراپ باقمىغان ئادىلجان ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئېغىر زەربىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇيان ئويلىسىمۇ، بۇيان ئويلىسىمۇ بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ زادىلا ئارام تاپالمىدى. ئاتا - ئانىسىنى، دوستلىرىنى، خوتەننى قاتتىق سېغىندى. مەشقنى تاشلىدى. مەشق توختىغاندىن كېيىن ئالاھىدە مەشىق تامىقى قالدۇرۇلدى. ئالىي دەرىجىلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش توختىتىلدى. ئۇ كۈن بويى لاغايلاپ يۈرىدىغان بولدى. ساقاللىرىنى ئالماي پېنسىيىگە چىققان قېرىلار بىلەن ماجاڭ ئويناشنى ئۆگەندى. قەلبىي خوتەن نەدىسەن دەپ ھازىرلا ئۇچۇپ بارغۇسى بولسىمۇ، بۇنداق مەغلۇبىيەت بىلەن سالپىيىپ بېرىشقا غۇرۇرى يول قويمىدى. «بۇ ھالدا يۇرتقا ھەرگىز ئالدىمنى قىلمايمەن» .

- ئادىلجان مەشىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەمەسىز؟ - دېدى ئادىلجانغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان جۇچىنلىڭ تېرىنىپ ھەسرەت بىلەن.

- ياق . . . ئوينىمايمەن، خوتەنگە كېتىمەن. يېڭىدىن كەلگەن تېرىنېر بىر كۈنى ئادىلجاننىڭ ئالدىنى توسىدى.

- مەن سىزنىڭ گۇاڭجۇدىكى مەملىكەتلىك ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىششىڭىزنى قارار قىلدىم، سىز چوقۇم قاتنىشىڭ، - دېدى.

- مەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي، مېنى خەلقئارا مۇسابىقىگە قاتناشتۇرمىساڭلار، مەن ھەرگىز توپ ئوينىمايمەن. ھېچقانداق مۇسابىقىگە قاتناشمايمەن.

ئادىلجان تاماكا چەكمەيتتى. تاماكا چېكىشنى، چەككەندىمۇ كۈنىگە ئىككى قاپ چېكىشنى ئۆگەندى. كېيىنتتە ئادىلجاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە پات - پات خەۋەرلەر ئېلان قىلىنىپ تۇردى. ھاراق ئىچىشنى ئۆگەندى. تېزلا تازا يېتىلگەن ھاراقكەشكە ئايلاندى. ئۇ مەست بولۇپ «پاھ، قالتىس راھەتلىك ھۇنەرنى ئەجەبمۇ بالدۇر ئۆگەنمەيتتىكەن-

مەن، بالدۇرراق هاراق ئىچكەن بولسام هەرقانداق كۆلپەت كەلسىمۇ خاتىرجەم ياشايدىغان ئادەملەردەك مەنمۇ خاتىرجەم ياشايدىكەنمەن، ئىسىت، ئاچچىق نەرسىنى نىمىشقا خەق قوغلىشىپ ئىچىدىغاندۇ دەپتىمەن ئەمەسمۇ».

جۈڭگو كوماندىسى ئىتالىيىدىن نەتىجىسىز قايتتى. ئادىلجان ھەسرەت بىلەن: «مەن بارغان بولسام ھەرگىز ئۇنداق بولمايتتى. مەن چوقۇم شان - شەرەپ ئېلىپ كېلەتتىم» دەپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. گېزىتلەرمۇ ئادىلجان بارغان بولسا جۈڭگو بۇنداق نەتىجىسىز قايتمايتتى. ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇم تەشكىللىگۈچى سەركەردىسىنى تاشلاپ، شان - شەرەپ پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى دەپ ھەسرەتلىك مۇلاھىزە قىلىشتى.

نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتكە ئوچۇق بايانات ئېلان قىلىپ، ئادىلجاننى ئۆزلىرىگە كەلسە قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئادىلجان قىساس ئېلىش ئىستىكى بىلەن ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسى ئۆزىنىڭ ھاكىممۇتلەق ھوقۇقلۇق ئورنى بىلەن بىر ھۆركىرەپلا بۇ گەپنى بېسىقتۇردى. ئادىلجان يېرىم بوتۇلكا هاراقنى تېرىنېرغا تەڭلەپ دېۋەيلەپ كەلدى:


- يا بېرىشكە چىدىمايسەن، يا ئۆزۈڭ ئىشلەتمەيسەن، مېنى مۇشۇنداق قىيناپ مۇشۇ قورۇيىڭدا سېسىتىپ تۈگەتمەكچىمۇ سەن؟ - دېدى.

- ئاڭلاپ قوي بالا. مەن بىر كۈن ھايات بولسام بىر كۈن سېنى قولدىن چىقارمايمەن. سەن ھازىر غەزەپ ئاچچىقىڭدا توپنى تاشلىغان بىلەن، يەنە قەيەردە بولساڭ توپنى قولۇڭغا ئالىسەن - دە، يەنە بىزنى ھەسرەتتە قويىسەن. سەن ھامان بىر كۈنى ئاچچىقىڭ ياندىغاندا مەيدانغا قايتىپ كېلىسەن، ئاچچىقىڭ يانغىچە بىز سېنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىمىز. سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتىمىز.

ئۇ خوتەنگە بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ باللىق بۇرچىنى ئورۇنلاشنىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ھەسرەتلىك ئارزۇسىنى غورۇرى توسۇپ زادىلا يولغا چىققىلى قويمىدى. «ياق. . . ياق، چىدايمەن. ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا بۇنداق سالپىيىپ بارغىچە ئۆلگىنىم ياخشى! » ئادىلجان كۈن بويى لاغايلاپ هاراق ئىچىپ مەستچىلىكتە كوچىلاردا يۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۈگىمەس ئۇلپەتچىلىك، ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىپ خۇدىنى يوقىتىپ ئىچىدىغان بولدى. بۇنداق ئولتۇرۇش - قوپۇش ئۇيغۇرلاردا ئاللىقاچان قانۇنلۇق ئىچىمغا ئايلانغان بولۇپ، دەريادەك ئۈزۈلمەس ئىچىن ئىدى. ئادىلجان بۇ ئىچىنىڭ دائىملىق بىر تارماق ئىچىنى سۈپىتىدە هاراق دەرياسىدا بىر يىل ئاقتى. «ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسى ئۇنى ئاشۇ بىر يىل سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى. بىر كۈنى بىر هاراق سورۇنىدا بىرى بوتۇلكىنى يەنە بىرىگە ئاتتى. «جاراڭ - جۇرۇڭ» ئاۋاز بىلەن ئادىلجان چۆچۈپ قارىدى. سورۇندا ئۇچقان بوتۇلكا، تەخسە، رۇمكىلار ئۇنىڭ كۆزىگە توپ ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىققان بىر ئوت ئۇنىڭ باغرىنى ئۆرتەپ مەستلىكتىن خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىدە ۋاللىداپ چاقنىدى. ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سورۇندىن ئېتىلىپ چىقتى. تاكسىغا ئولتۇرۇپ يىراق سورۇندىن ئۆز قورۇسىغا كەلدى. ئۇدۇل مەيدانغا كىرىپ بىر بۇلۇڭدىن توپنى تېپىپ ئوينىدى. ئوينىغانچە ئىچ - ئىچىدىن بىر خۇشاللىق روھ كۆتۈرۈلۈپ يەڭگىللەپ، ئىچىنى چىڭ سىقىپ تۇرغان بىر تۇمۇر قول ئاجراپ، ئۆزىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئۇ توپنى چىڭ قۇچاقلىغانچە باغرىغا ئۇزاقتىن ئۇزاق باستى. توپ ئۇنى بارغانچە سۈزۈك ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە ئويناتتى. يۇلتۇزلارغا بېشى تاقاشقىدەك بىر كەڭ بۇلۇت ئۈستىدە ئۇ بىرمۇنچە ناتونۇش ئادەملەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ ئويناپ كەتتى. توپ ئۇنىڭ بېشىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق پىرقىرىدى. «چاڭ - چاڭ» ئاۋازدىن ئادىلجان چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەيداندىلا توپنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ئاللىقاچان تاڭ ئاتقانىدى. ئۇنىڭ بېشىدا تېرىنېر كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپ چاۋاڭ چالغانىدى.

- بىلەتتىم ئەزىمەت، ئاخىر قايتىپ كېلەتتىڭ. مۇھەببەت سېنى ھامان بۇ يەرگە

ئەكېلەتتى. بىز سىنى ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە قىزغىن قارشى ئالىمىز، - دەپ كېلىپ ئادىلجاننى قۇچاقلىدى. 1987 - يىلى 11 - ئاي ۋە 1988 - يىلى 6 - ئايدا ئىككى قېتىم سىنگاپور، سۈرىيىگە بارىدىغان مۇسابىقىدىن ئادىلجان قالدۇرۇلدى. ئەمدى ئادىلجان بۇرۇنقىدەك قىلمىدى. ھەر نۆۋەت شۇنداق زەربە يېگەندە تېخىمۇ قاتتىق مەشىق قىلىپ، تېخىمۇ ماھارەتلىك ئوينايدىغان بولدى. ئەمدى ئۇ كولۇپلا قويدى.



1988 - يىلى تايلاندقا بارىدىغان چاغدا تېرىنېر مالىيەنباۋ چىدىماي ۋارقىراپ كەتتى.

- ئەگەر يەنە بۇ قېتىم ئادىلجان بارمايدىغان بولسا بۇ مۇسابىقىگە مەن بارمايمەن، ئىستېپا بېرىمەن، دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى سىلەر بىلەمسىلەر، ئۆزۈڭلار شۇنچە ئەخمەق، دۆت تۇرۇپ ئەجەبمۇ ئۆزۈڭلارنى ئەقىللىق چاغلايسىلەر. كۆڭلى - كۆكسىڭلارنى كەڭرەك تۇتساڭلار جاھان تەتۈر ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟

- ئەگەر ئادىلجان دوستىدەك قىلسا قانداق قىلىسىز؟!

- ئادىلجان ھەرگىز ئۇنداق بالا ئەمەس. ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، مەرد، ئىغىر - بېسىق، ئۇنىڭدا ياتلاش ھېسسىياتى يوق. كۆيۈمچان، ھېچقايسىڭلار ئادىلجاننى مەندەك كۆزەتمىدىڭلار، مەندەك چۈشەنمەيسىلەر، ئەگەر ئۇ دوستىدەك قىلىدىغان بولسا مەن مالىيەنباۋ كاللامنى دو تىكتىم. ئاتامسىلەر، چاپامسىلەر رازى بولىمەن...

كرىزىس تۇمانلىرى مانا شۇنداق مالىيەنباۋنىڭ ھۆركىرەپ تۇرۇپ مەيدە قېقىپ چىقىشى بىلەن تارقاپ، ئادىلجان تايلاندتىكى تەكلىپ مۇسابىقىسىگە باردى. جۇڭگو كوماندىسى چېمپىيون بولدى. ئادىلجان ئېغىر - بېسىق تەبەسسۇم بىلەن شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندە، كىشىلەر نەزىرىدىكى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ كۆڭلى تېخىمۇ ئېچىلىپ يورۇپ كەتتى. دۆلەت كوماندىسى ئەمدى قايتا ئادىلجانغا ئىشەنچ بىلەن كۆز تىكتى. دۆلەت كوماندىسىنىڭ ھاجىتى ئادىلجانغا رەسمىي قىستاپ چۈشكەن، جۇڭگودا ئادىلجاندىن ئارتۇق ياكى ئۇنىڭغا تەڭلەشكۈدەك ھۇجۇم تەشكىلاتچىسى يوق ئىدى. ئاخىر 1989 - يىلى 4 - ئايدا دۆلەت كوماندىسىنىڭ شۇ چاغدىكى باش تېرىنېرى سۈن بالڭ شىئەندىكى چولپان كوماندىلار تەكلىپ مۇسابىقىسىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش يىغىنىدا سۆزلىدى. بىر مۇخبىر:

- دۆلەت كوماندىسىدا ئادىلجانغا تەڭ كەلگۈدەك ھۇجۇم تەشكىلاتچىسى يوق. مۇشۇنداق بىر تالانتلىق مۇنەۋۋەر چولپاننى نېمە ئۈچۈن دۆلەت كوماندىسى ئۆز قوينىغا ئالمايدۇ؟ - دەپ سورىدى.

سۈن بالڭ:

- ئادىلجاننى دۆلەت كوماندىسىغا رەسمىي قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىت بولدى. بۇنى بىز ئويلىشىمىز.

مۇخبىر:

- ئادىلجاننىڭ بوي ئېگىزلىكى ئۆلچىمى دۆلەت كوماندىسىغا قوبۇل قىلىنىشقا توسالغۇ بولامدۇ، يوق؟

سۈن بالڭ:

- ۋاسكېتبول ئېگىزلەرنىڭ ئىشى دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنى ئامېرىكىلىق بوتېر بىلەن بىزنىڭ ئادىلجان بۇزۇپ تاشلىدى. ئەمدى بۇ كۆزقاراش ئېشىپ قالدى. مېنىڭچە، ئادىلجاننىڭ بويى دۆلەت كوماندىسىغا رەسمىي قوبۇل قىلىنىشقا پۇتلاشمايدۇ. ئادىلجان يەنە

دۆلەت كوماندىسىغا رەسمىي ئەزا بولۇپ قايتا كىردى.

1989 - يىلى 8 - ئايدا يەنى ئادىلجان دۆلەت كوماندىسىغا كىرىپ ئىككى ئايدىن كېيىن، گېرمانىيىدە دۇنيا ئالىي مەكتەپلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى بولدى. گېرمانىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى «جۇڭگونىڭ ھەقىقىي ۋاسكېتبول ئەزىمىتى ئادىلجان» دەپ ئوبزور ئېلان قىلدى. سۇن بالڭ ئادىلجاننى مەھكەم قۇچاقلاپ خۇشاللىق ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ:

- ھەي ئادىلجان، ھەي ئادىلجان، سېنى خەقلەر گەپ ئاڭلىمايدۇ، باشقۇرغىلى بولمايدۇ، قېچىپ كېتىدۇ. جۇڭگوغا كۆيۈنمەيدۇ، توپنى پارتىزاندەك ئوينايدۇ، سىستېمىلىق، قانۇنىيەت بويىچە ئوينىمايدۇ دېسە، ئۇزاقتىچە سېنى كۆزىتىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن، مانا بۈگۈن كۆردۈم. سەن ھېچ يەرگە كەتمىدىڭ. تەرتىپلىك، مۇلايىم، ياۋاشكەنسەن، جۇڭگونىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن شىردەك ئېلىشتىڭ. سەن بىزنىڭ ئەڭ قەيسەر جەڭچىمىز. 1985 - يىلى باشلانغان گېزىتلەردىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ بىرىدە «خوتەندەك بىر بۇلۇڭدىن، قوملۇقتا ئۆزى خالىغانچە توپ ئويناپ چىققان تەربىيىسىز بالا، پارتىزان توپچىنى دۆلەتنىڭ ئارمىيە كوماندىسىغا قوبۇل قىلىش ئالجىغانلىق» دەپ ھەسەتنامە ئېلان قىلىنغانىدى. ھەر قېتىم مۇسابىقە بولغاندا، پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى ئادىلجانغا تەنتەنە قىلىپ شۇنداق سۆز - چۆچەكلەرنى بىتچىت قىلىۋەتتى. مۇخبىرلار ئادىلجاندىن سورىدى:

- كىشىلەر سىزنى پارتىزان دەيدىكەن، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

ئادىلجان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

- مېنىڭچە، توپنى قارشى تەرەپكە تارتقۇزۇپ قويماي، قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۇزۇپ، ئۆز سەپداشلىرىغا توپ كىرگۈزۈش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنىڭ ئۆزى ھەرقانداق سەپسەتە، نەزەرىيىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پاكىت. ۋاسكېتبول ساھەسىدىكى قۇرۇق سەپسەتىچىلەردىن كۆرە، مەيداندىكى ئەمەلىي نەتىجە بىلەن تاماشىبىنلار ئەڭ غەرەزسىز، خالىس باھالىغۇچىلاردۇر. رەسمىي ئۆلچەيدىغان تارازا مەيداندىكى غەلىبىنىڭ ئالقىش ساداسى، تەنتەنىسى. تەنھەرىكەتچىنىڭ قىممىتى قۇرۇق نەزەرىيىچىلەرنىڭ ئاغزى ئەمەس، مەيداندىكى ئەمەلىي ماھارەت. توپ مەيداندىكى ئادەملەر ھەقىقىي باھالىغۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە. قۇرۇق سەپسەتىچىلەر بولسا كۆڭلىگە غەرەز يوشۇرۇنغان ئالدامچىلار، - دەپ جاۋاب بەردى.

1988 - يىلى رەسمىي مەشىق باشلىنمىغان چاغلاردا، مالىيەنباۋ ئادىلجاننى ئۆزى بىلەن سىچۈەننىڭ چۇڭچىڭ شەھىرىدىكى مۇسابىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە زورلاپ ئېلىپ بارغان. مۇسابىقىنى كۆرسە توپتىن قايتقان رايى مۇھەببەتكە ئايلىنار، ئازار يېگەن كۆڭلى ئېچىلىپ قالار دەپ ئېلىپ بارغانىدى. كۈتمىگەن يەردىن دېڭىزدەك تەۋرەپ تۇرغان تاماشىبىنلار چۇقان كۆتۈرۈپ: «ئادىلجان چۈشسۇن، ئادىلجان چۈشمىسە مۇسابىقىنى كۆرمەيمىز» دەپ قىقاس - چۇقان كۆتۈرگىلى تۇردى.

- كۆردۈڭمۇ ئادىلجان، خەلق قەلبىدىكى ئورنۇڭ ھەرقانداق خەلقئارا مۇسابىقىدىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ. سەن روھىڭنى كۆتۈر، - دېگەنىدى مالىيەنباۋ. ئادىلجاننىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

### *ئوڭۇشسىزلىق - غەلىبە، يەنە ئوڭۇشسىزلىق، يەنە غەلىبە...!*

1996 - يىلى ئادىلجاننىڭ دادىسى سۇلايمان تۇردىنىڭ بويۇن ئومۇرتقا سۆڭىكى ئېرىپ بېسىۋېلىش سەۋەبىدىن قول مۇسكۇلى كىرىشىپ قالىدۇ. ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ جىددىي داۋالاتقان بولسىمۇ ياخشى بولالماي خوتەنگە قايتىدۇ. ئادىلجاننىڭ دوستى شاۋكەت خوتەنگە بېرىپ، بۇ ئىشتىن ئادىلجاننىڭ خەۋىرى بار - يوقلۇقىنى سورىغاندا، سۇلايمان تۇردى:

- ھازىر ئادىلجان دۆلەت كوماندىسىدا بىر توپ رىقابەتچىسىنىڭ ئېغىر خىرىس - قورشاۋى

ئاستىدا قاتتىق مەشىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ مەشىقنى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ قىلمىسا ئاتلانتادىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىن قېلىپ قېلىش خەتىرى چىقىشى مۇمكىن. ئوغلۇم مەشىق مەيدانىدىن مىنۇت ئايرىلسا ئولىمپىكقا بارالمايدۇ. مەن ساقايمىسام مەيلىكى، ئوغلۇم ئولىمپىكتىن قالمىسۇن.

بوۋاينىڭ هالىغا قاراپ شاۋكەت چىداپ تۇرالماستىن ئادىلجانغا خەۋەر قىلدى. چۈنكى سۇلايمان تۇردىنىڭ مۇشۇ بىرلا بالىسىدىن باشقا، ئۇنىڭغا يۆلەنچۈك بولغۇدەك باشقا ئوغۇل بالا يوق ئىدى. ئادىلجان بېيجىڭدىن يىراق لۇجۇ دېگەن يەردىكى تاغ ئارىسىدا ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈچۈن ناھايىتى جىددىي ھەم ئېغىر مەشىق قىلىۋاتاتتى. دادىسىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئەس - هوشىنى يوقىتىپ قويغىلى ئاز قالدى. مەشىق مەيدانىدىن ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ دوستلىرىغا تېلېفون بەردى. ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن چوقۇنغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ھەر ساھەدىكى داڭلىق، پۇللى بار شىركەت خوجايىنلىرى، ھەر ساھەدىكى كارخانىچىلار، مەشھۇر كىشىلەر ئىدى. دوستلىرىدىن ئۈچمۇ ئۈچتىن تېلېفون كەلگىلى تۇردى:

— ئادىلجان، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەشىق مەيدانىدىن بىر قەدەم ئايرىلسىڭىز بولمايدۇ. ئولىمپىكقا بارمىسىڭىز بىزنىڭ روھىمىز چىقىپ ئۆلۈككە ئايلىنىپ قالىمىز. ئادىلجان، ئولىمپىكقا بارمىدى دېگەن گەپ جۇڭگونىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز دۆلىتىمىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى خالىمايمىز. بىر يېرىم مىليارد نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەتنىڭ ئولىمپىك مەيدانىدىكى بەش ۋەكىلىنىڭ سەركەردىسى سىز. سىز بولمىسىڭىز بۇ بەش ئادەم ماسلىشالمايدۇ. سىز دادىڭىزدىن قەتئىي خاتىرجەم بولۇڭ، سىز بىر بالا بولسىڭىزمۇ، مىڭلىغان جۇڭگو ياشلىرى دۆلىتىمىزنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا دادىڭىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ سىزدىنمۇ بەك دادىڭىزنى پاتراق قۇتقۇزىمىز...

ھەر تەرەپتىن ئۈچمۇ ئۈچ كەلگەن ئادىلجانغا مەدەت بېرىش تېلېفونلىرى ئادىلجانغا ئىلھام ھەم مەدەت بەردى. دوستلىرى جۇڭگودىكى بارلىق دوختۇرخانا، داڭلىق دوختۇرلارنى ئۇقۇشۇپ ئۇدۇللۇق ئادىلجانغا - تېلېفوندا دوكلات قىلىپ دوختۇرخانا، دوختۇر تاللىدى. كېچە - كۈندۈز مەشىق ئارىلىقىدىكى بارلىق دەم ئېلىش ۋاقتى دوستلىرىنىڭ دوختۇرخانا تاللاپ تونۇشتۇرۇپ بەرگەن تېلېفونلىرىنى قوبۇل قىلىپ مەسلىھەتلىشىش بىلەن ئۆتتى. ئۇلار ئاخىر نەنجىڭ ھەربىي دوختۇرخانىسىنى تاللىدى. دوستلىرى ھازىرلا خوتەنگە ئۇچۇپ بېرىپ دادىسىنى نەنجىڭغا ئەكېلىمىز دەپ تۇرۇۋالدى.

— توختاڭلار، مەشىق ئاخىرلىشىشقا ئىككى ھەپتە قالدى. مەشىق ئاخىرلاشقان كۈنگە توغرىلاپ دادامنى ئەكېلىڭلار، قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا مېنىڭ بولغىنىم ياخشى، دادام خەنزۇ تىلىدا ئانچە راۋان ئەمەس. مىجەز - خاراكتېرىمۇ سىلەرنى قىيناپ قويىدۇ.

— سەن ئۈچۈن نېمە بولساق مەيلى، داداڭ بىزنى ئۇرۇپ - قوغلىسىمۇ بىز خىزمىتىدە بولىمىز، نەنجىڭ ھەربىي دوختۇرخانىسىغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەر ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ ئاي ئۆچىرەت ساقلايدۇ. بىز ھازىرلا داداڭنى ئەكەلمىسەك بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئادىلجاننىڭ خەنزۇ دوستلىرى ئادىلجاننىڭ دادىسىنى نەنجىڭغا ئەكېلىپ ئۈچ كۈندىلا ياتاققا ئالدۇردى. ئادىلجان بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتۇرۇپ تۇردى. سۇلايمان تۇردى ئادىلجاننىڭ دوستلىرىدىن رازى بولغانلىقىدىن تېلېفوندا يىغلاپ كەتتى.

— بالام، ئەجەبمۇ ئوبدان دوستلىرىڭ باركەن، سەن بولساڭمۇ مېنى بۇنچىۋالا كۈتۈپ بولالمايتتىڭ...

ئادىلجاننىڭ بېشىدا يەنە بىر غەم بار، ئۇ بولسىمۇ ئايالى دىلنۇرنىڭ تۇغۇت ۋاقتى قىستاپ قالغان، كېچىمۇ - كۈندۈزمۇ دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان ئىشمۇ ھەممىسىنى دىلنۇر ئۆزى يالغۇز بىر ئۆيدە ئۆزىنىڭ هالىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىپ قىينىلىپ نەپەس ئېلىپ ئاران ئولتۇرۇپ قوپاتتى. ئادىلجان مەشىقنىڭ پاتراق تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈن ساناپ تۇرغاندا، دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇشى غەم ئۈستىگە غەم قوشتى. دادىسىنى جىددىي

ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغان خەۋەر كېلىپ ئادىلجاننى تېخىمۇ قايدۇرۇۋەتتى.

- مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوپېراتسىيە ئۈستىدە مەن تۇرمىسام ئۆزۈمنىڭ بىرلا بالا بولۇش بۇرچۇمنى ئادا قىلمىغان بولىمەن. ئالتە كۈندىن كېيىن مەشىق ئاخىرلىشىدۇ. ئوپېراتسىيىنى مېنىڭ مەشىق تۈگەش ۋاقتىمغا توغرىلاڭلار.

- دادائىڭ بىر مىنۇت بالدۇر ئوپېراتسىيە قىلىنسا شۇنچە ياخشى ئىدى. كېسەل ھازىر جىددىي، خەتەرلىك باسقۇچتا، ئەگەر كېچىكسە پالەچ بولۇش ئېھتىمالى زور.

- ئەمىسە مەن ھازىرلا بارىمەن.

- ياق، كەلمە. . . بىز بارلىق ئامال بىلەن ئوپېراتسىيىنى سېنىڭ ۋاقتىڭغا توغرىلايلى. دوختۇرلار شۇنىڭ ئامالىنى قىلىدىغان قىلىمىز. ئادىلجان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تېرىنىرغا ئەھۋالنى دەپ رۇخسەت سورىدى.

- ئالتە كۈن قالدى، چىدا. ھازىر مەنمۇ، ھەتتا دۆلەتتە ھېچكىم سېنىڭ مەشىق مەيدانىدىن ئايرىلىشىڭغا رۇخسەت بېرەلمەيدۇ. دوختۇرلار ئامال قىلىپ خەتەرنى كونترول قىلىپ تۇرسۇن ياكى ئوپېراتسىيە قىلىۋەرسۇن، سەن بولساڭ نېمە قىلىپ بېرەتتىڭ.

شىرەگە ئۇرۇلغان قاتتىق مۇشتتىن تېرىنىر چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ سەگەكلەشكەن ھالدا ئادىلجانغا قارىدى. ئادىلجاننىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەنىدى.

- بىلىپ قوي . . . ئۇ دېگەن مېنىڭ دادام. . . -

ئادىلجان شۇنداق دەپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ چىقىپ كەتتى. تېرىنىر چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. نەنجىڭدىن تېلېفون كەلدى:

- ئادىلجان، خۇش خەۋەر، دادائىڭنىڭ كېسىلىنى چەت ئەلنىڭ قىممەت باھالىق ئالىي دەرىجىلىك ئوكۇل - دورىلىرى بىلەن تىزگىنلىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن سەن كەلگەندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بولدى. خاتىرجەم مەشىق قىلىۋەر، دادائىڭنىڭ بېشىدا - ئايىقىدا بىز تۇرۇۋاتىمىز. ئادىلجان ئۇھ دەپ دىلنۇرغا تېلېفون بەردى.

- مەن ئەسلى مەشىق تۈگىگەن مىنۇتتا كېچىچە بېيجىڭغا بېرىپ بولاتتىم. سىزگە ھازىرغىچە ئۇقتۇرمىغان ئەھۋالنى دەپ قويمىسام بولمىدى. دادامنى ھازىر نەنجىڭغا ئەكېلىپ جىددىي قۇتقۇزۇۋاتىدۇ، جىددىي ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىكەن. مېنى ساقلاپ قالدى، ئوپېراتسىيە ئۈستىدە تۇرمىسام بولمايدۇ. شۇڭا مەن مەشىق تۈگىگەن مىنۇتتا ئۇدۇل نەنجىڭغا بارىمەن. ئوپېراتسىيىدىن ئوڭۇشلۇق چىققان ھامان بېيجىڭغا سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئۇچۇپ بارىمەن. . .

- دادامنى خوتەندىن كىم ئەكەلدى؟

- بېيجىڭ، نەنجىڭ، شاڭخەي، ئىشقىلىپ ھەر يەرلەردىن كەلگەن مەن كۆرۈشكەن ھەتتا كۆرمىگەن بىرمۇنچە دوستلىرىم دادامنى خوتەندىن ئەكېلىپ نەنجىڭدا داۋالىتىۋاتىدۇ. دادامنىڭ يېنىدا شۇلار بار.

ئادىلجان مەشىققە چىقتى. تېرىنىر خۇشال بولدى. ئەمما ئادىلجانغا قاپىقىنى ئاچمىدى. ئادىلجان تېرىنىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

- كەچۈرۈڭ، سىزگە قوپاللىق قىلىپ قويدۇم، ئاچچىقىم كەلسە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشنى ئۆگىنىۋالغىلى ئىككى يىل بولغان، ئەمما بۈگۈن ئۆزۈمنى باسالمىدىم. بۇندىن كېيىن ئۇنداق بولمايدۇ.

تېرىنىر گەپ قىلمىدى، ئادىلجان مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. ئادىلجان ئۆزىنى بېسىۋالالماي تېرىنىرغا ئاچچىقلايدىغان ئىش تۆت كۈندىن كېيىن يەنە يۈز بەردى. مەشىق تۈگەشكە تۆت كۈن قالغان كۈنى چۈشتىن كېيىن لۇجۇدىكى مەشىق مەيدانىغا قورسىقىنى كۆتۈرۈپ ئاران مېڭىپ تىنىقلىرى يېتىشمەي قالغان دىلنۇر كەلدى.

دىلنۇر ئادىلجاننىڭ ئايالى بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇل چولپىنى ئىدى. ئۇلار 1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىسلام كاتتا رېستورانىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكەنىدى. دىلنۇر بىلەن ئادىلجان دەسلەپ ئىككىسى ئۈچ ئايغىچە ئايرىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىدارىسى يول مېڭىپ ئايالىنى ئۆزى بار ئارمىيە كوماندىسىغا يۆتكەپ ئەكېلىپ بەرگەنىدى. ھالبۇكى ئۆي يىراق، يەنە كېلىپ



ئۇلار ئالدىراش بولغاچقا، ھەپتىدە بىرەر قېتىم تەستە كۆرۈشەلەيتتى. ئايالى ئادىلجانغا ھەر جەھەتتىن كۆيۈنەتتى، ئۇنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەڭداشسىز كۈچلۈك ئادەم بولۇشىنى تىلەيتتى، شۇڭا جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ مېدىتسىنا ۋە يېمەكلىككە ئائىت ھەر خىل كىتابلىرىنى ئوقۇپ، شۇ بويىچە ئوزۇقلۇق قىممىتى ئەڭ ياخشى يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار تولىمۇ ئىناق، بەختلىك ئىدى.

تېرنېر گۇڭ لۇمىڭ تېرىككىنىدىن قولىدىكى توپنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ، توپ بىلەن تەڭ ئاسمان - پەلەك ۋارقىراپ قايناپ كەتتى. چۈنكى قاتتىق مەشىق مەزگىلىدە ھېچكىم بىلەن، بولۇپمۇ ھەرقانداق ئايال بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە بولمايتتى.

- پەقەت ئۆت كۈن چىداشساڭلار بولمامدۇ، ئۆت كۈن قالغاندا تاقەت قىلالماي دىلنۇرنى چاقىرتىپ ئەكەلگىنىڭ نېمىسى. بۇ ئادەتتىكى خەلقئارا مۇسابىقىنىڭ مەشىقى ئەمەس. ئولىمپىك مۇسابىقىنىڭ مەشىقى. مەشىقتىن باشقا بىر مىنۇت زېھنىڭ چېچىلسا جۇڭگونىڭ شان - شەرىپىگە ئېغىر زىيان يېتىدۇ. سەن زادى تۇزۇمگە بويسۇنمايسەن، ئۆزۈڭ بىلگەننى قىلىسەن...

ئادىلجان بىردە دىلنۇرغا، بىردە گۇڭ لۇمىڭغا قاراپ داڭ قېتىپ قالدى. تېرنېر بارغانچە قايناپ چىچاڭشىپ ئاغزىنى بۇزۇپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. ئاران مېڭىپ كەلگەن دىلنۇر يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاپ ئارقىسىغا ياندى. ئادىلجان توپنى تاشلاپ دىلنۇرنى يۆلەشتۈرۈپ ياتىقىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ چاي تۇتتى.

- مەن ئۇدۇل نەنجىڭغا بېرىپ دادامنىڭ خىزمىتىدە بولاي دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن ئېغىر بويۇم بىلەن يولدا تاسادىپىي ئىش بولمىسۇن دەپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىپ، سىز بىلەن بىرگە باراي دەپ ئويلاپتىمەن. مەن خاتا ئويلاپتىمەن، سىزنى يامان ئەھۋالدا قويدۇم، مېنى كەچۈرۈڭ.

- بولدى... ئەپۇ سورىماڭ... ئالدىڭىزدا بەك خىجىل بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئەسلى سىزگە دېمىسەم بوپتىكەن، قىينىلىپ بىر قەدەم ئالمىغىنىڭىز شۇنچە تەس تۇرسا بۇ يەرگە قانداقمۇ كەلگەنسىز. بۇ يەرگە كېلىمەن دېمىگەنتىڭىز، تېلېفون بەرگەن بولسىڭىز مەشىق تۈگىگەندە بېيجىڭغا بېرىپ ئاندىن سىزنى ئېلىپ نەنجىڭغا باراتتىم، - دېدى ئادىلجان.

- تېلېفون بېرەي دەپ ئويلاپ سىزگە ئارتۇق ئاۋارىچىلىك كەلتۈرگىچە ئۆزۈملا باراي دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى نەنجىڭغا مېنى بارغىلى قويماي توسۇپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرىدىم.

- بولار ئىش بولدى، سىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. تېرنېردىن رەنجىگىلى بولمايدۇ، ئۇنى توغرا چۈشەنمىسەك بولمايدۇ. سىز ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، مەشىق تۈگىگەن ھامان كىرىمەن.

ئادىلجان چىقىپ تېرنېرغا مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈردى:

- مەن دىلنۇرنى كېلىڭ دەپ تېلېفون بەرمىگەن ھەم ئۇ ئۆزىمۇ بۇ يەرگە كېلىدىغان گەپنى قىلمىغان، نەنجىڭغا مەن بىللە بارىمەن دەپ تۇيۇقسىزلا كەپتۇ...

- ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشىڭنى ئاڭلىغۇم يوق، خوتۇنۇڭغا ھازىرلا بېرىپ دە، بۇ يەردىن

دەرھال كەتسۇن.

- كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇنىڭ بىر قەدەم ماڭغۇدەك ھالى قالماي ئاران كەپتۇ، ئۇنىڭسىزمۇ مەن ئۇنىڭ ئالدىدا بەك خىجىل. ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە يالغۇز تاشلاپ قويغىنىمنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

- ئەمىسە بۇگۈن دەم ئېلىپ ئەتە كەتسۇن، كەتكۈزىۋەت.

- سىز ئۇنداق. . .

- مەن كەتكۈزىۋەت دېگەنىدىكىن كەتكۈزىۋەت، بولمىسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

- مەن باياتىن بېرى سىزگە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ يالۋۇرۇۋاتقاندەك گەپ قىلىۋاتىمەن، سىز ماڭا بۇنداق قوپاللىق بىلەن ۋارقىراۋەرمەڭ. سىز بىلەن مەن كوماندىنىڭ پېشقەدەم ئەزالىرى، بىز نۇرغۇن قېتىملىق مۇسابىقىنى بىر سەپتە بىللە ئوينىغان كونا سەپداشلار. مېنى، مېنىڭ ئەھۋالىمنى چۈشىنىڭ، مەن ئايالىمنى كەت دېيەلمەيمەن ھەم كەتكۈزمەيمەن.

- سەن كونا چولپانلىق سالاھىيىتىڭنى پەش قىلىپ ماڭا تەھدىت سالما، بۇرۇن ئىككىمىز بىللە ئوينىغان بولساق ئۇ دېگەن كونا گەپ. مەن ھازىر سېنىڭ تىرىنېرىڭ. سەن ھازىر مېنىڭ بىر ئەسكىرىم، مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىشىڭ كېرەك.

- ئاغزىڭنى يۇم. شۇنچە چىرايلىق گەپ قىلىۋاتسام نېمە ھەددىڭدىن ئاشىسەن، سەن بىلگەننى مەن سەندىن ئوبدانراق ھەتتا ئارتۇق بىلىمەن. ئامېرىكىلىقلار كېچە - كۈندۈز ھېلى ئۇ خوتۇن، ھېلى بۇ خوتۇن بىلەن ئويناپ چىقىپ سەن بىلەن بىزدەك ئايلاپ - يىللاپ خوتۇن قارىسى كۆرمەي مەشىق تەرى قۇرۇمىغانلارنى يېڭىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق كونا پەتىۋارىڭنى قاچانغىچە كۆتۈرۈپ يۈرىسەن. ھامىلىدارغا ئادەم ئەمەس ھايۋان چېغىدا ھۆرمەت قىلىدۇ، سەندە شۇنچىلىكمۇ ھېسسىيات يوقمۇ، بولدى ئەمدى ساڭا گەپ قىلغۇممۇ، گېپىڭنى ئاڭلىغۇممۇ يوق. توپ مەيداندا ھېچكىمدىن بىر قەدەم ھەتتا بىر تىنىقتىمۇ قالمايمەن. شۇنداق قىلالمىسام گېپىڭ بولسا دە! . . .

ئادىلجان شۇنداق دەپلا مەيدانغا سەكرەپ كىرىپ كەتتى. گۈڭ لۇمىڭ داڭ قېتىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. كوماندىسىنىڭ ھېچبىر ئەزاسى ئۇنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىنى بۇنداق رەت قىلغان، ھەتتا قوپاللىق قىلغان ئەمەس. ماۋۇ پاكار ئەجەبمۇ ئوسال قىلدى ئادەمنى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئادىلجان گۈڭ لۇمىڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەپۇ سورىدى:

- تۈنۈگۈن مەن خاتا قىلدىم، سىزگە ئاچچىقلىمايمەن دەپ ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئاچچىقلاپ تاشلىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. مەن ئەزەلدىن ۋەدەمدە تۇرۇپ كەلگەن. مېنىڭ يۇرتۇم خوتەندە ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەمنى بەك يامان كۆرۈپ سەن ئەركىشى ئەمەس، چىدىمكۆت دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئەر كىشى تۇرۇپ خوتۇن كىشىدەك ئەر كىشىگە دوڭغۇيىدۇ دېگەن مەنىسى بار. مېنى كەچۈرۈڭ، ئۆزۈمنى شۇنچە بېسىۋالسامىمۇ، ئادەم ئۆزىنى يەڭمەك بەك تەسكەن.

گۈڭ لۇمىڭنىڭ سالپىيىپ كەتكەن قاپىقى ئېچىلدى. ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

- بولدى چاتاق يوق، مەنمۇ سىزگە قوپاللىق قىلدىم. بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنداق بولسا دىلنۇرنى بۇگۈن يولغا سېلىۋېتەرسىز؟!

- ياق، ئۇ مەشەدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ مەن بىلەن نەنجىڭغا بارماقچى، بىز ۋەدىلىشىپ بولدۇق، ۋەدەمدە تۇرمىسام بولمايدۇ.

كۈلۈپ تۇرغان گۈڭ لۇمىڭنىڭ قاپىقى بىراقلا تۈرۈلدى. ئادىلجان تەبەسسۇم بىلەن خوشلىشىپ مەشىق مەيدانىغا چىقىپ كەتتى.

ھىم، سەن پەقەت مېنىڭ ئاچچىقىمنى ياندۇرغىلى، ئۆزۈڭنىڭ غەشلىكىنى چىقىرىۋەتكىلى كىرىپسەن - دە، يەنە مېنىڭ گېپىمنى ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭكىنى راست قىلىپسەن خۇمپەر، خەپ، مەنمۇ ئۆز گېپىمنى راست قىلمايدىغان بولسام، قاراپ تۇر.

ئولىمپىك مەشىقى مانا مۇشۇنداق كىرىزىس ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئادىلجان دېگىنىنى قىلىپ دىلنۇرنى ئۆزى بىلەن نەنجىڭغا ئېلىپ باردى. دوستلىرىنىڭ، چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئادىلجان نەنجىڭدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. دادىسىنىڭ ئوپېراتسىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. دوستلىرى بارلىق تىرىشچانلىقىنى

كۆرسەتكەنىدى. سۇلايمان تۇردى ئوغلىدىن، ئوغلىنىڭ دوستلىرىدىن رازى بولۇپ رەھمەتلەر ئېيتىپ ساقايغان ھالدا خوتەنگە قايتتى.

تۆت ئايدىن كېيىن مەملىكەت بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كوماندىلاردىن چولپانلار كوماندىسى تەشكىللەپ، چولپان كوماندىلاردىن ئولىمپىكقا قاتنىشىدىغان چولپانلارنى تاللاش مۇسابىقىسى تۆت ئاي دەرىجىمۇ دەرىجە تاللاش مۇسابىقىسى بولدى. مۇسابىقە باشلىنىپ ئىككىنچى كۈنى كېزىتلەردە تۇيۇقسىزلا بىراقلا بىر خەۋەر ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ئادىلجان دۆلەت كوماندىسىنىڭ ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان چولپانلار نامزاتلىقىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى خەۋەر قىلىنغانىدى. پۈتۈن مەملىكەت تەۋرەپ كەتتى. توپ مەيدانىدا جىددىي ئويناۋاتقان سەپداشلىرىنى ئاياققا ئۆت، ماياققا ئۆت دەپ ۋارقىراپ يۈرگەن ئادىلجان خەۋەرنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. پۈتۈن ئەزالارمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئادىلجاننىڭ كاللىسىغا دەرھال تۆت ئاي بۇرۇنقى گوڭ لۇمىڭغا ۋارقىراپ تۇرۇپ «ئولىمپىكقا قاتناشمىسام قاتناشمايمەنكى، دادامنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن، ئايالىمنى قوغلىمايمەن» دېگەن سۆزى يادىغا كەلدى.

پۈتۈن ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئادىلجان مۇنازىرىسى يەنە باشلاندى. «ئادىلجان زادى باشباشتاق پارتىزان، ئۇنىڭدا باشلىق، تۈزۈمگە بويسۇنۇش دېگەن ئاڭ يوق، ئاچچىقى يامان، بۇ ئۇنىڭ يۇقىرى مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەنلىكىدىن، جۇڭگو بۇنداق ئادەمگە موھتاج بولۇپ قالماسلىقى كېرەك...»، «ئادىلجان قاتناشمىسا جۇڭگو ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىنى ئولىمپىكقا قاتناشتۇرمىغان بولىدۇ. جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئارقا سەپ تەشكىلاتچىسىدىن، ئەڭ كۈچلۈك ھۇجۇم تەشكىللىگۈچىسىدىن ئايرىلىدۇ. جۇڭگودىكى ھېچقانداق چولپان مەيداندىكى بەش ئادەمنى ئادىلجاندەك غەلىبىلىك جەڭگە تەشكىللىيەلمەيدۇ. بەش ئادەم ماسلىشالماي مەغلۇپ بولىدۇ»، «جۇڭگودا بىر يېرىم مىليارد ئادەم بار. ئادىلجاندەك ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ چولپانلار كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. پەقەت ئادىلجانغا ئامەت كېلىپ ئاشۇ سەھنە پۇرسەت كېپقالغان. ئەگەر دۆلەت سەگەكلىك بىلەن قارىسا ئۇنىڭدىن ئېشىپ چولپاننى نېمىشقا تاپقىلى بولمايدىكەن؟ دۆلەت بىر يېرىم مىليارد نوپۇس ئىچىدە پەقەت ئادىلجانغىلا تايانسا بولمايدۇ»، «ۋاسكىتبول ساھەسىدىكى نان قېپىلار ئادىلجاندەك كۈچلۈك تەشكىلاتچىنى تاشلاپ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ۋاسكىتبول مەيدانىدا جۇڭگونى مەغلۇبىيەتكە باشلاپ بارىدىغان بولدى. جۇڭگونىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدە، بولۇپمۇ ۋاسكىتبول ساھەسىدە كۆزى ئوچۇقلار بار، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنى، ھوقۇقى يوق، يەنە بىر توپ كۆزى ئوچۇق كورلار بار دىتى يوق، ھوقۇقى بار. ھازىرغىچە خەلقئارا مۇسابىقىلاردا ئادىلجان قاتناشقانلىكى مۇسابىقىدا جۇڭگو غەلىبە سەھنىسىگە چىقتى. ئادىلجان قاتناشمىغان مۇسابىقىدا جۇڭگونىڭ نەتىجىسى ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدۇ. تەنتەربىيە ساھەسىدىكىلەر نېمىشقا مۇشۇ نۇقتىغا، ئەمەلىيەتكە دىققەت قىلمايدۇ» دەپ قايناپلا كەتتى. دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىغا ھەر كۈنى كېلىۋاتقان ئادىلجان ھەققىدىكى ئەرز - شىكايەت، تىل - ھاقارەت، غەزەپلىك قايناشلار، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىغا چوڭ بىر باش ئاغرىقى بولدى. ئەڭ ئاخىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن ئادىلجان ۋەقەسىگە چۈشەنچە بېرىش توغرىسىدا دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىغا بىرلەشمە تەلەپنامە كېلىشكە باشلىدى. تېرېنېر گوڭ لۇمىڭنى تىللىغان خەت توختىماي ياغقان يامغۇردەك كەلگەندىن باشقا، گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيىلەردە تازا ئەۋجىگە چىقتى. ئادىلجانغا تەسەللى، غەيرەت تىلىگەن مەدەت خەتلىرى يەنە ياغما بولدى. دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىدا ئادىلجان مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ كەتتى. تېرېنېرنى قوللىغۇچىلار بىلەن ئادىلجاننى ياقلىغۇچىلار كەسكىن مۇنازىرە قىلىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى.

گېزىتتە تۇيۇقسىزلا يەنە تېرېنېر گوڭ لۇمىڭنىڭ باياناتى ئېلان قىلىندى. «ئەگەر ئادىلجان تېرېنېر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، سەمىمىيلىك بىلەن ئەپۇ سورىسىلا دۆلەت كوماندىسىدىكى

چولپانلىق دەرۋازىسى ئادىلجانغا يەنىلا ئوچۇق».

تەنتەربىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلار ئادىلجانغا سالا قىلىشقا ئۆتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ دېگەن تېرېنېر، ئۇنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ سالاھىيىتىنى تىكلىمىسەك بولمايدۇ. سىز ئۇنىڭدىن ئاشكارا ئەپۇ سورىسىڭىزلا ئورنىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەپۇ سورىغانغا سىزدىن نېمە كېتەتتى. ئەپۇ سوراڭ. بۇ سىز ئۈچۈن پۇرسەت، ئولىمپىكقا قاتنىشىدىغان ئالتۇندەك پۇرسەت يەنە كەلمەيدۇ» دېيىشتى.

— مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغۇدەك ھېچقانداق خاتا ئىش قىلمىدىم. مەشىققە تولۇق، ئۆلچەملىك قاتناشتىم. مەندىن ھېچبىر سەۋەنلىك ئۆتمىدى. دادامنىڭ خىزمىتىنى قىلغىنىم، ئايالىمنى قوغلىۋەتمىگىنىم خاتا ئەمەس، ئادەملىك ۋىجدانىي ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئاددىي ئەقەللىي بۇرچى. مەن توغرا ئىشىم ئۈچۈن ئەمەلدارىمنىڭ خاتالىقىنى يەنە مەن بوينۇمغا ئېلىپ ئەپۇ سورايدىغان ئۇنىڭ چاكىرى ئەمەسمەن، ھەرگىز ئەپۇ سورىمايمەن.

شۇنداق قىلىپ ئادىلجان ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن يەر شارى كۆز تىككەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلمىدى. خەلقئارا ۋاسكىتبول ساھەسى «جۇڭگو ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك بىر شىرىنى قەپەسكە سولاپ قويۇپ ئاتلانتاغا كەپتۇ» دېيىشتى. كانادادا چىقىدىغان بىر گېزىت «جۇڭگو ۋاسكىتبول ساھەسىدە ئادىلجان پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئۆزىگە يۈزلەنگەن ئامەتنى تېخى ھېس قىلماپتۇ» دېدى. جۇڭگودا بولسا خەلق دەرغەزەپ بىلەن تىل - ھاقارەت ياغدۇرۇپ «دۆلەتنى مەغلۇپ قىلىدىغان نومۇسسىزلار...» دەپ قاغىش ياغدۇردى. بېيجىڭ خەلقئارا ئەسىر ھالقىش ئېلان - ئۇچۇر شىركىتى، «قىزىل بۇقا» ئىچىملىكىنىڭ ئېلان پېرسوناژلىقىغا ئادىلجاننى تاللاپ ئېلان ئىشلىدى - دە، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 - يۈرۈش، 5 - يۈرۈش پروگراممىسىنىڭ ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسەتكەن ھەر بىر سائەت ئارىلىقىدا ئادىلجاننىڭ «قىزىل بۇقا» ئىچىملىكىنى كىشىلەرگە كۆرسەتكەن چوڭ كۆرۈنۈشىنى بىر ئاي توختىماي كۆرسىتىشكە ناھايىتى نۇرغۇن مەبلەغ بىلەن سېتىۋالدى. شىركەت بايانات ئېلان قىلىپ «بىز ئادىلجاننى دۇنيا ئولىمپىك يىغىنىغا قاتناشقان يەر شارىنىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى تەنھەرىكەتچىلەردىنمۇ تېلېۋىزىيىدە ئەڭ كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق» دېدى. پۈتكۈل ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى تۈگىگىچە تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىلگەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 - يۈرۈش ۋە 5 - يۈرۈش پروگراممىسىنىڭ ئېلان ھەققى مىنۇتىغا شىنجاڭنىڭ بىر ناھىيىسىنىڭ بىر كۈنلۈك ئومۇمىي خەجلەيدىغان پۇلىغا كېلىدىغان ئالتۇندەك ۋاقتىنىڭ بىر ئايلىقىنى سېتىۋېلىپ ئادىلجاننى كۆرسەتتى. بۇ، ئادەم ئاڭلىسا ئىشەنگۈسى كەلمىگۇدەك ئېلان ھەققى بولۇپ، خەلق ئادىلجانغا بولغان ھۆرمىتىنى شۇنداق ئىپادىلىگەنىدى. ئامېرىكا گېزىتلىرى ئولىمپىكنىڭ ۋاسكىتبول تورىدە جۇڭگونىڭ بەكلا چۈشۈپ كەتكەن نەتىجىسىگە باھا بېرىپ، «جۇڭگولۇق ۋاسكىتبولچىلار مىلتىقىنى ئالماي يولۋاس ئوۋلىغىلى كەلگەن ئوۋچىغا ئوخشاپ قالدى، ئادىلجان بولمىغانلىقتىن، مەيدانغا چۈشكەن جۇڭگو ئەزىمەتلىرىدە بىرلىك بولمىدى. ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە تاقلاپ ھېچكىم رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى» دېدى. ئولىمپىك يىغىنى تۈگىمەي تۇرۇپلا، جۇڭگو جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىق بېسىمى ئاستىدا جۇڭگو ۋاسكىتبول كوماندىسىنىڭ باش تېرېنېرى گوڭ لۇمىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. شەخسىي ھېسسىيات دۆلەت مەنپەئىتىنى، شان - شەرەپنى قۇربان قىلىۋەتتى. ئۇ ۋەزىپىسىدىن قالغان بىلەن شان - شەرەپ ئورنىغا كەلمەيدۇ. گوڭ لۇمىڭ ئاتلانتا ئولىمپىك يىغىنىغا قاتنىشىپ تۇرۇپ خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدە مەغلۇپ بولدى. ئادىلجان ئولىمپىكقا قاتناشماي تۇرۇپ غەلىبە قىلدى. خەلق ئادىلجاننى تېخىمۇ قەدىرلەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى، تەنتەنە قىلدى. گوڭ لۇمىڭ ۋەزىپىسىدىنمۇ، دۆلەت ئالىي كوماندىسىدىنمۇ ئايرىلغان كۈنى ئادىلجان يەنە دۆلەت ئالىي كوماندىسىغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ قىلىندى.

ئادىلجان بۇرۇنقىدەك شوخشۇپ تۇرىدىغان

چېچەن بالىدىن ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز، مۇلايىم چوڭ ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ دۆلەت كوماندىسى دەرۋازىسىدىن ئېغىر - بېسىق، كۈلۈمسىرەپ كىرگەندە، دۆلەت كوماندا ئەزالىرى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. مۇخبىر دەرھال گېزىتكە «ئادىلجان بۇرۇنقى ئادىلجانغا ئوخشىماي قالدى» دەپ ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ جىمغۇر، ئېغىر - بېسىق كەم سۆز مىجەزى، مۇلايىم كۈلۈمسىرەشلىرى، بۇرۇنقى قىزغىن، چۇس مىجەزىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان، ئەمما مەيداندىكى ھەرىكىتى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ چەبدەسلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ جۇڭگو تارىخىدا دۆلەتنىڭ ئالىي كوماندىسىغا ئەڭ كۆپ ھەم ئۇزاق تەكلىپ قىلىنغان، ۋاسكېتبول سەھنىسىدە ئۇزاقىچە چاقنىغان كەچۈرمىشلىرى مۇرەككەپ چولپان بولۇپ قالدى.

## خاتىمە

1997 - يىلى 9 - ئايدا دۆلەت كوماندىسىغا يەنە تەكلىپ قىلىنغان ئادىلجان سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تۆھپە قوشتى. 1994 - يىلغىچە جۇڭگو تارىختا خەلقئارا ۋاسكېتبول سەھنىسىدە ئالدىنقى مەشھۇر ئون كوماندىنىڭ ئىچىگە كىرەلمىگەنىدى. ئادىلجان جۇڭگونىڭ ئاشۇ مەشھۇر ئون كوماندىنىڭ ئىچىدىكى كۈچلۈك 8 - ئورۇنغا ئۆتۈشتە تارىخىي ئەھمىيەتلىك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. 1994 - يىلىدىكى كانادادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ جەڭلىرىدە برازىلىيە، ئىسپانىيەدەك يېڭىلمەس كۈچلۈك كوماندىلار جۇڭگوغا ئاشۇ 8 - ئورۇننى تارتقۇزۇپ قويدى. «ھەممىسى ئاشۇ پاكار سېھىرگەرنىڭ كارامىتىدىن بولدى» دېيىشتى غەزەپلەنگەن ئىسپانىيىلىكلەر. ئاشۇ پۈتكۈل مۇسابىقىلاردا جۇڭگونىڭ كۈچلۈك ئارقا سەپ تاكتىكىلىق ھۇجۇم تەشكىللىگۈچىسى ئادىلجانىنىڭ ئارقا سەپتىن ئۇرۇلغان قاتتىق ھۇجۇمى نۇرغۇن داڭلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ چولپان كوماندىلىرىنىڭ مۇداپىئە سەپلىرىنى بۆسۈپ تاشلىغانىدى. 1993 - يىلى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئالىي مەكتەپلەر ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا، جۇڭگو تارىختا دۇنيا ۋاسكېتبول مۇكاپات سەھنىسىگە چىقىپ باقماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، كۈچلۈك ئىتالىيە كوماندىسىنى يېڭىپ 3 - لىككە ئېرىشىپ، ئامېرىكا سەھنىسىدە مۇكاپاتلىنىپ پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. كانادالىق ۋاسكېتبول مەستانىسى 11 ياشلىق ھاررى «جۇڭگولۇق پاكار يىلپىز ئادىلجان ۋاسكېتبول ئوينىمىسا مەن ۋاسكېتبول كۆرۈشتىن ۋاز كېچىمەن» دېدى. ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرى «جۇڭگو ۋاسكېتبول سەھنىسىدە پاكار ماھىر ئادىلجان پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ۋاسكېتبول سەھنىسىدە ئامەت جۇڭگوغا يۈزلەنگەندەك قىلىدۇ، چۈنكى جۇڭگو مىڭلىغان يېڭىلگۈچى دۆلەتلەر ئارىسىدىن بىر سەكرەپلا يەڭگۈچى دۆلەت سالاھىيىتىگە ئىگە دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتتۈۋالدى. بۇ سالاھىيەتنىڭ ئارقا سەپ ئىستىراتېگىيىلىك تاكتىكا ھۇجۇم لايىھىلىگۈچىسى، رېژىسسورى ئادىلجان ئىسىملىك پاكار ماھىر ئىكەن. ئۇ توپ مەيداندا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان سەنئەتكارغا ئوخشاش چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ» دەپ تەرىپلەشتى. ئادىلجان مەملىكەت بويىچە تۆت قېتىم مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى، 1994 - يىلىدىكى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئاسىيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر تەشكىلاتچى بولۇپ دۆلەتكە شان - شەرەپ كەلتۈردى. 1996 - يىلى پۈتۈن ئارمىيە بويىچە مەشھۇر ئون تەنھەرىكەتچىنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى. دۇنيا تەنتەربىيىسىگە تۆھپە قوشقان مەشھۇر كىشىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ يەر شارى تەنتەربىيىسىنىڭ نوبىل مۇكاپات فوندىغا ئوخشاش نوپۇزغا ئىگە ئامېرىكا KEN تەنتەربىيە ماگىناتى ئادىلجاننى ئىككى يىل مەخپىي تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئارقىلىق، ئادىلجاننى جۇڭگودىن چىققان يەر

شارى ئىنسانلار تەنتەربىيىسىگە قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن KEN ماگىناتىنىڭ ئىككى يىلغىچە ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلىق سالاھىيەتىنى تەقدىم قىلدى. بۇنداق كاتتا ئىمتىيازغا ھازىرغىچە جۇڭگودىن ئۈچ كىشى ئېرىشتى. بۇنىڭ بىرى ئادىلجان بولدى. جاھان تەنتەربىيە مۇنبىرىدە بۇنداق كاتتا شان-شەرەپ يەر شارىدىكى ناھايىتى ئاز تەلەيلىك تەنھەرىكەتچىلەرگە نېسىپ بولىدىغان كاتتا شان-شەرەپ بولۇپ، بۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. تەنھەرىكەتچىنىڭ مەيداندىكى روھى، ئەخلاقى، سەممىيىتى، تاماشىبىنلاردا قالدۇرىدىغان گۈزەل ئوبرازى كەسپىتىكى ساپاسى، دوستلىرىغا، رىقابەتچىلىرىگە بولغان ئىنسانىي كۆيۈمچانلىقى، كەڭ قورساق، مەردانىلىقى، پاكىزلىقى، ئەدەپ-ئەخلاق، مۇھەببەت-نەپرىتى، قۇربان بېرىش روھى ھەتتا ئەر-خوتۇنچىلىقى، تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئۇششاق تۇرلەرگىچە قەتئىي مەخپىي تەكشۈرۈپ نومۇر قويۇپ ئۆلچەمگە توشقان لاياقەتلىكلەرگە بېرىلەتتى.

1994-يىلىدىكى ياپونىيە خىروسىما ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئۈچ چوڭ تۈر بويىچە چېمپىيون، 1991-يىلىدىكى ياپونىيە شىڭخۇدىكى ئاسىيا بويىچە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىنى تالىشىشتا چېمپىيون بولۇپ، ئولىمپىكقا قاتنىشىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى. 1993-يىلى ھىندونېزىيە، 1995-يىلى كورىيىدىكى ئىككى قېتىملىق ئاسىيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا چېمپىيونلۇق تاجىنى جۇڭگو داۋاملىق كىيدى. بۇ مۇسابىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقا سەپ ھۇجۇم تەشكىللاتچىسى ئادىلجان بولدى. ئادىلجاننى جۇڭگو ئۇستۇردى. ئادىلجان جۇڭگوغا شەرەپ كەلتۇردى. ئادىلجاننىڭ پېشقەدەم ئۇستازى، خەلقئارالىق رېپىر سۇي يى ئەپەندى مۇنداق دېدى:

— ئادىلجان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى. مەنمۇ شىنجاڭدا ئۇزاق تۇرغان. شىنجاڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكى پېشقەدەملەر مېنى تونۇيدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بۇنداق ئېسىل ۋاسكېتبولچىنىڭ چىقىشى، دۆلەتنىڭ ئالىي كوماندىسىدا دۇنياۋى شان-شەرەپ قازىنىشى شىنجاڭ خەلقىنىڭ پەخرى. ۋاسكېتبول يەر شارى خاراكتېرلىك ئېسىل سەنئەت. ئادىلجان شىنجاڭنىڭلا ئەمەس، دۆلەتنىڭ پەخرى.

ئادىلجان مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا:

— مەن توپنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ ئوينايمەن، ھەربىر قەدەم، ھەربىر ھەرىكەت، ھەتتا ھەر تىنىقتىمۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن، قانۇنىيەتلىك ھالدا تاماشىبىنلارنى ئويلاپ ئوينايمەن. تاماشىبىنلار يىراق-يىراقلاردىن ئايروپىلان، پويىزلاردا كېلىپ مەن ئوينىغان توپنى كۆرۈپ گۈزەللىك، خۇشاللىق ھېس قىلسۇن. كەلگىنىگە رازى بولسۇن دەپ ئوينايمەن، -دېدى.



مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەنتەربىيە دىكتورى لىۋيىدۇڭ تېلېۋىزىيىدە ئادىلجان ئۈستىدە گەپ قىلغاندا:

— ئادىلجاندەك چىرايلىق ماسلاشتۇرغۇچى ئىچى-سىرتىدىن تەڭ قەدەملىك ھەرىكەتلەندۇرگۈچى ۋاسكېتبول ساھەسىدە كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ھادىسە.

ئادىلجان مەشھۇر باش چولپان ۋاڭ جىجى بىلەن ناھايىتى چاقىقان ماسلىشىدۇ. «1-ئاۋغۇست»

ئارمىيە كوماندىسىنىڭ دائىم غەلىبە قىلىشى ① ماس قەدەم، ② تېزلىك، ③ ئارقىدا قالسىمۇ روھىنى چۈشۈرمەي تىرىشىش. مانا بۇ ئارمىيە روھى ئادىلجاندا تەلەڭ يېتىلگەن. سۆي يى ئەپەندى قاتتىق مەشىق ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئادىلجانغا بىردەم قاراپ:

- ئادىلجان ئارمىيە كوماندىسىغا كەلگەندە ئىچكى كۆچى كۆچلۈك، ئەمما ياخشى ئويىنيالمايدۇ دەپ كىشىلەر ئىشەنمىگەن. ئادىلجان قان - تەر بەدىلىگە بۇ پىكىرلەرنى، قاراشلارنى يەڭدى. مۇرەككەپ ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ بۈگۈنگە ئېرىشتى. بۈگۈنگە ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. كىشىلەر هازىرمۇ شىنجاڭلىقلار قالاق دېگەن مۇتەئەسسىپ قاراشتىن هالقىغىنى يوق. شىنجاڭلىقلار مېھماندوستلۇق بىلەن ئۇسسۇل ئويىناشتىن باشقىغا كېرەككە كەلمەيدۇ، توپ ئويناشقا، رىقابەتكە يارىمايدۇ دېگەن خۇراپىي قاراشقا ئادىلجان ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئەڭ ياخشى جاۋاب بەردى. ئادىلجاننىڭ چوقۇنغۇچىلىرى «كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇتمايدۇ، باراۋەرلىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دەيدۇ. مەن بۇ پىكىرلەرگە قوشۇلىمەن. چەت ئەللىكلەر ئادىلجاننى بەك ياخشى كۆرىدۇ. «مەيداندا رەقىبىنىمۇ قايىل قىلىپ، يىقىلسىمۇ، سوقۇلسىمۇ، قاتتىق زەربىگە ئۇچرىسىمۇ يەنىلا قىزغىن، مۇلايىم، كىچىك پېئىل، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. جۇڭگودا بۇنداقلار كەم ئۇچرايدۇ» دېيىشىدىكەن. بۇمۇ ئادىلجاننىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان گۈزەل تەسىراتى، ئادىلجان جۇڭگونىڭ ۋاسكىتبول تەرەققىياتىدىكى ئۇنتۇلماس پەخرى. ئادىلجاندا دۇنيادىكى باشقا چولپانلاردەك غەيرىي مىجەز يوق. ئۇنىڭ ياخشى مىجەزى شىنجاڭلىقلارنىڭ كەڭ قورساق خاراكتېرىنىڭ سىماسى. دۇنيا ۋاسكىتبول ساھەسى ئادىلجاندىن پەخىرلىنىدۇ. سىلەر كىتاب چىقارساڭلار ئەڭ ياخشىسى خەنزۇچە چىقىرىڭلار، شىنجاڭلىقلار ئادىلجاننى ئانچە بىلمەيدۇ، ئادىلجاننىڭ كىتابى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئەڭ بازارلىق، تالىشىپ ئالىدىغان كىتاب بولىدۇ. ئادىلجاننىڭ «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە كوماندىسىدىكى باشلىقى چەن لىمىڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

- ئادىلجان جۇڭگو تارىخىدا دۆلەت كوماندىسىغا ئەڭ كۆپ قېتىم ھەم ئۇزاق تەكلىپ قىلىنغان بىردىنبىر تەنھەرىكەتچى. باشقىلار تېزلا «قېرى» غا ئايلىنىپ شاللىنىپ كېتىدۇ. ئەمما ئادىلجان ھەرقانداق ياشلار بىلەن ئالدىغا ئېشىپ تۇرۇپ ئوينايدۇ. جەمئىيەتتە كىشىلەر: ئادىلجانغا ئەمدى قېرىلىق يەتتى، دۆلەت كوماندىسىدىن يەنە «ئارمىيە» كوماندىسىغا كەلدى، روھى چۈشۈپ چېكىنىدۇ، دېيىشكەندى. ئادىلجان بۇنداق ئىشلارغا پىشقان تەنھەرىكەتچى بولغاچقا، ئۆزى ھەم تىرىنىپ، ھەم تەنھەرىكەتچى بولۇپ ياشلار بىلەن ئوخشاش ئويناۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت، ئادىلجان بىزنىڭ داڭلىق ياش چولپىنىمىز ۋاڭ لىجىننىڭ داڭلىق چولپىنىمىز بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. مەن قايىل بولىدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك ئالاھىدىلىكى، تېز قوزغىلىش. مەيلى هازىر، مەيلى بۇرۇن، جۇڭگودىمۇ، خەلقئارادىمۇ بۇنداق تەنھەرىكەتچى كەم كۆرۈلگەن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يەنە بىر ھەل قىلغۇچ يېرى ۋاسكىتبولغا بولغان مۇھەببەت. مۇشۇ مۇھەببەت ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزدى. ئادىلجاننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يېرىمى ئايالى دىلنۇرغا مەنسۇپ. بىزنىڭ نۇرغۇن تالانتلىق تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنى ئايالى قوللىمىغانلىقتىن چولپان بولالماي مەغلۇپ بولدى. چۈنكى تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنىڭ ئائىلىدە بولىدىغان ۋاقتى يوق دېيەرلىك. بۇنىڭغا چىدايدىغان دىلنۇردەك پەزىلەتلىك ئاياللار كەم تېپىلىدۇ. ئادىلجان دوستلۇققا يارايدۇ. ئادىلجاننىڭ ئەمەلىي تىرىنىپ ئۇستازى ۋۇچىڭشۈي ئەپەندى مۇنداق دېدى:

- ئادىلجان توپ ئويىنىغاندا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكى، توپقا بولغان مۇھەببىتى، توپنى باشقۇرۇشى بەك كۈچلۈك، بەدەن شارائىتى، بەدەن ساپاسى توپنىڭ تېزلىكى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن. ئۇنىڭ بېلى ھەممىدىن كۈچلۈك، بەدەن بىلەن توپنىڭ ئېلاستىكلىقى ياخشى ماسلاشقان. ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىش، توپ ئېلىپ مېڭىش، پاس چىقىرىشتىكى ئېلاستىكلىق كۈچى، ماھارىتى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. كۆزى ئىتتىك، ھەرقانداق مۇرەككەپ

www.uyghurkitap.com

شارائىتتا تېزلا تاكتىكىلىق ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئىستراتېگىيە بەلگىلەيدۇ. . . ئۇنى تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈپ قېلىشى توپنى ئۇدۇل ئاپىرىپلا كامارغا سولاپ نومۇر ئېلىش بولۇپ قالماستىن، مەيداندا ئېلاستىكىلىق سەنئەتكە باي بولغان ماھارەت بىلەن قويۇق يۇمۇرىستىك توپ ئوينىغانلىقىدا. مەن ئادىلجاندەك تەنھەرىكەتچىمىز بولغانلىقىدىن بارلىق جۇڭگو خەلقى بىلەن بىرلىكتە دۇنيا جامائىتى ئالدىدا پەخىرلىنىمەن. ئۇنىڭ ئەگرى - توقاي، مۇرەككەپ يوللارنى، قاتمۇ قات توسالغۇلارنى بۆسۈپ چىقىش روھى ھەم تارىخى ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

ئادىلجاننىڭ ئايالى دىلنۇر مۇنداق دېدى:

- ئادىلجان مەرد، كەسپكە سادىق، ئاق كۆڭۈل، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، تىرىشچان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. مەن ئۇنى داڭلىق چولپان بولدۇ دەپ ئەمەس، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان مەندە قالدۇرغان ئادەملىك خاراكتېرى، ئېسىل پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ ھۆرمەت قىلغانلىقىمدىن ياخشى كۆرۈپ توي قىلغان.

ۋۇچىڭشۈي ئەپەندى دەيدۇ:

- مەن ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئادىلجان مەيداندا توپنى يۇمۇرىستىك سەنئەتلىك ئېلىپ ماڭسا، مەيدان سىرتىدىكى تاماشىبىنلار خۇشاللىقتىن چۇرقۇرىشىدۇ. مەيدان سىرتىدىكى تېرىنېرلار ئەنسىرەپ، تېرىكىپ ئادىلجاندىن خاپا بولىدۇ. ئۇلار ئۇدۇل ئاپىرىپ تېزرەك نومۇر ئېلىشنى نەتىجە دەپ قارايدۇ. ئەمما مەن تاماشىبىنلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئادىلجاننى قوللايمەن. ياخشى كۆرۈپ چاۋاك چالىمەن. چۈنكى ۋاسكىتبولمۇ ئاجايىپ يېقىملىق بىر سەنئەت. ئۇدۇللا ئاپىرىپ كامارغا تىققاننىڭ نومۇر ئېلىشتىن باشقا ھېچبىر لەززىتى يوق. ئادىلجاننىڭ سەنئەتكە باي ماھارىتىنى ھېچكىم ئۇنتالمايدۇ.

بىز قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، ئادىلجاننىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى جىددىي مەشىق بولۇۋاتقان مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىرىپ توپ قوغلاپ كەتتى. جىددىي مەشىق قىلىۋاتقانلار توپنى تاشلاپ ئۆزلىرى ئامراق ئوماق ئارسلاننى بىر - بىرىگە تاشلاپ، سۆيۈپ، قىچىقلاپ كۈلكە قىلىپ ئوينىدى. ئارسلان بولسا چىرقىراپ توختىماي ئاغزىنى، يۈزىنى سۈرتۈپ توپقا ئىنتىلدى. قويۇۋەتكەندىن كېيىن تەنھەرىكەتچىلەرنى ئۆزى بىلەن توپ ئويناشقا دەۋەت قىلىپ ۋارقىرىدى.

- سىزمۇ دادىڭىزنىڭ توپ مەيدانىنى قالايمىقان قىلىپ چولپان بولغان، ئەمدى ئوغلىڭىزمۇ سىزنى دوراۋاتامدۇ نېمە؟! - دېدىم مەن توپ ئوينىغىنىدىن خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان ئوماق ئارسلانغا قاراپ. ھەممەيلەن بالىنىڭ قىلىقلىرىغا زوقلىنىپ قارىدۇق. بالا خۇشاللىقىدىن توپ بىلەن تەڭ يۇمۇلاپ ئويناپ كەتتى.

- ئۇيقۇدىن ئويغانسىلا «دادا، ئاپا، توپ ئوينايمەن» دەپ غەلۋە قىلىدۇ دېدى دىلنۇر.

- دادام ۋالىبولچى، مەن ۋاسكىتبولچى، ئوغلۇم پۇتبولچى بولىدىغان ئوخشايدۇ. تېلېۋىزوردا پۇتبولنى كۆرۈپ قالسا باشقىغا يۆتكىگىلى قويمايدۇ، - دېدى ئادىلجان.

مەن ئەمدى يەنە ئارسلانغا قايتا قارىدىم. ئۇ ئۆزىگە باشقىلار قولىدا بەرگەن ۋاسكىتبولنى پۇتىدا تېپىپ پاس بېرىۋاتقانىكەن.

*__مۇھەررىردىن:__ خەلقىمىز ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى بىلەن ئۇيغۇرلاردىنمۇ تەنتەربىيە، سەنئەت ۋە باشقا ساھەلەردە داڭدار شەخسلەر، چولپانلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىشىپ چىقماقتا. بۇ، كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، ئۇلارنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇش دېگەندەكىدەك يېتەرلىك بولمىغاچقا كۆپلىگەن ئادەملىرىمىز ئۇلارنى بىلمەيدۇ ياكى بىلدى دېگەندىمۇ ئۇلارنىڭ نامىۇ - شەرىپىنى بىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ھايات مۇساپىسى، ئۇتۇق قازىنىش يولىدا توختاۋسىز ئاققۇزغان قان - تەرى. . . قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ ئىنچىكە ھەم چوڭقۇر مەلۇمات بېرەلەيدىغان بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئۈچۈن «چولپان» ناملىق سەھىپىمىزنى تەسىس قىلدۇق. كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ھازىرقى داڭدار شەخسلىرىمىز، چولپانلىرىمىزغا ئوخشاش ھەقىقىي يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان ھەر بىر كىشىنىڭ بۇ سەھىپىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە بىلگەنلىرىنى ئەلدىن ئايىماي بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال ياكى ئەسەر بىلەن تەمىن ئېتىشىنى، سەھىپىمىزنى ئورتاق باشقۇرۇشنى قارشى ئالىمىز.*



# گۇناھ بىزدىمۇ؟

(ھېكايە)

ۋەلى داۋۇت



ئاتام مېنى ئەبەدىي – ھەر ئىككىلا ئالەمدە كەچۈرمەيدۇ.

مەن بۇ ئالەمدىكى ئەڭ قاتتىق ئاتا قارغىشىغا ئۇچرىغان ئوغۇل. بىراق مەن بۇنىڭغا ئۆكۈنمەيمەن.

ئىشىكنى پەم بىلەن ئېچىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە غىپپىدە كىرىۋالماقچى ئىدىم. قولۇمنى تۇتقۇچقا ئۇزىتىشىم بىلەن تەڭلا قېرىشقاندەك ئاللىقانداق بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقىتىپ، ئۆي ئىچىگە بىراقلا ئوسۇپ كىرىپ كەتتىم. ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ تامغا زەربە بىلەن ئۆرۈلدى - دە، خۇددى مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك خېلى ئۇزۇنغىچە غىچىلداپ نەغمە قىلىپ توختىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاتام نەپسىنى رۇسلاپ تىل سالغۇچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىۋېلىپ باش - كۆزۈمنى چىڭ پۈركەپ يېتىۋالساملا ئىش پۈتەتتى. ئەسلىدىمىغۇ ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى راۋۇرۇس ئادا قىلالمىغاندىكىن، بۈگۈن، پەقەت بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە بولسىمۇ بۇنداق قىلمىسام بولاتتى. لېكىن ھاياتىمدا بۈگۈنكىدەك ئۈمىدسىزلىك، ئەلەم ھەم غېرىبلىق باسقىنىنى، بۈگۈنكىدەك ھاراققا شۇنچىۋالا تەشنا بولۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. كۆزلىرىمگە ياش كېلىپ كەتتى!

شۇنداق قىلىپ، بولغۇلۇق بولدى. ئىشىك جالاقلاپ ھاڭغىرقاي ئېچىلىپ كەتتى. كۈچلۈك چىراغ نۇرىدىن كۆزلىرىم قامىشىپ بىرنەچچە دەقىقە كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم. گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ تەپتى يۈزۈمگە گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ تېخىمۇ كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي بوسۇغىدا سەندىرەكلەپ تۇرۇپ قالدىم. ئاتام بىر پۇتىدا مەسە، بىر پۇتى يالاڭ ئاياغ ھالدا پەگادا ئۆرە تۇراتتى. يەنە بىر پاي مەسىسىنى قولىدا چىڭ مىجىقلاپ تۇتىۋالغان بولۇپ، قەھرى - غەزەپتىن ساقاللىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. مېھمانلارنىڭ ئايىغى ھېلىراقتىن

ئۆزىغان بولسا كېرەك، بىچارە ئانام يىغىشتۇرۇلـغان داستىخاننى مەيدىسىگە چىڭ باسقان پېتى روھى چىقىپ كەتكەندەك ئورنىدا قېتىپ قالغانىدى. ئانام ھەرقاچان، ھەرقانداق دەردىنى ئۈنىگدىن ئالاتتى. تاك ئېتىپ چەكمەيتتىيۇ، قورقۇتۇپ جېنىنى ئېلىپ يەردە قوياتتى. بىردىنلا ئانامنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ قولىدىكى داستىخان چۇۋۇلۇپ يەرگە چۈشتى. ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنى چىڭ بېسىپ تۇتۇشۇالدى. يىقىندىن بېرى ئۈنىڭ يۈرەك كېسىلى پات - پات قوزغىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مېنىڭ مەستلىكىم بىراقلا يېشىلىپ كەتكەندەك بولدى.

- ياق... قورقماڭ ئانا! ھېچ... ھېچۋەقەسى يوق! مەلئۇن ئالۋاستى ئەمەسقۇ مەن؟

مەن ئىتتىك بېرىپ ئانامنى يۆلىدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئىتتىرىۋېتىپ ئىچكىرىكى ئۆينى شەرەتلەپ مىڭ تەسلىكتە دېدى:

- كىرىپ كەت!

تۇرىۋەرسەم ئانامغىمۇ ھەم ماڭىمۇ پايدىسىز ئىدى. دەلدەڭشىگەن پېتىم ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

- ئادەممۇ، ھايۋانمۇ سەن! ؟

ئاتامنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئۆي ئىچىدە گۈمبۈرلەپ كەتتى. ئەمدىلا بوسۇغىدىن كۆتۈرۈلگەن پۇتۇم ھاۋادىلا قېتىپ قالدى. مەنمۇ ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: مەن كىم؟

- ھۇ، لەقۋا!

ئاتام ھەددىدىن زىيادە ئاچچىقلانغاندا ئەنە شۇنداق ئادەم تىللايدىغان ئادىتى بار ئىدى.

مەن كىم! ؟

مەن پۇتۇمنى بوسۇغىدىن تارتىۋېلىپ كەينىمگە ياندىم، بۇگۈن نېمىشقىدۇر ئاتامنىڭ تىللاشلىرى ئىچ - ئىچىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم.

مەن كىم؟ مەن كىم! ؟ مەن كىم! ؟

مەن بوسۇغىدىن پۇتۇمنى تارتىۋېلىپ ئاستا كەينىمگە ياندىم. ئەپتىم قورقۇنچلۇق بىر تۈستە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئانام بىر قاراپلا قورقۇپ كەتتى. چىرايى تېخىمۇ بەتتەر تاتىرىپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئىختىيارسىز بوغۇزۇمغا ئاچچىق ھەم نەپرەتلىك بىر يىغا قاپلاشقاندەك بولدى.

- يۈرىكىمنى بۇنداق ئەزمەڭ، ئانا. ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى سىزنى ئاياپ ھەممە غەزەپ ۋە زارىمنى ئىچىمگە يۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بۈگۈن، پەقەت بۈگۈن بىر ئاخشاملىق بولسىمۇ ئوغلىڭىزنى خۇددى ئۆزىڭىزدەك قۇللارچە سۈكۈتكە زورلىماڭ!

شۇ پەيت ئانام ماڭا تىل سېلىپ ۋارقىرىماققا تەمشىلىۋىدى، شارتلا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدىم. ئانام ئەلپازىمغا قاراپ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

- خوش، ئانا، تا مۇشۇ كەمگىچە مەن سىزگە يېنىپ باققان ئەمەس، شۇنداققۇ؟ بۈگۈنمۇ ھەم ئۆيدە غوۋغا چىقارماقچى ئەمەسمەن. ئۈمىدىم - سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ. ھەر ئىككىمىز بۈگۈن ئاخشام چىرايلىقچە، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلىشىپ باقايلى. مەن كىم؟ ئادەممۇ ياكى ھايۋانمۇ؟ سىزنىڭ بۇ سوئالنى ماڭا نەچچە قېتىم قويغانلىقىڭىزنى ئەسلەپ بولالمايمەن. سىزنىڭ بۇ «چىرايلىق سۆزىڭىز» توغرۇلۇق تولا ئويلىنىپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم. مەن زادى كىم؟ ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟ ياكى ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ جىمى خۇلقىنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرىۋەتكەن ئاجايىپ مەخلۇقمۇ؟ مەن بۇلارنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىلەلمىدىم. بىلىدىغىنىم پەقەت مەن - سىزنىڭ ئوغلىڭىز - ئىز باسار ئوغلىڭىز! شائىرلار، ناخشىچىلار شۇنداق كۈيلىشىدىغۇ؟ دېمەك مەن سىزنىڭ ئىز باسارىڭىز، ئۇنداقتا سىزچۇ، سىز كىم؟

ئەمدى مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئاجايىپ ھايات مۇساپىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي ئانا. سىز توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىم بەك ئاز. ياق، ياق ئانا، گېپىمنى بۆلمەڭ! سەت بولمىسۇن دېسىڭىز ئۆزىڭىزنى بېسىپ، ئېيتقانلىرىمنى تىنچقىنا ئاڭلاپ تۇرۇڭ. مېنىڭ سىز توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىم بەك ئاز. چۈنكى ئانام سىز توغرۇلۇق زىنھار سۆزلەپ بەرمەيتتى. سىز ئەسلا شۇنداق ئىدىڭىز. پەقەت رەھمەتلىك بوۋاملا ئانچە - مۇنچە سۆزلەپ قوياتتى. سىزنىڭ باسقان ئۆمۈر مۇساپىڭىزنى سەھنىلەردە ئوينىلىدىغان دراما - كومېدىيىلەرگە بەكلا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ.

## 1 - كۆرۈنۈش

سىز يۇرتىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام ئېتىپ كەلگەن ئوقۇمۇشلۇق بىر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلدىڭىز. سىز بوۋامنىڭ يالغۇز ئوغلى - جەمەتىمىزنىڭ تۈتىياسى ئىدىڭىز. بوۋام ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋام ئەتمەك - ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلماق بولۇپ، جان - دىل بىلەن ۋۇجۇدىدىكى بار - يوقىنى سىزگە بەخش ئەتتى. سىزمۇ بوۋامنى ئۈمىدسىز قالدۇرمىدىڭىز. ياشلىق دەۋرىڭىزگە قەدەم قويماي تۇرۇپلا ئىسلامىيەت شەرىئىتىنىڭ ئىلمى - ئەركانىنى مۇپەسسەل دېگۇدەك ئىگىلەپ بولدىڭىز. «بالا قاريي» دېگەن نامىڭىز يۇرت ئەھلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاغزىدا خۇدانىڭ بىر مۆجىزاتىدەك ئۇلۇغلىنىپ تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. كىچىك چېغىمدا بوۋام ماڭا كىشىلەرنىڭ خېلىلا يىراق يەرلەردىن سىزنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىڭىزنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن مەھەللىمىزدىكى مەسچىتكە كېلىدىغانلىقىنى، مەسچىتتىن چىقىشىڭىز بىلەنلا گۇررىدە ئەتراپىڭىزغا ئولىشىپ تاۋاپ قىلغاندەك قولىڭىزنىڭ ئالىقانلىرىغا سۆيۈپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بوۋام بۇلارنى كېيىنچە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا، پەقەت سىز يوق چاغدىلا خۇددى سىز غايىبتىن ئاڭلىۋالىدىغاندەك قورقۇمسىراپ، پىچىرلاپ سۆزلەپ بېرەتتى. ھەر قېتىم گېپى تۈگەر - تۈگىمەيلا بۇقۇلداپ ھەسرەتلىك يىغلاپ كېتەتتى. كۆز ياشلىرى ھەش - پەش دېگۈچە ھېسابسىز قورۇق باسقان ئورۇق يۈزىنى، ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. گەرچە مەن شۇ چاغلاردا خېلىلا گۆدەك بولساممۇ، بوۋامنىڭ شۇ ھالىتى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

## 2 - كۆرۈنۈش

جاھان گوياكى ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغان، خەلق ئىگىسىز قالغان بىر توپ قوي پادىسىدەك مىڭ بىر ھىيلە - مىكىرلەرگە چىرمىلىپ، ئۆز يېغىدا ئۆزى قورۇلۇپ زۇلۇم ۋە جان قايغۇسى ئىچىدە ئېچىنىشلىق تېپىرلىماقتا. سىزنىڭ بېشىڭىزدا سېرىق شەپكە، ئۇچىڭىزدا كانىيىڭىزغىچە ئىزمىلىنىدىغان سېرىق چاپان، سېرىق ئىشتان، ئوڭ قولىڭىزنى بېلىڭىزدىكى يوغان تاپانچىغا تىرەپ ھەيۋەت بىلەن تۇرىسىز. كەينىڭىزدە سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىغان قىزىل كالتەكلىك بىر توپ پىدائىيلار ھەرقاچان بۇيرۇقىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىشىدۇ. ئۇلارغا مۇنداقلا بىر شەرەت قىلسىڭىز، ھەممىسىنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىشكە تەييار. چۈنكى سىز ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابچى، دىنىي خۇراپاتلىققا، خەلقنى زەھەرلىگۈچى كونىلىققا، ئاتالمىش ۋەتەن سانقۇچلۇققا رەھىمسىزلىك بىلەن ئەجەللىك ئوت ئاچقۇچى باتۇر جەڭچىسىز. سىز ئۇلۇغ ئىنقىلابقا ساداقەتمەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشنى ئۆز ئائىلىڭىزدىن باشلىدىڭىز. بوۋامنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى قىرقىپ تاشلاتقۇزدىڭىز، ئۆيىمىزدىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ گۆھەردەك ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك قولىيازمىلارنى، ھەممە مۇقەددەس كىتابلارنى يوغان بىر تاغارغا قاچىلاپ قول چوماقلىرىڭىزغا كۆتۈرگۈزۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتىڭىز. شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئۆيگە ھەپتە - ھەپتىلەپ كىرمەيدىغان بولدىڭىز. ئۆيگە ئاندا - ساندا قايتىپ كەلگەندە، ھەيۋەتلىك تۇرقىڭىزغا قاراپ گۆدەك قەلبىمدە سىزگە ھەۋەسلىنىپ كېتەتتىم. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش كىيىنىپ، بېلىمگە چاپراس تاپانچا ئېسىپ قىزىل كالتەك كۆتۈرگەن بىر توپ ئادەملەرنى كەينىمگە ئەگەشتۈرۈپ كوچىدا مېڭىپ باقسام دەپ ئويلايتتىم. ئېيتىڭە ئاتا، سىز شۇ چاغلاردا ھەر بىر چىقىپ كەتكىنىڭىزدە قانچىلىغان مازار - ماشايىخلارنى، مەسچىتلەرنى ئۆرۈپ چاقاتتىڭىز؟ قانچىلىغان ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلاتتىڭىز؟ ئۆز ۋاقتىدا ئالقىنىڭىزغا سۆيگەنلەرنىڭ قانچىلىرىنىڭ ئاغزىنى قان قىلاتتىڭىز؟ قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى زىندانغا تاشلاپ، قانچىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتىڭىز؟

- ئاغزىڭنى يۇم!

- ئاغزىڭنى يۇم!

ئاۋازىم ئاتامنىڭ ئەكس ساداسىدەك ئۆي ئىچىدە تېخىمۇ بەك جاراڭلاپ كەتتى. ھەر ئىككىمىز غەزەپتىن لاغىلداپ تىترىشىپ بىر -

بىرىمىزگە ئۆچمەنلىك بىلەن قادىلىپ قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئانام داستىخان بىلەن يۈزىنى يۆركەپ بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

## 3 - كۆرۈنۈش

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ كومېدىيىلىك ھەم نەپرەتلىك بىر دەۋر ئاياغلاشتى. ئادەملەر زېمىنغا، ئەجدادلىرىغا ۋە بىر - بىرلىرىگە قىلغان تۈزكورلۇقلىرىنى مەڭگە نومۇس بىلىپ ئۇنتۇلماسلىقى كېرەك. لېكىن سىز ئاتا، ئۇنتۇپ كەتتىڭىز. ئۇن يىللىق قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭىزنى ئاشۇ كىچىككىنە، پىنھان زېمىنغا دەپنە قىلىۋېتىپ، پۈتۈن بىر ئائىلىڭىز بىلەن يىراق بىر ناھىيىگە كۆچۈپ كەلدىڭىز. سىز ئەسلىدىنلا ئەقىللىق ئادەم ئىدىڭىز. ھەش - پەش دېگۈچە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىڭىز. دەسلەپىدىلا خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدىڭىز. شۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزۈڭىزگا بارماي مۇئاۋىن باشلىقلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلدىڭىز، شۇنىڭدىن كېيىنلا تېخىمۇ بەك ئۆيدە ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز. پات - پات قولتۇقىڭىزغا بىرنەرسىلەرنى قىستۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتىڭىز. سىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى مەنمۇ، ئانامۇ بىلەلمەيتتۇق. سوراشقا تېخىمۇ پېتىنالمايتتۇق. شۇنداق بىرنەچچە يىل قاتراپ يۈرۈپ ئاخىر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى بولۇپ قالدىڭىز. شۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ كۆڭلىڭىز تۇغۇلدى. خۇددى بۇرۇنقىدەك بىر ئىمزا بىلەنلا ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى خالىغانچە ئۇياق - بۇياق قىلىۋېتەلەيدىغان بولدىڭىز.

## 4 - كۆرۈنۈش

سىز شەرەپ بىلەن پېنسىيىگە چىقتىڭىز. ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا «ئۆزىنى بېغىشلاپ، زور ھەسسە قوشقان» لىقىڭىز ئۈچۈن تەقدىرنامىلەر بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي سىز ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، پارتىيە كىنىشكىڭىزنى كۆتۈرۈپ بېرىپ كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلدىڭىز، ئاندىن بىر كۈنى ئەتىگىنى سىز ئۇنتۇلغان بىر پارچە يۇڭ گىلەمنى قولتۇقلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىڭىز (ماڭا بەئەينى كوھىقاپتەك بىلىنىدىغان، ئاچقۇچنى يېنىڭىزدىن ئايرىمايدىغان ئاشۇ قاراڭغۇ قازناق ئۆيىمىزدە قانچىلىغان يۇڭ گىلەملەرنىڭ بېسىلىپ ياتقىنى خۇدا ۋە سىزگىلا مەلۇم). شۇ سەھەر ئاتا، شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى قەدەم باسمىغان بىر يەرگە - خۇدانىڭ ئۆيىگە - مەسچىتكە باردىڭىز! سېخىيلىق بىلەن پۇل چىقىرىپ مەسچىتنى بىرەر قۇر رېمونت قىلدۇرۇپ چىقتىڭىز. شۇنىڭدىن باشلاپ مەسچىتتىن بېرى كېلەلمەيدىغان بولدىڭىز. ئىلگىرىكى مۇڭلۇق ئاۋازىڭىز ھېلىمۇ بۇزۇلمىغانىكەن. ھەر قېتىم خەتمە قۇرئان قىلسىڭىز ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ دىللىرى ئېزىلىپ كۆز يېشى قىلىشىدىغان بولدى. ھەيھات! يەر يۈزىدىكى بۇ ئالقانچىلىق زېمىنىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا خۇدا ھېلىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرىدىكەن. سىز ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەسچىتنىڭ مەزىنى، شۇنداقلا قېرى ئىمامئاخۇنۇمدىن قالسىلا ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولۇپ قالدىڭىز. ئاتا، گاھى سىز ئۆزىڭىزگە ياراشقان چىرايلىق ساقىلىڭىز، يوغان قارا تونىڭىز، ئاپئاق سەللىڭىز بىلەن بىر توپ ئىخلاسمەن جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆتسىڭىز، گۆدەك چېغىمدىكى بېشىڭىزغا سېرىق شەپكە، گېلىڭىزغىچە ئىزمىلىنىدىغان سېرىق چاپان، سېرىق ئىشتان كىيىپ، بېلىڭىزگە يوغان تاپانچا ئېسىپ، كەينىڭىزدىن بىر توپ قىزىل كالتەكلىك ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان ھالىتىڭىزگە بەكلا ئوخشىشىپ كېتىسىز.

مانا بۇ - سىزنىڭ ھايات مۇساپىڭىز ئاتا. ياق، ھايات مۇساپىڭىزنىڭ بىر قىسمىدۇر تېخى. بەلكى، كۆللى جاھان چۆرگىلەپ شۇنداق بىر كۈنلەر كەلسە، سىز بۇتخانىغا كىرىپ لاي ئىلاھلارغا باش ئۇرامسىز، چېركاۋلارغا بېرىپ مەيدىڭىزگە كرېست سىزامسىز، بىرنېمە دېمەك تەس.

سىز بىر ئۆمۈر ھەر يوللار بىلەن بايلىق توپلىغانىدىڭىز ئاتا. لېكىن بىر تىيىن ئۈچۈنمۇ خەسسىلىك قىلاتتىڭىز. باي زېمىنىنىڭ كەمبەغەل خەلقلىرى، ئوقۇشسىز بالىلىرى، تىلەمچى، يالىڭاچ بالىلىرى. . . ئاھ! بۇ توغرۇلۇق ھېچ سۆزلىمەيلا قويايلى. ئاددىيسى مەركىزىي شەھەرگە بېرىپ بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭىزنى قىلغان بىچارە ئانامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ كېلىشكىمۇ كۆزىڭىز قىيمىغانىدى.

نېمىشقا ئاتا؟

چۈنكى سىز ئەتە ئۇلۇغ سەپەرگە - ھەج سەپىرىگە ماڭماقچىسىز. سىز مېنىڭ ئادەم ياكى

هايۋانلىقىمنى سورىدىڭىز، نۇرغۇن - نۇرغۇن قېتىملاپ سورىدىڭىز. ھەر قېتىم مەن بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئۈن - تىنسىز كىرىپ كېتىۋەردىم. چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەممۇ، هايۋانمۇ ياكى ئوتتۇرىلىقتا تۇرىلىپ قالغان غەلىتە مەخلۇقمۇ بىلمەيتتىم. كېيىن بىلسەم، مەيلى مەن ھەرقانداق ئويلىماي، سىزنىڭ پۇشتىڭىزدىن تامغان ئوغلىڭىز - ئىز باسارىڭىز ئىكەنمەن. تومۇرۇمدا سىزنىڭ قېنىڭىز ئاقىدىكەن. دېمەك، مەن سىزنىڭ پۇشتىڭىز ئىكەنمەن. ئۇنداقتا سىز كىم؟

شۇ دەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ ئەلىمىم سىرتقا تېشىپ، بوغۇزۇمغا ئاچچىق يىغا قاپلاشتى. ئانام ئۆزىنى باغرىمغا ئېتىپ ئۆپكىدەپ - ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى.

- قېنى ئېيتىڭ! - مەن يىغىدىن بوغۇلۇپ ۋارقىرىدىم، - ھازىر جاۋاب بەرمىسىڭىز قىيامەتتە، خۇدانىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىسىز.

- سىز كىم؟!

ئاتام مېنى ئەبەدىي - ھەر ئىككىلا ئالەمدە كەچۈرمەيدۇ.

مەن بۇ ئالەمدىكى ئەڭ قاتتىق ئاتا قارغىشىغا ئۇچرىغان ئوغۇل. بىراق...

ئاتام ھەج سەپىرىگە ماڭىدىغان چاغدا كېچىچە كۆز يېشى قۇرۇمىغان ئانام باشقىدىن ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۆمرىدە بىرەر قېتىم كۆز يېشى قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئاتامنىڭ بىردىنلا يوغان ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئاخىرىدا مەنمۇ يىغلاپ كەتتىم.

ئايرودرومدا ئۈچىمىز بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق.

ئاھ! مەن يەنىلا ئاتامنىڭ ئوغلى. ئالەمدىكى ھەممە ئوغۇللارغا ئوخشاش مەنمۇ ئاتامنى سۆيىمەن. ئاتا - ئۇلۇغ ئىنسان. كۆندىلىك خاتىرەمنى مەڭگۈ تېپىلمايدىغان يەرگە تىقىۋېتەي! بىر كۈنلەردە مەنمۇ ئاتامدەك قېرىپ، كۆزۈم يۇمۇلسا باللىرىممۇ، نەۋرىلىرىممۇ تاپالمايدىغان يەرگە تىقىۋېتەي!

ئاتام ھەج سەپىرىگە ماڭغان كۈن، يېرىم كېچە.

*- مەخپىي كۈندىلىك خاتىرەمدىن.*

## ھېكمەتلەر

**بېرنار دادىي** (پىل چىشى قىرغىقى جۇمھۇرىيىتى)

قايسىبىرلىرىمىز ھەقىقەتنى بېزەپ - پەردازلاپ، خام خىيال قوينىدا ياشاشنى ئەۋزەل بىلىمىز.

* * *

خام خىيال خوتۇن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ھەم مەپتۇن قىلىدۇ، ھەم ئالدايدۇ.

* * *

خام خىيال ياشلىقتا ئازراق، قېرىغاندا كۆپرەك بولغىنى تۈزۈك.

* * *

ئېتىبارى كەم بۇ دۇنيادا مۇتلەق كامىللىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بىزدىن پەقەت بىرنەرسە تەلەپ قىلىنىدۇ - كامىللىقىسېرى ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىش كېرەك. ياشاشتىن مەقسەتمۇ ئەنە شۇ.

* * *

ئىنسانىيەت مىڭ - مىڭ يىللاردىن بېرى دەھشەتلىك خەستىلىك - بىر - بىرىنى چۈشەنمەسلىك كېسەللىكى بىلەن ئازابلىنىدۇ.

* * *

ئىنسان ئۆلمەيدۇ. ئۇ ھاياتقا بارغانسېرى چوڭقۇرراق چۆكۈپ بارىدۇ.

* * *

كائىنات بىر ئۆلچەمدە تەكرارلىنىپ تۇرغۇچى مىزاندۇر. ئۇ ھايات ۋە ئۆلۈم ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com






## جىگدە دەرىخى

قېرى جىگدە دەرىخى
ھەققىڭ بار بولساڭ ساھىبخان.
شېخىڭدىكى قۇشلارغا ئېيتقىن
دەپ قالمىسۇن مېنى بىر مېھمان.
مەن سامان تاغلىرىدىن باشلىنىمەن،
قىيالاردىن ئۇزاققا چاچرىغان.
مەۋھۇملۇكتە بارچە ئىز مەۋھۇم،
بارمىدۇ بىز كۆرمىگەن توپان.
ياۋايى گىياھلار بۇندا سۆيۈملۈك،
سىردىشىش پۇرستى ئەمەس ھېچ ئۇزاق.
تەقدىر ئەركىلەتكەن كىمنى ئالىقاندا،
مەنزىللىرىڭ ئەمەس ياسىداق.
كۆچكەن ھەر شەيئى ئىلگىرى - ئاخىر،
ئەبەدىيلىك يەرنىڭ ئاستىدا.
ھارغىن روھىڭغا ھارغىن ئادەم،
سەن ھازىرنىڭ ئۈستىدە.

كەل ھىندىنى قوچاقلايچۇ بىر،
ئۆزۈڭنى ئۇنۇت تامام، شۇ جەننەت.
تۆكۈلدى مېنىڭ قوۋزاقلىرىم،
پەرىشتە ئورنۇڭدىن تىرىلەر پەقەت.

## تاغلارغا ئاققان ئاق بۇلۇت

تاغلارغا ئاققان ئاق بۇلۇت،
ئايىنى ئەگىمە، ئەگىگىن مېنى.
شامالالارغا تۇتقۇزۇپ قويما،
چېچەككە سېپىپ ئۆتكىن يېشىمنى.

سەن ئۇزايسەن بۇ دەقىقىدە،
باش باھارنىڭ بىر كېچىسى بۇ.
راۋاقتا قالدىم، ئاغزىمدا بىر چوغ،
بۇ - نىدانىڭ قەلەمچىسىمۇ؟

## نىدا

كەچمىشلەردىن پۈتۈلگەن دۇنيا،
كىملىرى خار، كىملەر ئەتىۋا.
قولدىن كېتەر بۈگۈننىڭ ئاخىر،
(ياشلىق، بىسات، قەۋمىڭ، ھەممىۋا. . .)
بىر كۆڭلەردە تاشلاپ كوچىغا،
ئىزدەرسەنمۇ بەختىڭنى يولدىن.

چۇشۇپ قالماس ھېچنېمە بىراق،
كىملەر خەۋەر ئالىدۇ ھالدىن. . .

بىر بەختسىز تاشلاندۇقلاردا،
قارىمىقىغا چىقتى كالىندار.
(ئۇنىڭمۇ بىر باھارى بولغان،
ھازىر باسقان ئۇستۇۋىشىنى قار.)
ئېلىپ كىردى غېرىب كۆلبىگە،
ۋاراقلىدى سەكىن - سەكىن.
بوقۇلدىدى ئىچ - ئىچىدىن ئۇ،
قاتقان باغرىنى ئېرىتىشى مۇمكىن.
بىر قارا ئاق قۇ
تىنىق كۆلنى تۇتقان يەر - ماكان.
ياۋايى ئىمتاسلىق
ئىنساننى باشلار بىر قۇملۇق سايان.

ئېزىپ قالغان قەدەملەر يەتسە
كۆرەلەيدۇ ئۇنى قىسقىلا.

## دىدار

كۆمۈلۈپ ياتقان شۇ ئۇزۇن يىللارنى
دېسەكمۇ بولىدۇ ئەلمىساق،
نەسەپ، تەۋەرۈك ئانا تۇپراقتىكى
كىرورەن گۈزىلى - ئانا
ئۇمىد ئارزۇدا چىقىپ كەلدى ساق.
چوڭقۇر بىر خىيالدا كۆزىنى يۇمغان
لەۋلىرى ئۈستىدە بىر تارىخ قاتقان.
روھىيىتى يۇلغۇن چېچىكى،
بۆشۈكى ئېلى شۇ تەكلىماكان.
ئۇنىڭ بىساتى پۈتۈن تەبىئەت،
بىزگە قالدۇرغان ھەممە - ھەممىنى.
ئانا يىگەن بورۇن - بورۇندىن
كەلمىش ئەۋلادلارنىڭ غېمىنى.
ئۇ بەرگەنغۇ بىزگە ھەر نېمە
بىز بېرەرمىز كېيىنگە نېمە؟!
ئانا
قەدىمكى ياۋايى مەنزىرىلەرنى
بىزگە يەنە بىر كۆرسەتكىنە!

## كەكلىك

قاشلىرىڭدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ
سەن ئەسلىدە بىر ساھىبجامال.
تاشقا ئايلىنىپ كېتەركەن ياپراق،
سەنمۇ سېھىرلەنگەن ئېھتىمال.
جىلغىلارنى تۇتتۇڭمۇ ماكان،
تاش - ئاراشلارغا مۆكۈنۈپ.
كىم ساڭا ئۇۋال قىلغاندۇ؟
يۈرەرمۇ گۇناھىغا ئۆكۈنۈپ؟




## ئاق بوزغۇن

خام خىيال چۆلگە ئۈنگەن سۆكسۆكلەر
ئارزۇ سەلكىنىدە سولۇپ تۆگىدى.
تەنھالىق ئاختۇرغان بۇ مىسكىن يۈرەك
ئەسىر غوۋغاسىدا ئۆلۈپ تۆگىدى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىنى سۆيمىگەنگە بەرگەن سۆيگۈلەر
پۇشايمان ئوتىدا كۆيۈپ تۈگىدى.
ۋاپاسىز قوقاستىن تۇتاشقان پىراق
ۋاپا مەلھىمىدە سۆيۈپ تۈگىدى.
نادانلىق نۇرىغا قاقلانغان بەدەن،
ۋاقىتسىز ھەسرەتكە تويۇپ تۈگىدى.
يالغان ۋەدىلەرگە چاڭقىغان ۋۇجۇد
پۇشمان شارابىنى قۇيۇپ تۈگىدى.
ھەرنە ۋەسۋەسىلەر كەتتى كەلمەسكە،
ساقال ئاقاردى چاچ چۈشۈپ تۈگىدى.
مېنىڭ تۈگىشىمنى سورىسا كىملەر
ئۇ دەيدۇ جاھاندىن كۈلۈپ تۈگىدى.

## ئوت

كۆيىۋاتقان بىر پارچە قەغەز،
قۇرلىرىدا ئىمىر - چىمىر خەت.
سۇتكە ئوخشاش ئاپئاق بىر قەغەز،
داغ چۈشمىگەن مەسۇم بىر قەغەز،
ئالغان كىمدىن كۆيۈشكە رۇخسەت؟

يىلان كەبى تولغىنىدۇ ئۇ،
ئوت تولغىنار ئۇنىڭدىن بەكرەك.
سۇزۇك تۇتۇن چىغىر يول گويا،
تولغىنىدۇ شۇدەمدە دۇنيا،
ساپ ھاۋاغا ئۇلىشار تىترەك.

گەپتىن گەپ يوق ئوتنى قىيىنغان،
شۇنچە كۈچلۈك بۇ قانداق قەغەز،
تۈگەۋاتقان روھمۇ، قەسەممۇ؟
ئۆلۈۋاتقان خەتمۇ، ئادەممۇ؟
زادى كەتكەن نېمىلەرگە دەز؟

## پايانسىزلىق

سۇ يۈزىنى كەستىم پىچاقتا،
بىلەلمىدىم چىققىنىنى قان.
سۇدا قان يوق دېسەڭ ناۋادا،
دولقۇنىدىكى نەدىن كەلگەن جان؟
خەنجەر ئۇردۇم، قىلىچمۇ سالدىم،
كۆرۈنمىدى قىلچە جاراھەت.
سۇ ئېرەنسىز، تاشلىدى ئاندىن
قايسىمىز مەرد، قايسىمىز نامەرد.
قاراپ تۇرسام كېسىلگەن جايغا،
بولىدىكەن تامچىلار مەلھەم.
ئاغرىنىش يوق، لېكىن بىر ئاۋاز
مۇڭدىشىدۇ دېڭىزلار بىلەن.

## گۈگۈم

بۇ دەم كۆكتىكى ئاي ئىككىمىزنىڭ،
ئاي ئولتۇرسا كېچە ئىككىمىزنىڭ،
جىمىرلىغان يۇلتۇزلار، زەڭگەر ئاسمان
سەھەر پەيتى چولپان ئىككىمىزنىڭ.
تاغلاردا كۆيىدۇ ئاخىرقى شەپەق،
يۈرەكتە كۆيىدۇ دەسلەپكى ئارزۇ،
ئىس پۇركىگەن يانار تاغ ئىككىمىزنىڭ.
ئېھتىمال بۇ قۇياش ئولتۇرماس كۈن،
ئېھتىمال بۇ ھەرگىز تاڭ ئاتماس تۈن،
ئېھتىمال بۇ بىردەمدە تۈگەر دەقىق،
بىراق غەنىمەتلىك دەم ئىككىمىزنىڭ.
ئۆتۈپ كەتكەن چاغ ئۆتمۈشكە تالىق،
ئەتىكى ئارىلىقمۇ ئىككىمىزنىڭ.
بىز قۇرىمىز بۈگۈنكى جەننەتلەرنى
مەۋج ئۇرغان قىزىل قان ئىككىمىزنىڭ.

## كەچۈرمىشلىرىم

ئەڭ ئاخىرقى جەزىرە بوستان.
ئەڭ ئاخىرقى پادىچى دېھقان.
ئەڭ ئاخىرقى سازلىقلار بىنەم،
ئەڭ ئاخىرقى يۇلغۇنلار پايخان.
ئەڭ بۇرۇنقى مەھەللىلەر يوق،
ئەڭ ئاخىرقى قىزلار قېرىغان.
ئەڭ دەسلەپكى شورىلار ئېتىلىك،
ئەڭ ئاخىرقى سۆيگۈ ئۇنتۇلغان.
ئەڭ بۇرۇنقى ھەسرەت مەسخىرە،
ئەڭ ئاخىرقى شادلىق خاپىغان.
ئەڭ دەسلەپكى ۋەدە گۆدەكلىك،
ئەڭ ئاخىرقى قەسەم ئالجىغان،
ئەڭ باشتىكى يۈرەك تېخى بار،
تۈنجى تىنىق ئاخىرقى ئارمان.

ئەڭ باشتىكى گۈزەل بىر ئارزۇ
ئەڭ باشتىكى بىر قىزغا قالغان.

## تۇيغۇ

ئۆلتۈرمەن باغچىدا تەنها،
كەلدى قۇچقاچ غېمى بەلكى دان.
مۆلدۈر - مۆلدۈر قارايدۇ ماڭا،
ئەزگىنىدەك دىلىنى ھىجران.

يۇرتى ئۇنىڭ مۇشۇمۇ ئەمەس،
مۇشۇ بولسا نېچۈك پەرىشان؟
باشقا يەردە بولسا ماكانى،
يوقمىكىنە قايتىشقا ئىمكان!
ئەي قاناتلىق، مەندىن يىراق كەت،
يۈرىكىمدىن ئاققۇزمىغىن قان.
ئۆز يولۇڭنى ئۆزۈڭ راۋان ئەت
يۇرتسىز يۈرسەڭ جەننەتمۇ زىندان. . .




## تارىم پاختىسى

دۇپپۇلدەپ سوقۇۋاتقان
ئاسىيانىڭ يۈرىكىدە
ئۆسمەكتىمىز قەدىمى ئاستا.
تېرىسىدەك زېمىنىنىڭ، بىزنىڭ
ئۆسمەكتە ئۇزۇن تالالىق پاختا.
پاختىزاردا كۈمۈش تاجىمىز،
قۇم ئوردىمىز كۆيەر قۇياشتا.

ھالرەڭ پېشىن ۋاقتىدا
كېۋەزلىك سۈتتەك ئۇيقۇ ئاسىندا،
جىمىرلايدۇ يوپۇرماق، غوزەك.
ئاپئاق چۈشتۇر ئېچىلغان كېۋەز
تېرىمچىلار ئارىلاپ چۆنەك
چۈش تەرمەكتە پەرىشتىلەردەك.

ئېتىزنىڭ ئاق بۇلۇتى
بۇلۇتلارنىڭ دېڭىزى
دېڭىزدىكى مەرمەر
مەرمەر بوزغۇنى
بوزغۇندىنمۇ يېشىل قۇم
قۇملۇق شەھەر، شاھ، ئالتۇن ئوردا،
يىپەك توردىن باقار يوق يۈزلەر،
قۇشلار ئۇچار سۈپسۈزۈك توردا.
يوقىلىشتا دەرەخ، تىل، ھەرىكەت
روھ جىمىرلار مەڭگۈلۈك نۇردا. . .
ئېگىز - ئېگىز پاختا تاغلىرى
ماشىنىلار، پويىزلار رەت - رەت
توشۇش ئۈچۈن ساقلار ئۆچىرەت.
فابرىكىلار يېشىل سۈلۈقتا
تەييارلانغان ئاچ تىمساھلاردەك.

ھەزىم بولغان پاختىلار
سېھىرلىنىپ چىقار سېخلاردىن

www.uyghurkitap.com

نەپىس، يۇمشاق، رەڭدار رەخت بولۇپ
ۋە يۈگۈرەر قىتئەلەر ئاتلاپ
شەھەرلەرنىڭ يالىڭاچلانغان
ۋۇجۇدىنى يۆگەشكە تولۇق.

تۈگىدى ئادەم ۋە ھاۋا
ھايات بىلەن ماماتلىق ئارا
بىر مۇتلەق سىر ئىلاھىي پاسىل،
چەكتىن چىققان شەھەرلەرنىڭ
خارابىسىدە
ياڭرار ھامان بىر ئەكس سادا.
قولىمىزدا ساماۋى كىتاب
روھىمىزدا تاتۇق، ۋەھىمە،
بىز گويا بىر باغى - ئىرەمدە
كۆزەتمەكتە باغنىڭ ئىگىسى.
جىنسى - شىرىن مېۋىلىك دەرەخ
ھەممە - ئازغۇن، كىلەر يېگۈسى.
سىلىنماقتا ئىگىلىرىمىز
بۇزۇلماقتا ئاڭنىڭ چېگرىسى.
كەڭ زېمىننى باسماقتا تۇپان
بىر ئادەمسىز نوھنىڭ كېمىسى.



## تاش ئورمان

قولۇمدىكى گېزىتتىن چىقىپ
ماڭماقتىمەن دەرەخلەر بىلەن،
جۇڭغار چۆلىدە.

تىمتاس چۆلدە پەقەتلا ۋاقىت
تۇيغۇ باشلاپ ماڭار ئىنسانىنى.

ئارخېئولوگلار كاھىنلىرىمىز
كولاپ چىقتى قەدىم ئورماننى.
گىلرەڭ، قارا، يېشىل، ئاق، يوغان
ئورمان تاشقا ئايلىنىپ بولغان
تاش ئۈستىدە ۋاقىت بىر ئورمان.

كۆرەلمەيمىز مەۋجۇت ئۇ ھامان.
قۇرئان ئوقۇپ بېرىدۇ موللام
ھېس قىلغىنىم توختاۋسىز زامان.

كۆز يۈگۈرتتۈم گېزىتكە قايتا
ئورمان - ئىسسىق بەلۋاغ ئورمىنى.
قېنى ئىسسىق؟
كەركىدان قېنى؟
مۇزبېلاردا بار ئۈستىخىنى.

ئىلاھ كۈن ئەمەس كۈننىڭ ئىلاھى،
بىز خۇدانى ئاتىدۇق ھەر خىل
ئادەملەرگە ئات قويدۇق باشقا.
تەتقىقاتچىلار - ئۆلۈل كاھىن
بىز ئايلىنىپ قالغانلار تاشقا.

## يۇرتقا نەزەر

قايتتىم قۇرغاق،
قالدۇرۇپ ئارتتا
چۆكۈۋاتقان شەھەرلەر شىرىن، ئاستا
كۆرۈنمەس بىر بالا يانتۇغا،
قۇمغا ھەممە ھالرەڭ خىيالغا.

جەنۇب بىر تىلسىم،
شامالنىڭ ئەمچەكلىرىدە
غىدىقلىنىپ تېرىلىرىمىز
يۈرەك ئۈنسىز بولىدۇ زېدە.
بوستانلار ئارىسى
قاتار - قاتار قاغا جىگدىسى.
يېزىلارنىڭ يارىسى
كۆرۈنۈپ قالدۇ پات - پات.
ئىدىيىلەر شورلاشقان قات - قات
بىراق يەنە جۇشقۇن يېزىلار
يېشىل پېتى تۇرىدۇ ساقلاپ.

قۇياش بىر شىر يايلى قىپقىزىل
ئېتىلماقتا ئۆزىگە قاراپ.
كىردى كەچكە جىمجىت باغ - ۋاران،
كىردى سىرلىق تۇسكە تۆت ئەتراپ.

نەلەردىدۇر ھاڭرايدۇ ئېشەك
قېنىمىزدا يۇلتۇزلار چاقناپ،
روھىم غۇۋا
سۇپىدا كىگىز،
ئاچ چاشقانلار پارقىرايدۇ تېز،
قارايمەن چەكسىز قاراڭغۇلۇققا
بارچە شەيئى يوقلۇقنىكى ئىز.

## تورتخاندا مۇڭدىشىش

بىز كۆرۈشتۇق ئىككى بېلىقتەك
تور ئىچىدە چىرايلىرىمىز،
دولقۇنلىنىپ تۇرغان شەھەردە
چوڭقۇردىن پەرىشانلىقنىڭ
ئۆزىمىزنى سۇزۇپ ئۆزىمىز.

سۇت بۇيرۇتتۇق ئىككى قەدەھ سۇت،
قېتىق بولۇپ ئۇيىدى سۇكۇت
بىز بىر بۇيۇك دەۋردىن چىقىپ
كەلگۈچە بۇ تاش سۇلالىگە.
مۇلازىم قىز، ۋاقىت، ئەركىنلىك
يېنىمىزدا ئاققان يېشىل سۇ.

ئۆلۈمىمىز شۇ:
قۇياش پاتتى بالا ياتقۇغا
يوقالماقتا غەربتىن مەنە.
ئازابىنمۇ سۆيدۇق بىز بۇندا
كاھىنلارچە قىلىپ تەنتەنە.

مىس تەڭگىدەك جەنۇبنىڭ ھىدى
ئۇرۇلغاندا دىمىقىمىزغا
بار قاغجىراش بولار بىزگە جەم.
ئېقىپ كىردى قويۇق بىر گۆگۈم
سۇت ئىچىگە ئىچىمىزگە ھەم.
كەڭ دېڭىزغا تور تاشلاپ گويا
ئۆزىمىزنى سۇزدۇق ئۆزىمىز.

تۆگىگەندە سۆزىمىز
تەخسىلەردە ئېشىپ قالغىنى
رېئاللىقنىڭ قۇرۇق سۆڭىكى.

## سۇخاندىكى تام رەسىملىرى

تەن ئىچىدە تولۇن ئاي.
تىلسىمات ئارال.
تاشقا ئايلانغان مەڭگۇ خىلۋەت سۇ.
مايماق - سايماق سىزىلغان ئايال
جان بەرمەكتە دولقۇندەك لېۋەن
تۇمەن يىللىق شەھۋىتى بىلەن.
قۇياش تامدا غىزالانماقتا. . .
تەن
سىمۋولنى رەت قىلغان
ئىپادىلەش يالقۇنسىمان.
تاشتى قىيان
يوشۇرۇن ئاڭدىن
كىيىملىرىمىز شەھەر سېپىلى
يېڭىلگۈچى قۇياش شەھىرىدە
كېۋەز شەيتان قالماس بىر ئىنسان.

ياز.
قۇياشقا قاراپ چۈشكۈردۇم.
سۇخاندا غالجىر رەسىملەر،
زامان سىرى يېپىق تۇرىدۇ،
ئىڭىرماقتا قەدىمكى سۇ،
يۈر، ياشايلى بابىل شەھرىدە
بەلكىم قايتار مەنزىلىمىز شۇ.

## ئوغلۇمنىڭ ئىسمى

ئوغلۇم ئۇخلاۋاتىدۇ
بىر ئىسمى ئويغاق
ئانىسىنىڭ قوينىدا
ئەرەب دېڭىزى بويىدا.
دولقۇنلار كارۋاتتىن ئېقىپ
تەكلىماكان قۇمى ئىچىگە،
ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىنى
توشقۇزىدۇ قات - قات كېچىگە.

ئوغلۇمنىڭ بىر ئىسمى
بۆشۈكتە ئويغاندى تەرلەپ،
گىلادىئاتورلار مەيدانىنى
ئۇنتۇلدۇرماق بولىمەن بەزلەپ.
بالامنىڭ ئىككى ئىسمى بار،
بىرى ئات ئۈستىدە قاناتلىق
پالۋان بولۇپ چىقار بىر كۈنى.
يەنە بىر ئىسمىنى قويۇپ بولۇپ بىز
قولاقتا سىگمەي ئۇنتۇپ كەتتۇق تېز.

ئۇنتۇپ كەتتۇق نۇرغۇن نەرسىنى
ئىشقا، ئۆيگە كېتىۋاتقاندا،
كۈن ئىچىمىزگە پېتىۋاتقاندا.

بالامنىڭ بىر ئىسمى
قوياش چىققان چاغدىمۇ غېرىب
ئۇپراپ، قىسىلىپ، داترەڭگە كىرىپ.
شەھەر - تومىسى كۈن ئىلاھىنىڭ
كۆپىيىش ھەۋىسى تىنىمسىز قوتراپ
ئادەم ۋە ئەينەككە توشتى تۆت ئەتراپ،
بىردىنلا غەمسىزمەن بالامغا قاراپ.

مەن ئويغانغاندا
بالامنىڭ ئىسمى
ئۇخلاپ ئەركىلەپ.

## كېسەل

سۆرۈن دوختۇرخانا ئىچى،
ئۆچ شامالنىڭ قارا ياغىچى.
شاختا كۆيۈۋاتقان ئاق قۇشقاچ.
مىتاللاردا ئۈن - تىنسىز قىش.
دورا پۇراپ تۇرغان جىلمىيىش.
ئازاد
تېرىدىن ئۈستىخانغىچە،
ئۈستىخاندىن جانغىچە.
قاراپ
كۆنۈپ كەتكەن مەنزىرە،
ۋاقىت بىزنى تاشلاپ بىر ھاڭغا
ئۈستىمىزدىن ئۆتكەندەك خىرە...
بىراق ئىچىمىزدە
قەدىمكى ساغلاملىق،
گۈزەل، قەيسەر، پىنھان ساغلاملىق،
كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ساغلاملىق.

كۆيۈۋاتقان ئەركەك قۇشقاچ بىز.
تار يوپكىلىق قىز
سۈسمان تاشلىماقتا ئىز،
قاغجىرىغان چەكسىز كوچىغا.

يالىڭاچلانغان ئىستەكلىرىمىز
قوم ئاستىدىكى شەھەرلەردە
يالىڭاچ خەلقتەك ئىڭراپ ياتقان
(بەدىنىدىن قان - يىرىڭ ئاققان.)

قويرۇقىمىز پىلتىڭلىماقتا
ۋاقىت ئۈستىدە خەتەرلىك، ئاستا...



## ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغۇچى

جىمىرلايدۇ جان يۇلتۇزلىرى
ئارغامچىنىڭ ئۇچىدا.

چىدا سۈزۈكلۈككە ئەي ئەينەك،
شۇنچە قورقۇنچلۇق سۈپسۈزۈك.
ئۆلۈم ئەكس ئېتىدۇ بىزدە.
يالىڭاچلانغان ئوت مۇئەككىلى
ئادەم تېرىشى سارغۇچ ئېگىزدە.

ئەھمىيىتى قالمىدى
ئالداشنىڭ ۋە ئالدىنىشنىڭ،
ئاش ۋاقتىنىڭ، پىشىم ۋاقتىنىڭ،
يۇيۇنۇشنىڭ، تاماق يېيىشنىڭ. . .
ھاجىتى قالمىدى كىيىم كىيىشنىڭ.

ھەممە قاتتىق نەرسە ئۇنىڭغا
ئۇشتۇمتۇتلا ئايلاندى سۇغا.

ئارغامچىدىن ئاقار بىر ئايال،
ئاياغلاشتى ئۇنىڭ تۆت پەسلى.
كۆكتىن مۇڭلۇق باقار بىر ئايال

ئارام ئالماق بولغاندا ئېرى
نىقابىنى قىلىپ سەل نېرى.
ئېسىلىپ تۇرار
يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا،
پۇتلىرى بىلەن تام ئارىسىدا،
زامان بىلەن زامان ئارىسىدا. . .
پەرىشتىلەر ماڭماقتا سۆرەپ.
ئۆلۈۋالدى بىر ئايال قوشنام
قارا گۈلدەك
غەمكىن پۇرىقى
قوشنىلارنى قىلىپ بىئارام.

# ئولجا


## تۇدىگۈل ئېلى

ئولجىمەن،
تۇرمۇشنىڭ قۇرغاق ئۆيىدە،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن ئادەملەر،
ياۋۇزلارچە يېمەكتە مېنى.
قۇرۇپ كەتكەن ئۇلار جىسمىدا
مېھىر ۋە ۋاپا،
مۇھەببەت ۋە نەپرەت.
يۈرەكمۇ يوق ئۇلاردا،
باردۇر پەقەت
قاپقاراڭغۇ، چوڭقۇر تۇمانلار
ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئاڭلىنىۋاتقىنى
بىچارە يوقلۇق تىۋىشى،
شۇڭا بەزىدە،
ئۇلار ئۇچۇپ كۈلۈپ يۈرگەندە،
دېگۈم كېلەر،
- ئالدىماڭلار كۈندۈزدە،
ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار.
بىلىپ تۇرۇپ ھەممىنى،
كۆرۈپ تۇرۇپ ھەممىنى،
روھىم كەيىپ بولۇپ قالغاندا،
ئۆزۈم چىڭ تۇۋلاپ سالىمەن.
بەزلىگەنچە

ئۆزۈمنى ئۆزۈم
ئېسىلىمەن رېئاللىقنىڭ پۇتىغا
تەڭرىمدىن،
تىلەپ چەكسىز نىجاتلىق.
ئەمما،
ئاستا - ئاستا چۆكۈپ كېتىۋاتقان،
ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمدىمۇ
قۇتقۇزغۇسى يوق
ئۇنىڭكى پەقەت
ئاھ! ئۆلمەي تۇرۇپ تۆكۈلدۈم گۈلدەك
دەپنە بولدى قەلبىم ئەتىگە.
ئولجىمەن،
تۇرمۇشنىڭ قۇرغاق ئۆيىدە،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن ئادەملەر،
تىتىپ - تىتىپ يېمەكتە مېنى.
مەغلۇپلۇقنىڭ يىغلاڭغۇ كۈنى،
توزۇپ كەتتىم مانانلار ئارا.
ئاھ، پەقەت ئوخشىماي قالدىم،
رامكامدىكى سۈرەتلىرىمگە.
ئۈنۈپ چىققان ئەسلى بۇ جايدا،
كۆكلەمدىكى ياپيېشىل ئازاب.

# مائارىپىمىزدا بىلىم كرىزىسى

ئابدۇقادىر جالالىدىن



كىتاب مېنىڭ دۇنيانى كۆزىتىشتىكى ۋاستەم بولۇپ قالدى. گەرچە بۇ ئۇزۇل - كېسىل ھەم ئەمەلىي كۆزىتىشكە كىرمىسىمۇ، ھەرھالدا ئاز - تولا قىممەتكە ئىگە كۆرۈش بولۇشى بولالايدۇ. پەخەس بولمىغاندا، مەتبۇئات كىشىنى تۇيۇق يولغا، ئۆلۈك پىكىر ئادىتىگە باشلاپ قويىدۇ. ئەمما ۋىجدان، مەسئۇلىيەت ۋە ئۆتكۈر سەزگۈرلىكنى يوقاتمىغان ئادەم مەتبۇئاتلاردىن پايدىلىق ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلالايدۇ، ئۇلارنى تەپەككۇر ۋە ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلالايدۇ. ھەممە [illegible]لارنى بىۋاستە ئارىلاش، يېڭى ئالامەتلەرنى ئۆز دىتى بىلەن تاسقاش، ئىنسانىيەتنىڭ مۆجىزىلىرىگە كەڭ - كۇشادە نەزەر سېلىشتىن مەھرۇم ھالدا، بىلىم ۋە ئۇچۇر قورۇمچىلىقىنىڭ ئىسكەنجىسىدە روھى قاغجىراۋاتقان ئادەم ئۇچۇن پەقەت كىتابلا

كۆزنەكلىك رول ئويناپدۇ. كىتاب مەن بىلەن كۆزنىتىش نۇقتىسى ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى سۈيىبېكتىپنىڭ تۇمانلىرى بىلەن تولدۇرۇۋېتىسەمۇ، ئەقىل ھامان ئۆزىگە تېگىشلىك پائالىيەت مۇھىتى يارىتالايدۇ. ئەقىل كۆزى خىرەلەشمىسەلا، ھەرقانداق شارائىتتا مۆجىزىنى ئۇچرىتقىلى بولىدۇ. پىكىر قىلىش ئەقىل گىمناستىكىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن جەمئىيەتشۇناس ئەمەس، جەمئىيەتنى سىستېمىلىق كۆزىتەلمەيمەن، ئەمما مەندە بىر ئەدەبىياتشۇناستا بولۇشقا تېگىشلىك ئۇنىۋېرسال كۆزىتىش كۈچى ۋە ھالال يۈرەك بار، يەنە بىر مائارىپچىغا خاس مەسئۇلىيەت ۋە يېنىپ تۇرغان ۋىجدان بار. مانا مۇشۇلار ۋۇجۇدۇمنىڭ كۆلىگە تاش ئېتىپ تىنماي داۋالغۇتۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان شىددەتلىك بورانلار مېنى لەرزىگە سالىدۇ. بۇنداق چاغدا، مەن ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا قولۇمغا قەلەم ئالىمەن، پۈتۈپ چىققانلىرى بەزىدە شېئىر، بەزىدە نەسىر، بەزىدە پوبلىستىك ماقالە بولۇپ چىقىدۇ. بۇلار مەن ئۈچۈن بەرىبىر، مەن شۇ ئارقىلىق ئازراق يەڭگىللىسەملا بولغىنى. يېزىپ بولغانلىرىم مەن ئۈچۈن روھىمنىڭ قاسراقلىرى سۈپىتىدە ئەينى مەزگىلدىن ئاز - تولا دېرەك بېرەلەيدۇ خالاس...

مېنىڭ يازغانلىرىم پىكىر قىلىشتا ئۆرۈنۈشنىڭ مەھسۇللىرى، ھەرگىزمۇ ئابىدە تىكلەشكە ئۆرۈنۈشنىڭ مەھسۇللىرى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن.

* *

بىز 21 - ئەسىرگە كەتمەن بىلەن كاۋاپدانىنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدۇق. ئىنتېر تورى ئارقىلىق سېكۇنتىغا 10 مىليون ئۇچۇر ئالمىشىپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كۈندە، زىيالىيلىرىمىز ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئايىغى چىقماس يىغىلىشلاردا، چوڭ - كىچىك چاي سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزمەكتە. ۋاقىت سېكۇنت بىلەن ئۆلچىنىۋاتقان شارائىتتا، كېۋەزلىكتىكى ئاتا - ئانىلىرىمىز ۋاقىتنى كۈن بىلەن ئۆلچەيدۇ. كۈن بولسا قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. غەربتە ۋاقىت گويا نۇر تېزلىكىدە چاپماقتا، بىزنىڭ بۇ يەردە ۋاقىت توختاپ قالغاندەك، تارىخنىڭ ئۆزىمۇ قىممىرلىماي يېتىۋالغاندەك بىلىنىدۇ.

بىزدە ئەسىر ئالمىشىشقا دائىر يىرىك مۇلاھىزىلەر بولمىدى. كېلەچەكنىڭ قىياس خاراكتېرلىك تەسۋىرىنى سىزىپ بېرىدىغان كىشىلەر غەرب ئەقلىملىرىدا شۇنچە كۆپ بولۇشقا قارىماي، قىزغىن ئېتىبارغا سازاۋەر. ئەكسىچە، بىزدە ئىغۋاگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار شۇنچە مۆتىۋەر. بۇ بىلىم ئەھلىنىڭ جەمئىيەتتىمىزدىكى ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ شائىر فۇرقەتنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

چەرخى كاج رەپتارىنىڭ بىر مېۋىسىدىن داغمەن،

ئەيشىنى نادان سۈرۈپ، دەردىنى دانا تارتىدۇ.

(مەنىسى: پەلەكنىڭ مۇنۇ قىلمىشىدىن داغ - ھەسرەتكە گىرىپتارمەن، زامانىنىڭ راھىتىنى نادانلار سۈرۈپ، دەردىنى دانالار تارتىدۇ.)

21 - ئەسىر ئەقىل دەۋرى، لېكىن بىز ئۇنىڭغا ھېسسىيات مىللىتى سۈپىتىدە كىرىپ كەلدۇق. 21 - ئەسىر رىقابەت دەۋرى، لېكىن بىز ئۇنىڭغا تايىنىشچان مىللەت سۈپىتىدە كىرىپ كەلدۇق. 21 - ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى، لېكىن بىز ئۇنىڭغا بىكىندۈرمە مىللەت سۈپىتىدە كىرىپ كەلدۇق.

20 - ئەسىردە غەرب ئەقىدىسىنى مەنبە قىلغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ قارىمۇ قارشى قۇتۇپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆرۈنۈشلارنى كۆردۇق، بۇ ئۆرۈنۈشلار جاھاننىڭ بارلىق «ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ» لىرىغا ئۆز تەسىرىنى ئېلىپ كەلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىنگلىز يازغۇچىسى كىپلىنگ (1865 — 1936) : «شەرق دېگەن شەرق، غەرب دېگەن غەرب، ئۇلار مەڭگۈ كېلىشەلمەيدۇ. پەرۋەردىگار ئاسمان بىلەن يەرنى ئۆز ئورنىغا بېكىتىۋەتكەندەك ئۇلار مەڭگۈ ئاشۇنداق تۇرىدۇ» دېگەندە، بۇنىڭغا جاۋابەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھىندىستان شائىرى تاگور (1861 - 1941) مۇنداق دېگەنىكەن: «ئادەم دېگەن ئادەم، ماشىنا دېگەن ماشىنا، بۇ ئىككىسى مەڭگۈ سىغىشالمايدۇ».

روشەنكى، غەرب قىممەت قارىشى ماددىنى، شەرق قىممەت قارىشى روھنى نېگىز قىلغان. بىراق، 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، غەرب مەدەنىيىتى شىددەتلىك پارتلاپ ھەدېسلا تېشىغا كېڭەيدى. تاگورنىڭ ۋەتىنى بۈگۈنكى كۈندە غەرب قىممەت قارىشىنىڭ زىلزىلىسىدە قالدى. بىزمۇ قەدىمكى شەرقنىڭ چۈشكۈنلەشكەن پېرسوناژى سۈپىتىدە بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا رول ئېلىپ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى بېكەتلىرىگە ئايلاندۇق. غەرب مەدەنىيىتى 20 - ئەسىردە ھەدېسە تېشىغا پارتلىدى، بىز بولساق ئىچىمىزگە پارتلاپ كەلدۇق. غەرب مەدەنىيىتىدىكى پارتلاشنىڭ ئەۋجى يېتىپ كېلىۋاتقان 21 - ئەسىردە مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشى بىز ئۈچۈن ئەڭ ماھىيەتلىك سوئال. بۇ سوئال خۇددى سفىنكسنىڭ تېپىشمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش - بېرەلمەسلىك مەۋجۇتلىقىمىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

ئارقىدا قالغانلارنىڭ دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلىرى ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، تەرەققىيات ئۆزىنىڭ ئەخلەتلىرىنى ئارقىدا قالغانلارنىڭ دۇنياسىغا تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارقىدا قالغانلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى پاكلىمىسا بولمايدىغان بىر باسقۇچ كېلىپ چىقىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ باشقىلار زېرىكىپ تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرنىڭ مىراسخورى بولۇپ قېلىشىمىز يۇقىرىقىنىڭ بىر پاكىتى. بۇ خۇددى تېنى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئادەم ئاسان كېسەل بولغاندەك بىر ئىش. 21 - ئەسىر بىزگە يەنە قانداق مەسىلىلەرنى يۈكلەيدۇ؟

بۇ مەسىلىنى ھەممىمىز ئۆزىمىز تونۇۋاتقان نۇقتىنا، كەسىپ، ئارزۇ - يۆنىلىشلەر بويىچە تەتقىق قىلغاندىلا يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىرلىرى بولىدۇ، ھەر بىر قىر مەلۇم كەسىپ ۋە بىلىملەر ئاساسىدىكى رېئال ھالەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنى ئەنە شۇ ساھەنىڭ ئادەملىرى يېتەرلىك سەزگۈرلۈك ۋە ئىدراك بىلەن تەھلىل قىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئىلغار ئىدىيە، جانلىق مېتود كېتىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى زىيالىي قۇرۇلمىمىزدا «ئاق فورمىسى زاپچاسلىرى» مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار راستىنى ئېيتقاندا، ئاق فورمىسى كۆتكەن ئۈمىدنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كېرەكسىز «زاپچاسلار» بولۇپ، ئەينى دەۋرلەرنىڭ قالدۇق «تەۋەررۇك» لىرى. مانا بۇ ئىجتىمائىي پەن ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ دىئاگنوزسىز قېلىشىدىكى بىر سەۋەب. پەن - تېخنىكىنى يېتەكچى ئورۇنغا قويغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادنى نېگىز قىلغان ئىجتىمائىي ھالەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغاندا، بىزدە ھەرخىل ئىگىلىكنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۆتكۈر پەن - تېخنىكا خادىملىرى يوقنىڭ ئورنىدا. بۇ ئەھۋاللار جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرگە توغرا، ئىلمىي جاۋاب تېپىپ، ئۆزىمىزنى تۈزەشنىڭ قىيىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارىدى.

ئاتوم فىزىكىسى ئاتوم دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر تېخنىكىلىرى ئۇچۇر دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ دەۋرلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشى دۇنيانىڭ سىياسىي تەرتىپىنى غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. بۇ دەۋرلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە يېتىلگەن ئالىملارنىڭ، باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ، تارىخچىلارنىڭ، مەدەنىيەتشۇناسلارنىڭ ۋە تۈرلۈك سىياسىي تەھلىلچىلەرنىڭ ماسلاشما ئەمگىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، بىزدە بۇنداق ئىلمىي قۇرۇلمىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنداق شارائىتتا، كەلكۈن ئېقىنى نەگە باشلىسا شۇ يەرگە قاراپ ئېقىپ يۈرگەن سەرسان ئالمىدەك ياشاش كېلىپ چىقىدۇ.

يېقىندا مەن ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس دانىئېل بېللنىڭ «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى» ناملىق ئەسىرىنىڭ خەنزۇچىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئاپتور 1973 - يىلى يازغان بۇ ئەسىرنىڭ كىرىش سۆزىدە «كېيىنكى 30 — 50 يىل ئارىلىقىدا ‹كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى› نىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىمىز» دېگەنىكەن. ئىنسانىيەت دانىئېل بېلل بەرگەن بېشارەتنى مانا ئەمدى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە. بېلل كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇنۇ گرافىك ئارقىلىق تەسۋىرلەيدۇ.

كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭدىكى مەسىلىلەر

| مەركىزىي ئوق پرىنسىپى: | نەزەرىيىۋى بىلىملەرنىڭ جۇغلىنىشى ۋە كونكرېتلىشىشى |
|---|---|
| ئاساسلىق ئورگان: | ئالىي مەكتەپلەر<br>ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى<br>تەتقىقات شىركەتلىرى |
| ئىقتىساد ئۆلى: | پەننى ئاساس قىلغان سانائەت |
| ئاساسلىق مەنبە: | ئەمگەك كۈچى كاپىتالى |
| سىياسىي مەسىلىلەر: | پەن سىياسىتى<br>مائارىپ سىياسىتى |
| قۇرۇلما مەسىلىسى: | شەخس بىلەن ئاممىۋى ئورۇنلارنىڭ مۇۋازىنىتى |
| ئىجتىمائىي تەبىقە: | ئاساس ـ تېخنىكا<br>جەريان ـ مائارىپ |
| نەزەرىيە مەسىلىسى: | «يېڭى تەبىقە» نىڭ ئىچكى جۇغلانما كۈچى |
| ئىجتىمائىي ئىنكاس: | بيۇروكراتلىشىشقا قارشى تۇرۇش<br>مەدەنىيەت قارمۇ قارشىلىقى |

بېلل يۇقىرىقى گرافىكنى ئىزاھلاپ، كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇچۇر، بىلىم، تېخنىكا، كەسپىي خادىم، رىقابەت، ئۇچۇر، كېلەچەك قاتارلىق نۇقتىلىق ئىبارىلەرگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، كېيىنكى سانائەت دەۋرىدە بىلىم ئەھلى جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق قاتلىمىغا، مائارىپ ۋە بىلىم مۇئەسسەسەلىرى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىغا ئايلىنىدۇ. «بىلىم ھەممىگە قادىر» دېگەن سۆز «ھوقۇق ھەممىگە قادىر» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەت يۇقىرىقىلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا باشلىدى. كىشىلەر دانىئېل بېلل تەسۋىرلىگەن جەمئىيەتنى «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دەپ قوبۇل قىلىشتى. مانا ھازىر «بىلىم ئىگىلىكى»گە ئائىت ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرلىك ئۇقۇشلۇقلار ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىشخانىسىدىكى كىتاب ئىشكاپىدا ئاز ـ تولا پەيدا بولدى، ئۇ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە نۇقتىلىق مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلاندى.

دانىئېل بېلل يۇقىرىقى ئەسىرىدە، ئىنسانىيەتنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن.

① ئالدىنقى سانائەت جەمئىيىتى ـ جىسمانىي ئەمگەك ئارقىلىق تەبىئەتتىن خام ئەشيا ئېلىش. مەسىلەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، كانچىلىق، بېلىقچىلىق دېگەنلەردەك. ئەنئەنىگە ۋە ئۆتمۈشكە سېغىنىش ئاساسىي ئېقىم. كىشىلەر يەرگە باغلانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىش دائىرىسى تار مەھەللە ياكى رايون بىلەن چەكلەنگەن بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى پەسىل، يېغىن، سۇ مەسىلىلىرىگە زىچ چېتىلغان بولىدۇ.

② سانائەت جەمئىيىتى ـ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلىپ تەشكىللەنگەن جەمئىيەت. مەسىلەن، ياساش، ئىش قوشۇش دېگەنلەردەك. بۇ دەۋردە ماشىنا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، تۇرمۇش رىتىمى ماشىنا بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ئېنېرگىيە جىسمانىي كۈچنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆسۈشىگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ.

③ بىز يۇقىرىدىكى گرافىكتا كۆرسىتىپ ئۆتكەن جەمئىيەت بولۇپ، كەسپىي خادىملار ۋە تېخنىك خادىملار يېتەكچىلىك ئورنىدا تۇرىدۇ.

شائىر نىمشېھىت بىلىم بولسا يەر شارىنىمۇ توپ قىلىپ ئوينىغىلى بولىدۇ، دېگەنىدى. دەرۋەقە، يەر شارىنى كىملەرنىڭ توپ قىلىپ

ئوپناۋاتقانلىقى بىزگە ئايدىڭ بولۇپ قالدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادنى دۇنياۋىلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى.

يۇقىرىقى جەمئىيەت ئەندىزىلىرى ئەمەلىيەتتە بىر قىياس ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت بولۇپ قالدى. بىز بۇ ئەمەلىيەتكە قانداق يۈزلىنىشىمىز كېرەك؟

رايونىمىز پايانسىز كەتكەن خام ئەشيا بازىسى بولۇپ، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېھقانچىلىق ۋاستە جەھەتتە تراكتور قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتكەندەك قىلسىمۇ، كەتمەن يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە ۋاستىلەر قىسمەن ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئىگىلىكنىڭ ماھىيىتى ئوتتۇرا ئەسىردە شەكىللەنگەن ئەنئەننى مەزمۇن قىلىدى. دېھقانلار ئەنئەنىدىن كەلگەن دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ۋە ساۋاتلىرى بويىچە تىرىكچىلىك قىلىدۇ، زامانىۋى جەمئىيەت كىشىلىرىگە خاس ئاڭ ئۇلاردا شەكىللەنمىدى. تېلېۋىزورنىڭ ئۇلارغا بەرگەنلىرى، ناخشا - ئۇسسۇل، ھىندىستاننىڭ بىر خىل قېلىپتىكى ئاشىق - مەشۇق ھېكايىلىرى، ۋۇسۇڭنىڭ ئاجايىپ چامباشچىلىقى بولدى.

نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى ياغاچ ئات، تۆمۈر بىلىق قاتارلىق فانتازىيىلىك خىياللارنى سۈرگەن بۇ خەلق ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك ئارزۇلىرىنىمۇ تونۇماس بولۇپ كەتتى. تەييار ماللارنىڭ بازارلارنى ئىگىلىشى ئارقىسىدا، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە شەكىللىنىپ، سىستېمىلاشقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك شاللىنىش جەريانىدا كېتىپ بارىدۇ.

چەت ئەلنىڭ كىيىملىرىنى قاملاشتۇرۇپ كىيىۋالغان، لېكىن، زامانىۋى ئىلىملەردىن خەۋىرى يوق ھالدا شاھادەتنامە ئالغان ستۇدېنت يىگىت بىلەن ئۆزىنىڭ چورۇقىنى ئۆزى تىكىپ كىيگەن دېھقاننىڭ روھىنى سېلىشتۇرغاندا قانداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن؟ ئۆزى سالغان كەپە باشقىلار سېلىپ بەرگەن شاھانە قەسىردىن نەچچە ھەسسە ئەلا. چۈنكى، ئاشۇ كەپىدە ئىجادكارلىق ۋە ھالال مېھنەت بار. مېھنەت بىر خىل ئالىي ھوقۇق.



جەمئىيەت بىلەن مەكتەپ ئەسلىدىلا بىر گەۋدە. ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى بىلىملىرى تەبىئەتتىن، جەمئىيەتتىن كەلگەندى. مەكتەپلەر بارغانسېرى ئايرىم بىر قورۇ بولۇپ، جەمئىيەتتىن ئۆزىنى ئايرىم تۇتىدىغان بولدى. مەكتەپتىدىكى بىلىملەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلىملىرىنىڭ فوكۇس نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنى ئەۋزەل غايە ۋە ۋاستىلەرگە ئىگە قىلىدۇ. مەكتەپلەر بارچە ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارنىڭ غورۇرى ۋە نوپۇزلۇق ئورگىنى. ئوقۇتقۇچىلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەم تەرەققىياتىنىڭ خەۋەرچىلىرى ۋە لايىھىچىلىرى. ئەمما، بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز

جەمئىيەتنىڭ ۋە دۇنيانىڭ چاقىرىقلىرىنى ئەڭ كېچىكىپ ئاڭلايدىغان، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى دىپلومغا تايىنىپ تىكلىگۈچى جان باقارلارنى تەربىيىلەيدىغان خىلۋەت قولتۇققا ئايلىنىپ قالدى.

رايونىمىزدىكى مەۋجۇت ئىگىلىك ئەنئەنە رەۋىشىدە بولغاچقا، مەكتەپلەرگە ئارتۇقچە تەلەپلەرنى قويۇشتىن يىراق. ساۋاتسىز بىر يېزا باشلىقى ياكى كەنت باشلىقى خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىدۇ، دەپ قارىلىۋاتقان ئەھۋالدا، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ زامانىۋى بىلىملەرگە تەقەززا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. باشقا تەرەپلەرنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، ئالىي مەكتەپ تەتقىقات ئورۇنلىرى، نەشرىيات تارماقلىرىدا كەسپىي خادىملارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىغا ئورۇن يوق. ئۇلار كەسپىي ئىشلاردىمۇ مەمۇرىي خادىملارنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. بىزدە رەھبەر دېگەندە كەسپىي يېتەكچىلىككە ئائىت تەرەپلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋېتىلىدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگوغا جىددىي كېرەك بولۇۋاتقىنى دەل مەخسۇس كەسپىي تالانت ئىگىلىرى بولۇپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇق تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا كاشىلا تۇغدۇرماقتا. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى، ئىقتىسادىي دۇنياۋىلىشىش بىزدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىسىمۇ، دەماللىققا ئامالىمىز يوق. چۈنكى، كەسپىي تالانت ئىگىلىرى ۋە سۈپەتلىك جەمئىيەت ئەزالىرى بىردەمدىلا يېتىشىپ چىقمايدۇ.

مائارىپ كرىزىسى بىز قۇتۇلالمايۋاتقان زور ئىجتىمائىي خەۋپ بولۇپ، مەزكۇر كرىزىس دەل بىلىم كرىزىسىدە كۆرۈلمەكتە. بىلىمنىڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، بىلىم ۋە زىيالىيلار ھەققىدىكى تەبىرلەرمۇ ئۆزگەردى، تۈرمۇ كۆپەيدى. بىلىل «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى» دېگەن ئەسىرىدە بىلىمگە مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «بىلىم شەيئى ياكى ئىدىيىگە سىستېمىلىق شەرھى بېرىش ئارقىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئورۇنلۇق ھۆكۈم ياكى تەجرىبە خاراكتېرلىك خۇلاسە بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى، مۇئەييەن سىستېما ئارقىلىق باشقىلارغا يەتكۈزۈلىدۇ».

بىلىل بىلىمنى كەسپىي بىلىم، سودا بىلىمى، ئەمگەك بىلىملىرى، سىياسىي بىلىم، ئائىلە بىلىملىرى، پەننىي بىلىم، روھىي بىلىم قاتارلىق كونكرېت تۈركۈملەرگە ئايرىپ بىرمۇ بىر ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. بۇلار بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىزغا تولۇق ئۇيغۇنلىشىپ كەتمىگەندىمۇ ھەر بىر رېئاللىقىمىزغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان سىرتقى كۈچنى پەيدا قىلغۇچى بىر جەمئىيەتنىڭ ئەينى دەۋردىكى قىياپىتىنى پەرەز قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ تەرەققىيات يۈنىلىشىگە ئۇيغۇنلاشمىساق، پاكىت بىزنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىدۇ. ئۆزىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتمىگەنلەر سىرتقى كۈچ تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىدۇ.

ھازىرقى مەكتەپلىرىمىز جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردىكى بىلىملەر دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلالمىدى. خۇددى «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەندەك، قالاق ئىگىلىكنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان جەمئىيەتتىكى مەكتەپلەر ئۆز دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىختىساسلىقلارنىڭ بۆشۈكى بولالمايدۇ. رۇس نەسرچىسى مىخائىل پىرشۋىن «ئەگەر سۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا بېلىقلار بولمىسا، مەن ئۇنىڭ سۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، ئەگەر ھاۋا بولۇپ، ئۇنىڭدا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قارلىغاچلار بولمىسا، مەن ئۇنىڭ ھاۋا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن» دېگەنىدى. بىر ئالىي مەكتەپ ياكى بىر ئاكادېمىيىدە مەملىكەتتىكى ئىلىم تارماقلىرى ھۆرمەت قىلىدىغان، خەلقئارادىكىلەرمۇ تونۇيدىغان سەرخىللار بولمىسا، ئۇنى نېمە دېگۈلۈك؟!

بىزدىكى بىلىم كرىزىسى مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، كارغا كېلىدىغان بىلىمنىڭ بولماسلىقى، يەنە بىرى، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان رىقابەت مۇھىتىنىڭ بولماسلىقى. بىزدە كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئىلھام بولغۇدەك جانلىق ئىجتىمائىي مېخانىزم شەكىللىنىپ بولالمىدى. ئەكسىچە ئاز-تولا ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش روھىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى تۈرلۈك توسالغۇلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئەركىن رىقابەت تەرىپىدىن شاللىنىپ قېلىشتىن ئەمەس، بەلكى ئىمتىھاندىن قورقىدۇ. ئىمتىھان

ئۇلار ئۈچۈن نەق ۋەھىمە بولۇپ، بۇ بىۋاسىتە دىپلومغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىمتىھان يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش ۋە تۇتۇپ تۇرۇشتىكى ياخشى كوزىر بولۇپ قالدى. نۇرغۇن لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلار ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈش نوپۇزىنى پەش قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «خاقان» بولماقچى بولىدۇ. مائارىپ باشقا ئىشلار قولىدىن كەلمەيدىغانلارنى، ئالمان - تالمان قويىنىغا ئالىدىغان، بەرداشلىققا باي سېخىي ماكان بولۇپ قالغاچقا، لاياقەتسىز ئادەملەر ئۇيەردىن ئاسانلا پاناھلىق تاپىدۇ. ئىمتىيازلىقلارنىڭ ئائىلىۋى باش ئاغرىقى مەكتەپلەر ئارقىلىق شىپا تاپىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىكى تولدۇرغۇسىز زىيانلار خەلقنىڭ سەۋرچان روھىدا غەلىتە لاتقىلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

بىزدە بىر لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھەقىقىي باھا بېرىش مەسىلىسى توغرا ھەل قىلىنمىدى. ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپلەردە پۇل تۆلەپ ئوقۇيدۇ يۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى تاللاش، ئوقۇتقۇچىلارغا باھا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى سائەت مىقدارى بىلەن ئۆلچەندى. كىمنىڭ دەرس سائىتى كۆپ بولغان بولسا شۇ ئىلغار بولۇپ سايلاندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدىكى ئىنكاسى نۇرغۇن مەكتەپلەردە ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. بىر ئۈن تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئەمگىكىنى ۋاقىت (سائەت) بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن، چۈنكى، ئۇنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى خىزمەت ئىقتىدارى ۋە مىقدارى تېخنىك خادىملار تەرىپىدىن مېخانىك يوسۇندا بەلگىلەنگەن بولىدۇ. بىراق، ئوقۇتقۇچى ئەقلىي ئەمگەكچى، ئۇ روھ، كەيپىياتقا ئىگە ئادەمنىڭ ئەمگىكى بولغاچقا، ماشىنىنىڭ ئەمگەك مىقدارىنى ئۆلچىگەندەك ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئەقەللىيسى، ئادەم ماشىنا ئەمەس، ئۇ مېخانىك ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئادەمنىڭ ئەمگىكىنىڭ سۈپىتى قابىلىيەت، روھىي كەيپىيات، تەجرىبە، جانلىق ئۇسۇل قاتارلىق نۇرغۇن كونكرېت ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا 10 سائەتتە بېرەلمىگەن ئۈنۈمنى يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىرەر سائەتتە بېرەلىشى مۇمكىن. جايىنى تاپقان بىرەر سائەتلىك تەربىيە قارىسىغا بېرىلگەن 10 سائەتلىك تەربىيىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ياخشى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ۋە ئۇچۇر بېرىپلا قالماستىن، يەنە شۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىنمۇ بېشارەت بېرىدۇ. زېرەك ئوقۇغۇچىلار ھەممە تەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن بولالايدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىر سائەت ئىچىدە ماھىيەتلىك بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى بېرىشكە قادىر ئەمەس، يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىر سائەت ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بىلىملەرنى بىلدۈرۈپلا قالماي، نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى ھاياجانغا سېلىۋېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق كونكرېت تەرەپلەر ئەقلىي ئەمگەكنىڭ سۈپىتىدىكى زور ئىچكى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەرسلەرنىڭ قىممىتىنى نوقۇل سائەت بىلەن ئۆلچەش ئەقلىي ئەمگەكنىڭ سۈپەت قانۇنىغا تۈپتىن خىلاپ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرەر فاكۇلتېتىدا ياكى بىرەر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كوزىر ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرقانچىسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمگىكى كۆپ ھاللاردا ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئوخشاش قىممەتتە باھالىنىدۇ، ھەتتا تۆۋەن باھالىنىدۇ.

مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆگەندىم ۋە تەتقىق قىلدىم. نەتىجىلىرىم ئاز - تولا ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما، باش كۆتۈرمەي قىلغان ئەقلىي ئەمگەكلىرىم مېنى ئەقەللىي موھتاجلىقتىن ساقىت قىلالمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە بولمىسا، بولۇشىغا ياشاش يولىغا مېڭىپ كېتىش نورمال ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالەت ئوقۇتقۇچىلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە (ئېغىر ياكى بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىدە) مەۋجۇتتۇر.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئالىملار، تېخنىكلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ دېدۇق، بۇنى جەمئىيەتشۇناس ئالىملارنىڭ بايانلىرى بىلەن دەلىللىدۇق. كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەتمۇ بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى نامايان قىلماقتا. كىتابخانلار ئۇنداق يۈزلىنىشلەر بىزدە قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ سوراپ قالسا، مەنمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، مۇقەررەرلىك ئاز - تولا كېچىكسىمۇ ھامان يۈز بېرىدۇ. تەرەققىياتنىڭ سادالىرى ئاخىرقى ھېسابتا خۇددى ئىسرائىلنىڭ نەرىسىدەك گاس ئادەملەرنىمۇ چۆچۈتۈپ تاشلايدۇ.




(ئەدەبىي خاتىرە)


هاجى قۇتلۇق قادىرى


(بېشى ئالدىنقى سانلاردا)

## تىنچ ئوكيان، ئانامنى ئېيتىپ بەر

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىم، سىزگە تەقدىم قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەدەبىي خاتىرەم مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچىكىپ قالدى. ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز. تۆۋەندە سىزلەرگە ئەنگلىيىلىك تارىخ ئالىمى چېرچىۋاردىنىڭ «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ - Mu» دېگەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ يازغان دۇنياۋى تارىخ ئەسىرىدىكى بىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى مۇھىم بابلىرىنىڭ قىسقارتىلما تەرجىمىسىنى سۇنماقچىمەن.

## قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ - Mu

ئىنسانلار قانداق پەيدا بولغان؟ يېقىن شەرقنىڭ مەلۇم يېرىدە، خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغانمۇ ياكى شەرقىي ئافرىقىدا مايمۇندىن ئۆزگەرگەنمۇ؟ ياكى بولمىسا ئىنسانلار باشقا پىلانىتىدا پەيدا بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك تەرەققىياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاندىن يەر شارىدا تۇغۇلۇشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىلەر كۆپ. بىز ئۆزىمىزنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يىراق ئۆتمۈشىمىز ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشنى ياخشى كۆرىمىز. بۇ مەسىلە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا مۇھىم؟ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك ئەلۋەتتە. ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى سىرنىڭ ئېچىلىشى بىزنى ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز ۋە كەلگۈسىمىزنى چۈشىنىشىمىزگە يېقىنلاشتۇرغان بولاتتى.

برىتانىيە ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى جېمس چېرچىۋارد ئۆزىنىڭ خىزمەت ھاياتىنى ھىندىستاندىن باشلىغانىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ

60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا شۇ يەردە ئۇستازى ـ بىر قەدىمكى ئىبادەتخانىنىڭ باش راھىبى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىدە رىشى (دانىشمەن) دەپ ئاتايدۇ. ئۇستاز بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلىپ دوستلۇققا ئايلىنىدۇ. ھىندى راھىبىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىرىتانىيىلىك بۇ ياش چوڭقۇر پىكىر قىلىش سەنئىتى ۋە يۇلتۇزلار پروپېكسىيىسىنى ئىگىلەيدۇ ھەمدە ھىندى دىنىنىڭ مۇقەددەس سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

ئىش چېرچىۋاردنىڭ مەنىسىنى يېشىشكە ئۇرۇنۇپ بېقىش ئۈچۈن باش راھىبىدىن ئىبادەتخانىدىكى بىرنەچچە بارلېيۇنى[1] كۆچۈرۈۋېلىشقا رۇخسەت سورىشىدىن باشلىنىدۇ. رىشى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا ياردەملىشىشكە باشلايدۇ.

چېرچىۋارد ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ماڭا بۇ ئاجايىپ يېزىقلارنىڭ سىرىنى قانداق يېشىشنى ئۆگەتتى ھەمدە تېخىمۇ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى يېشەلەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ماڭا دەرس ئۆتتى.

مەن باش راھىب دوستۇمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ باشلانغۇچ يېزىقى بولغان بۇ جانسىز يېزىقنى ئىككى يىلدىن ئارتۇق تىرىشىپ ئۆگەندىم. ئۇ ماڭا بۇ يېزىقنى بىلىدىغان باش راھىبلاردىن ھىندىستاندا پەقەت ئىككىسىلا قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئاساسلىق قىيىنچىلىق قارىماققا ئاددىي كۆرۈنگەن يېزىقلارنىڭ يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىدە ئىدى. بۇ يوشۇرۇن مەنىلەرنى پەقەتلا ئۆز ۋاقتىدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنىدىن مۇستەملىكە ئەللەر ئاھالىسىگە بۇ خىل يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە يېزىق ۋە ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن كەتكەن مۇقەددەس قېرىنداشلار ـ ناكاللار ـ قېرىنداش كاھىنلارلا يېشەلەيتتى.»

بىر كۈنى رىشى چېرچىۋاردقا ئىبادەتخانىنىڭ مەخپىي جايىدا نۇرغۇنلىغان تاشتىن ئويۇپ ياسالغان تابلىچكىلارنىڭ[2] ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بەكمۇ مۇقەددەس بولغانلىقىدىن نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ قوشۇمچە قىلىپ، بۇ بىباھا تابلىچكىلارنىڭ ئاشۇ سىرلىق ناكاللار تەرىپىدىن بىر بولسا بېرمىدا، بىر بولسا ئىنسانلار قەدىمكى ۋەتىنىنىڭ ئۆزىدە ـ كېيىنچە غايىب بولغان قۇرۇقلۇق ـ Mu دا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى ئېيتقاندا، بۇ ئەنگلىيىلىكتە ئۇلارنى كۆرۈش ئىشتىياقى پەيدا بولىدۇ.

بىراق رىشى تابلىچكىلارنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بىرىتانىيىلىك دوستىغا بۇ تېكىستلارنىڭ ئەسلىدە بۇرۇن ھىندىستاننىڭ يەتتە مۇقەددەس شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئىنتايىن نۇرغۇن تېكىستلارنىڭ پەقەت ئازغىنە بىر قىسمى بولۇپ، كۆپ قىسمىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى، قېپقالغانلىرى مۇقەددەس تەۋەرۈك بولغاچقا، ساقلانغان جايىدىن ئېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماستىن، يېرىم يىلدىن كېيىن چېرچىۋارد رىشىنى ھېچبولمىغاندا «ناكال تابلىچكىلىرى» نىڭ پۈتۈن ساقلانغان ـ ساقلانمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن لايىدىن ياسالغان قاپتىن چىقىرىشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن تابلىچكىلار ئەسلىگە كەلتۈرمىسە بولمايدىغان ھالەتتە ئىدى. بۇ خىزمەت ئىشلىنىۋاتقان جەرياندا چېرچىۋارد ئۇلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئۇلاردىكى ھەر خىل سىمۋوللۇق شەكىللەرنىڭ مەنىسىنى يېيىشكە تۇتۇش قىلدى:

«تابلىچكىلارنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى نەچچە ئايغىچە جىددىي ۋە ئەستايىدىل ئېلىپ باردۇق. بىزنىڭ ئەجرىمىز بىكارغا كەتمىدى. تېكىستتا دۇنيا ۋە ئىنسانلار پەيدا بولۇشى ۋە پەيدا بولغان جاي ـ Mu ھەققىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى.

ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سىرغا ـ ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش سىرىغا يولۇققانلىقىمنى چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، مەن يوقالغان باشقا

---

① بارلېيۇ ـ تەكشى يۈزگە پۈركۈپ ئىشلەنگەن نەقىش ياكى سۈرەت.
② تابلىچكا ـ مەنە بىلدۈرىدىغان سۈرەتلەر.

تابلىچكىلارنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇندۇم. لېكىن ئۇڭۇشلۇق بولمىدى. مەن باش راھىبلارغا تەۋسىيە قىلىنغان خەتلەرنى ئېلىپ ھىندىستاندىكى ئىبادەتخانىلارنى ئايلىنىپ چىقتىم. لېكىن ھەممىلا جايدا ماڭا سوغۇق ۋە شۈبھە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى.

دەسلەپتە مېنىڭ روھىم چۈشۈپ كەتكەندى. لېكىن مەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان تابلىچكىلاردىكى مەلۇماتلار شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىدىكى، نەتىجىدە مەن قەدىمكى مەدەنىيەت ھەققىدىكى بارلىق بىلىملىرىمنى ئۆگىنىپ چىقىش ۋە ئۇلارنى ناكال تېكىستلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.»

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چېرچىۋاردنىڭ پۈتۈن ھاياتى مۇشۇ ئاساسىي مەقسەتكە بويسۇندۇرۇلغانىدى. ئۇ پۈتكۈل يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇرغۇنلىغان قەدىمكى ھۆججەتلەر، بىناكارلىق خاتىرىلىرى، بىناكارلىق تەۋەرۈكلەرنى تەتقىق قىلدى. گېئولوگىيە ۋە فىزىكا ھەققىدىكى بىلىمىنى پۇختىلىدى. ھىندى ئىبادەتخانىسىدىكى تاشتىن ياسالغان تابلىچكىلاردىن باشلانغان نەزەرىيە بارغانسېرى يېڭى مەلۇماتلار بىلەن تولۇقلىنىپ باردى.

مەن قەدىمكى گرېكلار، خالدېلار (خالدېلار ـ مىلادىدىن 500 يىل بۇرۇن پارس قولتۇقىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان كۆچمەنچى قەبىلە)، بابىلونلار، پارسلار، مىسىرلىقلار ۋە ھىندىلار مەدەنىيىتىنىڭ، ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ يەنى Mu مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغانلىقىنى بايقىدىم.

تەتقىقاتىمنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا مەن بۇ يوقالغان قۇرۇقلۇق ئورنىنىڭ تىنچ ئوكياندا بولۇپ گاۋاي تاقىم ئاراللىرىدىن فىجى ۋە پاسخا ئاراللىرىغىچە سوزۇلغانلىقىنى، دەل مۇشۇ يەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەتىنى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتىم. مەن يەنە: بۇ ئاجايىپ گۈزەل دۆلەتتە ياشىغان خەلقلەرنىڭ پۈتۈن يەر شارىنى مۇستەملىكە قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ مۇنبەت زېمىننىڭ بۇنىڭدىن 12 مىڭ يىل بۇرۇن قاتتىق يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى ۋە دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم.

## كىرىش سۆز

مېنىڭ بۇ ئەسىرىمنىڭ بارلىق ئىلمىي ماتېرىياللىرى ئىككى خىل قەدىمكى تابلىچكىلارنىڭ تەرجىمىسى (مەنىسىنى يېشىش ئو. ت) ئاساسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ بىرى مەن ئۇزۇن يىللار بۇرۇن ھىندىستاندا تاپقان «ناكال تابلىچكىسى»، يەنە بىرى بولسا ئۇلىيام نىۋېن مېكسىكىدا تاپقان زور مىقداردىكى (2500 دىن ئارتۇق نۇسخا) تاش تابلىچكىلاردىن ئىبارەت.

ھەر ئىككى خىل تابلىچكىلار ئورتاق مەنبەگە ئىگە. سەۋەبى، ئۇلاردىكى ئۇزۇندىلەر Mu نىڭ مۇقەددەس ئىلھام يازمىلىرىدىن ئېلىنغان.

ناكال تابلىچكىرى ناگلارنىڭ سىمۋوللىرى ۋە بەلگىلىرى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنىدە ئىجاد قىلىنىپ، ئالدى بىلەن بىرمىدا ئاندىن (تەخمىنەن 15 مىڭ يىل بۇرۇن) ھىندىستانغا يۆتكەلگەن.

«مېكسىكا تابلىچكىلىرى» نىڭ قەيەردە ئىجاد قىلىنغانلىقى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئۇلار شىمال ياكى ئۇيغۇرچە سىمۋول ۋە بەلگىلەر بىلەن يېزىلغان. بىراق، ھەر ئىككىلا تابلىچكىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنى Mu نىڭ مۇقەددەس ئېلىپبەسى ئاساسىدا يېزىلغان. ئۇلار مېكسىكىدا ئىجاد قىلىنغانمۇ ياكى ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ۋەتىنىدە ئىجاد قىلىنغانمۇ (ئاندىن مېكسىكىغا يۆتكەپ ئاپىرىلغانمۇ) بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما ئايرىم تابلىچكىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ يېزىلغانلىقىغا 12 مىڭ يىلدىن ئارتۇق بولغان. بەزى مېكسىكا تابلىچكىلىرىدا Mu ھەققىدە يېزىلغان بىرنەچچە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بايقىدىم.

كىتابىمدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار تەجرىبە ـ تەتقىقات ئېلىپ باردىم. بۇ ئەسەر مېنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشىمنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ئۇنىڭدا ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ قىزىقارلىق ناكال تابلىچكىلىرىدا بايقىغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى تولۇق بايان قىلىنغان. مەن ئېنىقى

هازىرغىچە ئۇلاردا بىرەر خاتالىقنىڭ بارلىقىنى تاپالمىدىم.

خۇددى ناكال تابلىچكىلىرىغا ئوخشاشلا، مېكسىكا تابلىچكىلىرىمۇ قانداقتۇر بىر زامانلاردا يەر شارىدا نۇرغۇن جەھەتلەردە بىزدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىغا گۇمانلىنىشىم ئۈچۈن ئاساس قالدۇرمىدى. باشقا قەدىمكى يېزىقلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارىغاندا، بۇ تابلىچكىلار ھىندىستان، بابىلون، پېرسىيە، مىسىر ۋە يۇكاتان مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆتكەن زاماندىكى بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ پەقەت بىر پارچە ئۇچقۇندىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## يوقالغان قۇرۇقلۇق

ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ۋەتىنى – Mu نىڭ ھالاكەت تارىخى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە بىر ۋەقە. بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئون يىل بۇرۇن، ئالىملار بۇرۇن تىنچ ئوكياندا بىر چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى، كېيىنچە ئىزسىز غايىب بولغانلىقىغا گۇمان قىلىشقانىدى. بىراق، يېقىندا ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق بىر زېمىننىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مەلۇم ئىسپاتلار تېپىلدى. بۇ ئىسپاتلار بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچىدىن، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ھىندىستاننىڭ بىر ئىبادەتخانىسىدا مۇقەددەس تابلىچكىلارنى تاپقاندىن كېيىن راھىب ئالىمنىڭ ياردىمى بىلەن مەنىسىنى يەشكەنىدىم. بۇ تابلىچكىلار Mu نىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەسلەپكى ئىسپاتلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مېنىڭ پۈتۈن يەر شارىنى ئايلىنىپ يەنە باشقا ئىسپاتلارنى ئىزدىشىمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. تابلىچكىلاردا ناكاللارنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولغان تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان زېمىندىن ئايرىلغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلاردا يەنە، ئىنسانلار يارىتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ زېمىندا پەيدا بولۇشى تەسۋىرلەنگەن. كېيىنچىرەك مىسىر، ھىندىستان ۋە مايا دۆلىتىدە يېزىلغان ئىسپاتلاردا Mu دۆلىتىنىڭ يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن ۋەيران بولغانلىقى ۋە ئوت دېڭىزىغا غەرق بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى تىنچ ئوكيان ئاستىغا غايىب بولغان بولۇپ، بۇرۇن قۇدرەتلىك، مەدەنىيەت گۈللەنگەن يەردە ھازىر دېڭىز دولقۇنى مەۋج ئۇرماقتا.

ئىككىنچىدىن، Mu نىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر ھىندى ئېپوسى «رامايانا» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى تېكىستلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. «رامايانا ئېپوسىنى ئايئودىكى ئىبادەتخانىسىنىڭ باش راھىبى نارادىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ دانىشمىنى ۋە تارىخچىسى ۋالمىكى يېزىپ قالدۇرغان. ئېپوسنىڭ بىر جايىدا ۋالمىكى ناكاللارنى (پولكوۋنىك چىرچۋارد «چىرما» دەپ پۈتكۈل ھىندى - چىنىنى كۆزدە تۇتقان) «بىرمىغا شەرقتىكى ئۆزلىرى تۇغۇلغان مەملىكەتتىن كەلگەن» ، يەنى تىنچ ئوكيان تەرەپتىن كەلگەن دېيىلگەن. ھارىس برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى» مۇقەددەس تابلىچكىلار ۋە ۋالمىكى ئېپوسلار (رىۋايەتلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەرنىڭ بىرى. بۇ قەدىمكى مايا كىتابى يۇكاتاندا يېزىلغان. ئۇنىڭدا «Mu مەملىكىتى» تىلغا ئېلىنغان. بەلگە ئورنىدا بىز ھىندىستان، بىرما ۋە مىسىردا بايقىغان سىمۋوللار ئىشلىتىلگەن. دەلىللەرنىڭ يەنە بىر مەنبەسى «كورتىسا قانۇنلار توپلىمى» ناملىق مايا كىتابى بولۇپ، ئۇ «تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى» بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «لىخاسا قولىيازمىلىرى» ۋە مىسىر، گرېتسىيە مەركىزى، ئامېرىكا، مېكسىكىلاردىن تېپىلغان يۈزلىگەن ھۆججەتلەر ۋە ئا ق ش نىڭ غەربىي شتاتلىرىدىكى قىيا تاش يېزىقلىرىمۇ بار.

ئۈچىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنى غايىب بولغان چوڭ قۇرۇقلۇق Mu غا ئىسپات بولالايدىغان ئىبادەتخانىلار ۋە مەنزىرىلەرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرى مەۋجۇت.

جەنۇبىي دېڭىزدىكى بەزى ئاراللاردا، بولۇپمۇ، پاسخا، مانگائىنا، تونگا تاچۇ، پوناپې

ۋە مارىئان ئاراللىرىدا Mu دەۋرىدىن قېپقالغان تاشتىن ياسالغان قەدىمكى ئىبادەتخانىلارنىڭ خارابىلىرى تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. يوكاتاندىكى ئۇشمال شەھىرىدە يېرىم ۋەيران بولغان بىر ئىبادەتخانا بار. ئۇنىڭدا «غەربتىكى بىز كەلگەن زېمىن» نى ياد ئېتىپ ئويۇپ يېزىلغان خەتلەر بار. مېكسىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مېكسىكا پىرامىداسى ئويۇپ يېزىلغان يېزىقلىرى بىلەن كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇمۇ «غەربتىكى يەر» نىڭ ھالاكىتىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تىكلەنگەن.

تۆتىنچىدىن، مىسىر، بىرما، ھىندىستان، ياپونىيە، جۇڭگو، جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى، مەركىزىي ئامېرىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى بىرمۇنچە قەبىلىلەر ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان باشقا جايلاردىن تېپىلغان بەزى سىمۋوللار (مەنە بەلگىلىرى) ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقلىرىنى ناھايىتى ئارانلا بايقاش مۇمكىن. بۇ سىمۋوللار ۋە رىۋايەتلەر شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدۇكى، بۇلارنىڭ بىر ئورتاق مەنبە - Mu دىن كەلگەنلىكىدە شۈبھىسى قالمايدۇ. مانا شۇلارغا ئاساسەن Mu نىڭ ھالاكەت تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

بۇ قۇرۇقلۇق بىپايان ئېدىرلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى شىمالدا گاۋايدىن، جەنۇبتا تاكى تىنچ ئوكياننىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگراسى پاسخا ئارىلى بىلەن فىجى ئاراللىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان سىزىق بويىچە بەلگىلەنگەن. Mu نىڭ زېمىنى شەرقتىن غەربكە 5000 مىل، شىمالدىن جەنۇبقا 3000 مىل بولغان. چوڭ قۇرۇقلۇق ئۈچ كىچىك قۇرۇقلۇقتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى تار بوغۇزلار ياكى دېڭىز ئايرىپ تۇرغان.

بۇ «بىپايان تۈزلەڭلىكلەرگە ئىگە» (گىرېك ھۆججەتلىرى - ئاپتور ئىزاھاتى)، «ئاجايىپ گۈزەل» (پاسخا ئارىلى تابلىچكىلىرى - ئاپتور ئىزاھاتى) ئىسسىق بەلۋاغ مەملىكىتى ئىدى. ئۇنىڭ ۋادىلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلىرى گۈزەل يايلاق ۋە مۇنبەت ئېتىزلار بىلەن تولغانىدى. «ئانچە ئېگىز بولمىغان ئېدىرلىق يەرلىرى» («تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى» ئاپتور ئىزاھاتى) بولسا بوك - باراقسان ئىسسىق بەلۋاغ ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. يەر يۈزىدىكى بۇ جەننەتنىڭ ئۆيۈقلىرى تۈپتۈز بولۇپ، ھېچقانداق ئېگىزلىك ياكى تاغ تىزمىلىرى كۆرۈنمەيتتى. يەر قاتلىمىدىن تاغلار تېخى ئېتىلىپ چىقمىغانىدى.

بۇ بىپايان ۋە مۇنبەت زېمىننى سانسىزلىغان دەريا - ئۆستەڭلەرنىڭ كەڭ ۋە تىنچ ئېقىنلىرى كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇلار ئورمان بىلەن قاپلانغان دۆڭلەر ۋە تۈزلەڭلىكلەر ئەتراپىدىن ئەگرى - بۈگرى ئىز قالدۇرۇپ ۋە ئاجايىپ فانتازىيىلىك ئەگىملەرنى ھاسىل قىلىپ ئېقىپ ئۆتەتتى. ھەممىلا يەر قويۇق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭغا دەرەخلەر ۋە چاتقاللىقلاردىكى ئېچىلغان رەڭگارەڭ، خۇشپۇراق گۈللەر قوشۇلۇپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى. ئوكيان ۋە دەريالارنىڭ قىرغاقلىرى نەچچە ئون مىل (بىر مىل ـ 1609.35 مېتىرغا باراۋەر.) كەڭلىكتە قويۇق پالمىزارلىقلار بىلەن قاپلانغان. ھەيۋەتلىك پاپوروتنىكلارنىڭ يوغان يوپۇرماقلىرى دەريا قىرغاقلىرىغا سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. تۈزلەڭلىكلەردە دەريا ئېقىنلىرى كېڭىيىشىدىن ئۇششاق كۆللەر ھاسىل بولۇپ، قىرغاق بويلاپ سۇ يۈزىدىن سانسىزلىغان نىلۇپەر گۈللىرى چۆرىسىگە يېشىل زۇمرەت تۇتۇلغان ئۈنچە - مەرۋايىتلاردەك ئېچىلىپ تۇراتتى.

دەريا بويىدىكى دەرەخ سايىلىرىنىڭ ئاستىدىكى سۇ ئۈستىدە، خۇددى تەبىئەت



ئەينىكىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغاندەك خىلمۇ خىل كېپىنەكلەر ئۇچۇشاتتى. ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ يۈرگەن كولىبىرلار (كولىبىر - ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىرىدا ياشايدىغان بىر خىل كىچىك قۇش) قۇياش نۇرىدا خۇددى جانلىق ياقۇتلاردەك چاقنايتتى.

دەرەخ ئۈستى ۋە چاتقاللىقلاردا قۇشلار بىس - بەستە سايرىشاتتى.

ئاسمان پۈتۈن دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ سايراۋاتقان چېكەتكە ۋە سەرەتانلارنىڭ چىرىلداشلىرى بىلەن تولغانىدى.

ئىپتىدائىي ئورمانلاردا «بۇدۇشقاق ھاشاراتلارنى ھەيدەش ئۈچۈن يوغان قۇلاقلىرىنى توختىماستىن پۇلاڭشىتىپ يۈرگەن ھەيۋەتلىك پىللار» پادىسى كېزىشەتتى.

بۇ پايانسىز چوڭ قۇرۇقلۇقتا «64 مىليون كىشى» (كروئان قەدىمكى قولىيازمىسى ئە. ئى.) ئالىي دەرىجىلىك پارلاق تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

كەڭ، «تۈپتۈز يوللار» خۇددى ئۆمچۈك تورىدەك ھەممە تەرەپكە تۇتاشقانىدى. بۇ يوللارغا سىلىق تاشلار يانقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇلار شۇنچىلىك جىپىس كەلتۈرۈلگەنكى، «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئوتلارمۇ ئۈنۈپ چىقالمايتتى» (پاسخا ئارىلى تابلىچكىلىرى ئا. ئى) شۇ زاماندا تىلغا ئېلىنغان 64 مىليون كىشى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان «ئون قەبىلە» ياكى «خەلق» كە بۆلۈنگەن بولسىمۇ «ھەممىسى بىر ھۆكۈمەتكە بويسۇناتتى» (كروئان قەدىمكى قولىيازمىسى. ئا. ئى).

شۇ دەۋردىن نەچچە ئەۋلاد بۇرۇنقى كىشىلەر ئۆزلىرىگە پادىشاھ سايلاپ، ئۇنى را - Ra دەپ ئاتاشقان. ئۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي راھىبى ۋە ئىمپىراتورى بولۇپ «را - مۇ - aR-Mu» (لاسا يىلنامىلىرى ۋە باشقا مەنبەلەر ئا. ئى) دەپ ئاتالغان. ئىمپېرىيىنىڭ ئۆزى بولسا «قۇياش ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالغان.

چوڭ قۇرۇقلۇقتا بىرلا دىن بولۇپ، كىشىلەر سىمۋوللار (مەنە بەلگىلەر) ئارقىلىق خۇداغا چوقۇنۇشاتتى. بارلىق كىشىلەر روھنىڭ ئۆلمەسلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «پەيدا بولغان مۇقەددەس جايى» غا قايتىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

خۇداغا بولغان ئېتىقاد شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، كىشىلەر ھېچقاچان ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا جۈرئەت قىلىشمايتتى. ئىبادەت قىلغاندا ۋە تىلەك تىلىگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭغا پەقەت سىمۋولىكىلار ئارقىلىق ئىلتىجا قىلىشاتتى. ئۇنى «را - قۇياش» (مايا ۋە باشقا تېكىستلەر. ئا. ئى) دەپ ئۇلۇغلىشاتتى.

. . . . . .

بۇ دەۋردىكى Mu نىڭ خەلقى يۇقىرى دەرىجىدە مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك ئىدى. يەر - زېمىندا تېخى ياۋايىلىق پەيدا بولمىغان. چۈنكى بارلىق خەلقلەر Mu نىڭ پەرزەنتلىرى ھېسابلىناتتى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىگە بويسۇنۇشاتتى.

Mu نىڭ زېمىنىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاق تەنلىكلەر ئىدى. ئۇلار ھەيران قالغۇدەك چىرايلىق بولۇپ، بەدەنلىرى ئاپئاق ياكى سارغۇچ، كۆزلىرى يوغان، مۇلايىم، قارا، چاچلىرىمۇ قارا ئىدى. ئاق تەنلىكلەردىن باشقا، يەنە سېرىق تەنلىك، قوڭۇر تەنلىك ۋە قارا تەنلىكلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى («تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى»، «كورنىكا قانۇنلىرى» ۋە باشقا مەنبەلەر. ئا. ئى). قەدىمكى Mu خەلقى ئاجايىپ ئۇستا دېڭىز سەيياھلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ كېمىلىرى پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ «غەربىي ئوكياندىن شەرقىي ئوكيانغىچە، شىمالىي دېڭىزدىن جەنۇبىي دېڭىزغىچە ئۈزۈشەتتى. . . ئۇلار بىناكارلىقتا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، تاشتىن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلار ۋە سارايلارنى قۇرۇشاتتى» (ۋالمىكى. ئا. ئى)، ھەيۋەتلىك ھەيكەللەرنى ياسىشاتتى.

Mu دۆلىتىدە دىن، ئىلىم - پەن مەركىزى بولغان يەتتە ئاساسلىق شەھەر بار ئىدى. («لىخاسا يىلنامىلىرى» ئا. ئى) ئۈچ زېمىننىڭ ھەممىلا يېرىدە يەنە نۇرغۇنلىغان شەھەر، يېزىلار بار ئىدى. Mu دۆلىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئىلىم - پېنى ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ مەركىزى ۋە بۆشۈكى ئىدى، يەر - زېمىندىكى باشقا بارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭغا قارام ئىدى.

شەھەرلەردە، كېسىلگەن تاشلاردىن ياسالغان

ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار قەد كۆتۈرگەنىدى. بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، ئۇنى «يورۇق» ئىبادەتخانا دەپ ئاتىشاتتى. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۈستىنىڭ ئوچۇق بولۇشى، خۇدانىڭ مېھرى - شەپقىتىنىڭ سىمۋولى بولغان Ra نۇرلىرىنىڭ ئىبادەتخانىغا توسالغۇسىز چۈشۈپ، ئىبادەت ۋە سەجدە قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ باشلىرىنى يورۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىدى. «بايلارنىڭ كىيىملىرى نېپىز رەختلەردىن تىكىلگەن. ئاجايىپ قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن بولاتتى. ئۇلار ھەشەمەتلىك سارايلاردا ياشىشاتتى. خىزمەتكارلىرى كۆپ بولاتتى» (لىخاسا يىلنامىلىرى ئا. ئى).

Mu نىڭ كىيىملىرى چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن ئۇنىڭغا قارام ئەللەر ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن يولۇچىلار ۋە يۈك توشۇيتتى. بۇ ئۇلۇغ دۆلەت تازا گۈللىنىپ، پۈتكۈل زېمىننىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ۋە سودا مەركىزىگە ئايلانغان. تاشتىن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى ياساپ، گىگانت ھەيكەللەرنى تۇرغۇزغان ۋاقتىدا تۇيۇقسىز دەھشەتلىك يەر تەۋرەش يۈز بەردى. Mu دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي رايونى يەرنىڭ چوڭقۇر ئاستىدىن كەلگەن قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن تىترەپ كەتتى. ئارقىدىن يەر تەۋرەپ ۋولقان ئېتىلدى.

چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنى ئاستىدا قېلىپ، نۇرغۇن شەھەرلەر ۋەيران بولدى. ۋولقان ئوت - تۈتەك ۋە لاۋا پۈركەيتتى. مەملىكەت زېمىنى تۈزلەڭ بولغانلىقتىن لاۋا ئېقىپ كېتەلمەي، جايىدا يىغىلىپ قېلىپ كونۇس شەكلىنى ھاسىل قىلدى. بۇنىڭدىن تاغلار ھاسىل بولدى. بۇنداق تاغلارنى ھازىرمۇ جەنۇبىي ئاراللاردا ئۇچرىتىش مۇمكىن (پاسخا ئارىلى ۋە باشقا ئاراللار. ئا. ئى). ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋولقانلار ھەرىكىتى توختاپ ۋولقانلار بېسىقتى.

ۋولقانلارنىڭ ئېتىلىشى توختىغاندىن كېيىن، Mu دۆلىتىنىڭ خەلقى ۋەھىمىدىن ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلدى. ۋەيران بولغان شەھەرلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سودا - سېتىق ئىشلىرى قايتىدىن باشلاندى.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ يۈز بەرگەن ۋەقە قەدىمكى تارىخقا ئايلانغان چاغدا Mu يەنە قايتىدىن يەر تەۋرەشنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. «پۈتكۈل چوڭ قۇرۇقلۇق خۇددى ئوكيان دولقۇنىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك كۆتۈرۈلۈپ چايقالدى. يەر خۇددى بوراندا قالغان يوپۇرماق كەبى تىترەپ لەرزىگە كەلدى. ئىبادەتخانىلار، سارايلار ئابىدە ۋە ھەيكەللەر ئۆرۈلدى، شەھەرلەر خارابىلىققا ئايلاندى»①.

يەر بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەسلەيتتى، تەۋرىنەتتى، تىترەيتتى. يەر ئاستىدىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ، بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتكەن ئوت يالقۇنىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ مىلغا يېتەتتى. كۆكتە ئۇلار ئاسماننى قاپلاپ چېقىۋاتقان چاقماق ئۇچقۇنلىرى بىلەن تېگىشەتتى. پۈتكۈل يەر - جاھاننى قاپقارا قويۇق ئىس - تۈتەك قاپلىغانىدى. ھەيۋەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاقتا ئۆرۈلۈپ تۈزلەڭلىكنى بېسىپ كەتكەنىدى②. كىشىلەر قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان ھالاكەتكە مەھكۇم بولغانىدى. «مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ نالە - پەريادى زېمىننى قاپلىغانىدى. كىشىلەر ئوت دېڭىزى ۋە ئىس - تۈتەكتىن پاناھلىنىپ ئىبادەتخانىلار ۋە قەلئەلەرگە قېچىپ بېرىۋالغانىدى. ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن، قىممەت باھالىق ئۈنچە - ياقۇتلارنى تاقىغان ئەر - ئاياللار «Mu. بىزنى قۇتقۇز!!» دەپ ئىلتىجا قىلاتتى③.

پۈتكۈل ئاسماننى قاپلىغان ئىس - تۈتەكلەرنىڭ سەل ئاستىدىكى ئۈپۈقتا پېتىۋاتقان قۇياش كۆرۈنگەندە، ئۇ خۇددى قىپقىزىل ئوت شارىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتراپنى مۇدھىش قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. قاراڭغۇلۇقنى بەزى - بەزىدە چاقىغان چاقماقنىڭ ئۇچقۇنلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

«بىر كېچە ئىچىدە»④ پۈتكۈل قۇرۇقلۇق پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان چوڭ قۇرۇقلۇق گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز

① «كروگان قەدىمكى قولىيازمىسى»، «كورتىسا قانۇنلىرى» ۋە «لىخاسا يىلنامىلىرى» ئا. خې
② گېرىك تېكىستلىرى ئا. ئې
③ لىخاسا يىلنامىلىرى ئا. ئې
④ «كوتىكا قانۇنى» ۋە «تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى» ئا. ئې

www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ ئوكيانغا چۆكۈشكە باشلىدى. ئوت دېڭىزىغا ئورالغان ھالدا ئۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ دوزاخ ئاغزىغا يېقىنلاپ باردى. پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن بۇ زېمىن ئوت دېڭىزىغا پۈركەنگەن پايانسىز چوڭقۇرلۇققا چۆكۈپ كەتكەندە «ئۇنى ئوت يالقۇنى قوينىغا ئالغاندى»① يالقۇن ھەممە نەرسىنى يۇتۇپ كەتتى. «Mu ۋە ئۇنىڭ 64 مىليون ئاھالىسى قۇربانلىق بولغانىدى»②.

Mu ئوت قاينىمىغا غەرق بولغاندىن كېيىن، قۇدرەتلىك بىر يېڭى كۈچ - 50 مىليون كۋادرات مىل سۇ بېسىپ كەلدى. ھەممە تەرەپتىن گىگانت دولقۇنلار، سۇدىن ھاسىل بولغان تاملار ئېتىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بۇرۇن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ يۈرىكى بولغان جايدا دوقۇرۇشۇپ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ قاينايتتى.

ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان بەختسىز Mu ئۆزىنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرى، ئىبادەتخانىلىرى، سارايلىرى بىلەن؛ ئۆزىنىڭ سەنئىتى، ئىلىم - پېنى بىلەن بىللە ئۆتمۈشنىڭ چۈشىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئوكيان سۇلىرى ئۇنىڭغا كېپەنلىك بولدى. چوڭ قۇرۇقلۇق Mu مانا شۇنداق ھالاك بولدى.

بۇ ھالاكەت، يەرشارىدىكى تۇنجى ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشىدىكى تۇنجى قەدىمى بولدى. بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ ھالاكىتى 13 مىڭ يىل مابەينىدە پۈتكۈل يەرشارىنى تۇن ئىلكىدە قالدۇردى. بىز بۇ تۇن پەردىسىنى قىسمەن ئاچتۇق. لېكىن يەنە نۇرغۇن مەدەنىيەت مەركەزلىرى تېخىچە سىر ھالىتىدە تۇرماقتا.

چوڭ قۇرۇقلۇق پارچىلارغا بۆلۈنۈپ چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە، سۇ ئۈستىدە ئانچە چوڭ بولمىغان قۇرۇقلۇقلار ساقلىنىپ قالدى. بۇ جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەردىن بولغان. بۇ ھەقتە كېيىنچىرەك توختىلىپ ئۆتىمىز.

دېڭىز سۈيى چوڭ قۇرۇقلۇقنى، ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، خۇددى بۇ رەھىمسىزلىكىدىن مەمنۇن بولغاندەك تىنچلاندى، - بۇ تىنچ ئوكيان ئىدى. يەرشارىدا بۇنىڭدىنمۇ مەسخىرىلىك جۇغراپىيە ئاتالغۇسى بولمىسا كېرەك!

قالغان بارلىق ئاراللار ۋە مارجان ئاراللار، ئەمدى بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان لاي سۇنىڭ ئاستىدا ياتقان - ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنى بولغان چۆكۈپ كەتكەن Mu دۆلىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئامان قالغان ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ كىشىلەر ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولۇشقان. ئۇلارنىڭ نە قورال - نە سايمانلىرى، نە كىيىمى، نە بىر پاناھلانغىدەك جاي ۋە نە يېمەك - ئىچمىكى قالمىغان، پەقەت ئالىقاندەك يەرلا قالغانىدى. بۇنداق ھالدا قانداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپىنىڭ كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايدىغان ۋەقەدىن ئېسىگە كېلەلمەي ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغانلىقى تۇرغانلا گەپ؛ قالغانلىرى بۇنداق ئازابتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن خۇدادىن ئەجەل تىلەپ ئىلتىجا قىلىشقانىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ھايات قېلىش ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ياۋايى ھالەتكە چۈشۈپ، ھېچبولمىغاندا مەلۇم مەزگىلگىچە ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى.

ئۇلارغا كېيىم بولالايدىغىنى پەقەت ھايۋان تېرىسى - ئارالدا قالغان ناھايىتى ئاز ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر يوپۇرماقلىرى ئىدى. ئۆزىنى قوغداش ۋە ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى پەقەتلا تاش، نەيزە ۋە ئوقيا ئىدى. سايمانلارنى چاقماق تاش ۋە قۇلۇلە قاپلىرىدىن ياساشقا توغرا كېلەتتى. شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، نۇرغۇن ئادەملەر ۋەھىمە، سوغۇق ۋە ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ تېنى بولسا ھايات قالغانلارغا ئوزۇق بولغان. شۇنىڭ بىلەن كاننىبالىزم پەيدا③ بولغان. بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسخورلىرى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ياۋايىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىشقان. بۇ ئەھۋال تا يېقىنقى زامانغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ مەسىلىدە ئۇلارنى ئەيىبلەشكە بولامدۇ؟ بۇنىڭغا كىتابخان ئۆزى بىر نېمە دېسۇن. بۇ ئالىي مەدەنىيەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئوزۇققا

---

① مىسىر تېكىستلىرى ئا. ئې
② تروئان قەدىمكى قولىيازمىسى ئا. ئې
③ كاننىبالىزم - ئادەمخورلۇق، ئادەم گۆشىنى يەيدىغان ۋەھشىيلىك.

بولغان نەپرەت ۋە يىرگىنىشنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. بىزنى پەقەت، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنى بۇنداق ۋەھشىلىكنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن دېگەن قاراش خاتىرجەم قىلالىشى مۇمكىن، خالاس. بىراق، نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتۈپ، ئەۋلادلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن بۇ بەختسىز ئارال خەلقى بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدىكى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىرى تەدرىجىي خىرەلىشىشكە يۈزلەندى ۋە ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدى. خۇددى تىنچ ئوكياننىڭ رەھىمسىز سۇلىرى ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى يەر يۈزىدىن يۇيۇپ تاشلىغاندەك، قەدىمكى سەلتەنەت ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلاندى.

Mu غا بېقىندى دۆلەتلەر ئۆز مېتروپولىيەسىنىڭ① مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى مەلۇم ۋاقىتلارغىچە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئايرىلغاندىن كېيىن تەدرىجىي چېكىنىپ ئاخىر خاراب بولدى. ئۇلارنىڭ خارابىلىكلىرىنىڭ ئۈستىدە بولسا يېڭى مەدەنىيەت پەيدا بولدى.

## ئۇيغۇر دۆلىتى

ئۇيغۇر دۆلىتى Mu غا قارام ئاساسلىق دۆلەت ئىدى. جۇڭگو رىۋايەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇندىن 17000 يىل بۇرۇنلا يۈكسەك مەدەنىيەت پەللىسىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنى تىنچ ئوكياندىن باشلىنىپ، پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆزاققا، تاكى غەربىي ياۋروپاغىچە سوزۇلغانىدى. بۇ برىتانىيە ئاراللىرى تېخى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلمىغان چاغ ئىدى.

ئۇيغۇر دۆلىتى جەنۇبىي چېگراسى كوخىنخىن، بىرما، ھىندىستان ۋە پېرسىيىنىڭ شىمالىي چېگراسى بىلەن تۇتىشاتتى. بۇ چاغدا تېخى ھىمالايا ۋە ئاسىيادىكى باشقا تاغلار پەيدا بولمىغانىدى.

بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى سىبىرىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېكىن ئۇنىڭ شىمالىي چېگراسىنىڭ نەگىچە سوزۇلغانلىقىنى ئېنىق قىياس قىلىشقا ئاساس تېپىلغىنى يوق. سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ياۋروپاغا يەتكەن. خۇددى ئەڭ قەدىمكى ھىندى تېكىستلىرىدە ئىسپاتلاپ ئۆتكەندەك، ئۇلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇ يەردىن داۋاملىق مەركىزىي ياۋروپاغا ئىلگىرىلەپ تاكى ئۇنىڭ غەربىي چېگراسى ئىرلاندىيىگىچە يېتىپ بارغان.



ئۇلار ئىسپانىيىنىڭ شىمالىي قىسمى، فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ھەمدە پۈتكۈل بالقان يېرىم ئارىلىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۆزلەشتۈرگەن. ئىنسانلارنىڭ ئاسىيادا پەيدا بولغانلىقىنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن ئەمىنلەيدىغان، ئارخېئولوگ-

① مېتروپولىيە ـ باشقا دۆلەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان چوڭ دۆلەت.

يىلىك مەلۇماتلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپاغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى گوبى چۆللۈكىنىڭ هازىرقى خاراخوتو دېگەن جايىغا جايلاشقان. ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە گوبى چۆللۈكى ئىنتايىن مۇنبەت زېمىن بولغان. ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە يۇكسەك دەرىجىگە يەتكەنىدى، ئۇلار ئاسترولوگىيە، ①كانچىلىق، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق، ماتېماتىكا، يېزا ئىگىلىك، خەتتاتلىق ۋە باشقا ئىلىملەردىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار يىپەك رەخت، مېتال ۋە ياغاچلاردىن گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا ماهىر ئىدى. ئالتۇن، كۈمۈش، برونزا (تۇچ) ۋە لايدىن هەيكەللەرنى ياسىشاتتى. بۇ مىسىر سۇلالىزاتسىيىسى پەيدا بولۇشتىن ناهايىتى ئۇزۇن يىللار بۇرۇنقى دەۋردىكى ئىشلاردۇر.

ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى Mu نىڭ ئوكيانغا چۆكۈپ كېتىشىدىن بۇرۇن يوقالغان. قالغان قىسمى Mu نىڭ هالاكىتىدىن كېيىن يوقالغان.

پروفېسسور كوزلوۋ خاراخوتادا 10 فۇت② چوڭقۇرلۇقتىكى قەبرىنى قېزىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ ئاجايىپ قىممەتلىك نەرسىلەرنى بايقىغان. ئۇ ئۇلارنى رەسىمگە تارتىۋالغان، چۈنكى ئۇلارنى ئېلىشقا، هەتتا تۇتۇپ بېقىشقا رۇخسەت قىلىشمىغان. مەن بۇ فوتو سۈرەتلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ ئىككى پارچە فوتو سۈرەت چوڭقۇر سىمۋولغا ئىگە بولغانلىقتىن، مەن بۇ يەردە ئۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن. مەن بۇ سۈرەتتىكى نەرسىلەرنىڭ بۈندىن 16000 ـ 18000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

بىرىنچى سۈرەتتىكى يىپەك رەختكە سىزىلغان رەسىمدە ئولتۇرغان ئايال پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ هەمراهىنى كۆرىمىز. ئالدى بىلەن ئايال پادىشاھنىڭ سىمۋولىكلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇنىڭ بېشىدا ئۈچ چىشلىق تاج بولۇپ، تاجنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ دانە دەستىسى چۈشۈرۈلگەن دېسكىنى (چەمبەر) كۆرگىلى بولىدۇ. ئايال پادىشاھنىڭ ئارقىسىدا چوڭ چەمبەر بولۇپ، بۇ «كىچىك قۇياش»، چوڭ چەمبەر Mu نىڭ، كىچىك چەمبەر بولسا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سىمۋولى. بېشىدىكى تاج پەقەت بىر تەرەپكە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش، بۇ ئىمپېرىيە قارام دۆلەتنىڭ توتون قالقىنىدىن ئىبارەت. ئايال پادىشاھ سول قولىدا سكىپپېتىر③ تۇتقان، سكىپپېتىرنىڭ ئۇچى ئۈچ قىرلىق كەلگەن. ئۈچ قىر ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ۋەتىنىنىڭ سانىنىڭ سىمۋولى.

ئايال پادىشاھ ئېچىلىپ تۇرغان مۇقەددەس نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان. نىلۇپەر ئىنسانىيەت ۋەتىنىنىڭ سىمۋول گۈلى: مۇنداقچە ئېيتقاندا ئايال پادىشاھ Mu نىڭ هىمايىسىدە تەختتە ئولتۇرماقتا.

ئايال پادىشاھنىڭ هەمراهىنىڭ رەسىمدە نە سكىپپېتىر، نە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش يوق، قۇياشنىڭ ئورنىدا چەمبەر بار. ئۇنىڭ تاجىسىدىمۇ ئىنسانىيەت قەدىمكى ۋەتىنىنىڭ سانى ئىپادىلەنگەن.

كوزلوۋ سكىپپېتىرنىڭ هەر خىل شەكلىنى سۈرەتكە تارتىۋالغان. سۈرەتتە كۆرسىتىلگەن سكىپپېتىر ئايال پادىشاھنىڭ قولىدىكى سكىپپېتىرغا ئوخشىمايدۇ. بۇ سكىپپېتىرنىڭ كېيىنكى ۋارىيانتى بولسىمۇ لېكىن سىمۋولىكلار ئوخشاش بولۇپ سكىپپېتىرنىڭ ئۇچى ئۈچ بۇرجەك كەلگەن. بۇ ئىنسانىيەت قەدىمكى ۋەتىنىنىڭ سانى.

شۇنداق قىلىپ، ئاسىيا، ئامېرىكا، جەنۇبىي دېڭىزلار ۋە يېڭى زېللاندىيە ئاراللىرىنىڭ سىمۋوللىرى بۇ يەردىكى خەلقلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەر بىلەن توغرا كەلمەكتە. بۇنىڭدىنمۇ روشەن ۋە قايىل قىلارلىق دەلىل ـ ئىسپات تېپىش مۇمكىنمۇ؟ بىزنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىمىزنى قەبرىسىدىن چىقىپ ئۆز دۆلىتى ۋە باشلىرىغا كەلگەن پاجىئەنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

## يەرشارىدىكى ئىنسانلار پەيدا بولغان جاي

پولكوۋنىك چېرچۋارد تەتقىقات ئارقىلىق ئىنسانلار يەرشارىدا دەل Mu زېمىندا پەيدا بولغان دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بۇنى، رىۋايەتلەر، يازما مەنبەلەر، قەدىمكى يېزىقتىكى ئابىدىلەر ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللار ئۈستىدىكى

① ئاسترولوگىيە ـ ئىلمىي نۇجۇم
② بىر فۇت 30.479 سانتىمېتىرغا باراۋەر. ئۇ.ت
③ سكىپپېتىر ـ پادىشاھلار تۇتىدىغان سەلتەنەت هاسىسى

تەھلىل - تەتقىقاتلار ئىسپاتلىغان. Mu زېمىنىنىڭ جايلاشقان ئورنىغا كەلسەك بارلىق مەنبەلەر بىرلا «ئادرېس» نى - ئامېرىكىنىڭ غەربىنى، ئاسىيانىڭ شەرقىنى، يەنى تىنچ ئوكياننى كۆرسەتمەكتە.

«Mu نىڭ مەنىۋى ئەنئەنىلىرىنىڭ ئىزلىرى ۋە ماددىي قالدۇقلار تېپىلغان ئاراللارنى خەرىتىدە بەلگىلەپ چىققاندىن كېيىن، مەن شۇ ئاساستا Mu نىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئورنى ۋە شەكلىنى تۇرغۇزۇشقا تىرىشتىم.

ھازىرقى پاسخا ئارىلىنى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئۇچى قىلىپ، تونگاتاپۇنى غەربىي جەنۇبى، مارىئان ئاراللىرىنى غەربىي شىمالى، گاۋاينى بولسا شىمالى قىلىپ بېكىتتىم. غەربىي شىمال لىنىيىسى بولسا بەلگىلەنمىدى. قۇرۇقلۇق Mu نىڭ ئۈچ قۇرۇقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، بۇ قۇرۇقلۇقلارنىڭ تار دېڭىزلار ۋە بوغازلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقى ھەر خىل تېكىستلاردا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. لېكىن بۇ دېڭىز ۋە بوغازلارنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس. بۇنىڭ بىردىنبىر ئاچقۇچى مىسىردىن تېپىلغان قەدىمكى رەسىم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۈچ تار ئارال سىزىلغان.

جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى ھەققىدىكى ئىنتايىن قىزىقارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى فرېدېرىك ئوبرايىن مۇنداق دەيدۇ: «دارۋىن نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئاراللارنى چۆكۈپ كېتىپ، شەكىللەنگەن گەۋدىسى تىنچ ئوكيان ئاستىدا مىڭ چاقىرىملاپ سوزۇلۇپ ياتقان چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ چوققىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. غايىب بولغان زېمىن بۇ - ئۆزىنىڭ كوچىسىنى ساقلاۋاتقان ئىپوس، شۇنداقلا ئۇ بەلكىم مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدىغان سىردۇر.»

ھەشەمەتلىك ھەيكەل - ئابىدىلەر، تاشلارغا ئويۇلغان شەكىل ۋە ئىېروگلىفلار، ئۆرپ - ئادەت ۋە تىل ساقلىنىپ قالغان: ئاجايىپ رىۋايەتلىرى بىلەن بىللە ئارال خەلقى ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار بەلكىم، نەچچە يۈز مىڭ يىل بۇرۇن ئاسىيا ياكى ئافرىقىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

بۇندىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ئۇلارنى چوڭ دۇنيانىڭ ئادەملىرى تېپىشقانىدى. مانا ئەمدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە يات بولغان مەدەنىيەت بىلەن پاجىئەلىك دوقۇرۇشۇپ قېلىش نەتىجىسىدە ھالاك بولماقتا. ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى جانلىق ئالاقىمىز يوقالماقتا. مەن ئۇلار مەڭگۈ يوقىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

. . . . . . . . . .

جەنۇبىي دېڭىزدىكى خارابىلىقلار بىلەن رىۋايەتلەر بۇ ئاراللاردىكى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى ياۋايى ۋە يېرىم ياۋايى ھالىتىگە قارىماستىن، ئۇلارنىڭ بۇرۇن - بۇرۇنسىدىن تارتىپلا ئۇنداق بولماي، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ۋە گۈللەنگەن خەلقلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تارىختىن بۇرۇنقى قەدىمقى بىر زامانلاردا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قېتىملىق زور بەختسىزلىككە يولۇققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كۆپ ساندىكى ئالىملار ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئاسىيادا پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، گەرچە بۇنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي دەلىل - ئىسپاتى يوق بولسىمۇ، بۇ كىتابىمدا مەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ زادى قەيەردە پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپاغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ كۆرمەكچىمەن.

فرېدېرىك ئوبرايىننىڭ ئاجايىپ كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى، جەنۇبىي دېڭىزنىڭ پولىنېزىيە گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئاراللاردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققانلىقىدۇر.

ئۇندىن باشقا، مېكسىكا بىلەن مەركىزىي ئامېرىكىنىڭ Mu نىڭ مۇستەملىكىلىرى ئىكەنلىكى ۋە شۇ يەردىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى رىۋايەتلەرمۇ ئىسپاتلايدۇ. Mu دىن كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى مۇستەملىكىچىلەر سېرىق چاچلىق، ئاق تەنلىك كىشىلەر بولغان. بۇ كىشىلەر كېيىنچىرەك باشقا ئىرق ئاق تەنلىك قارا چاچلىق كىشىلەر تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان. سېرىق چاچلىق كىشىلەر ئۆز كېمىلىرىدە كۈن چىقىش، يەنى شەرق تەرەپتىكى

يىراق يەرگە ئاتلانغان ھەم ياۋروپانىڭ شىمالى ھازىرقى سكاندىناۋىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مايا رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، جەنۇبىي ياۋروپا، كىچىك ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىلار مۇستەملىكە قىلىنغان ۋە ئۇ يەرلەرگە خۇددى، مايا، مەركىزىي ئامېرىكا ۋە ئاتلانتىداغا ئوخشاشلا قارا چاچلىق ئىرق ئولتۇراقلاشقان. ئاپتورنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەن فرېدېرىك ئوبرايېنىڭ «جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئاق كۆلەڭگىلەر» ناملىق قىزىقارلىق كىتابىدىن بىرنەچچە پارچىنى نەقىل كەلتۈرىمەن. مانا بۇ پارچىلار:

«بۇ زېمىنگە ئاق تەنلىك كىشىلەر (ھازىرقى پولىنېزىيىدە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئىرق) كەلگەن، چوڭ قۇرۇقلۇق قۇياش ۋە يۇلتۇزلار دىدارىدىن ئايرىلغان چاغدا، تايىتى ۋە ماركىز ئاراللىرىغا ئوخشاش ئاراللارغا ئايلىنىپ قالغان بۇرۇنقى تاغ چوققىلىرى ۋە ھايات قالغان كىشىلەر ھېسابسىز ئۇزاق يىللار مابەينىدە باشقا دۇنيادىن ئايرىلغانىدى.

بۇ ئاراللاردا ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېرىنداشلىرى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشىدىن ئايرىلغان ھالدا، تاش قوراللار دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ياشىغان ۋە كۆپەيگەن. ئۇلار بۇ يەردە بىز ئاق تەنلىكلەرنىڭ دەسلەپكى ئادەتلىرىنى ـ ئىپتىدائىي دەۋرگە مۇناسىپ بولغان ياۋايى ۋارۋارلارچە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە».

## خاتىمە

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىم، سىز بىلەن بۇ تېپىشماق شەكلىلىك ئەدەبىي خاتىرەم ئارقىلىق خوشلىشىشنى لايىق كۆردۈم. مېنىڭ يەنىمۇ كۆپرەك سۆزلىشىمگە تىلىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى بىز ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل كائىنات بەكمۇ چەكسىز، مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى يېشىشقا چوقۇم ئۇزاق ۋاقىت، مول بىلىم، كۈچلۈك سەۋر ـ تاقەت كېرەك ئەمەسمۇ؟

## ھېكمەتلەر

**بېرنار دادىي** (پەل چىشى قىرغىقى جۇمھۇرىيىتى)

ياشىماق ـ ئۆلۈم بىلەن تىل تېپىشماق.

* *

پەس ئادەم ئۆلۈمدىن شۇنچىلىك قورقىدۇكى، ئۇنى جان ـ جەھلى بىلەن ئۆزىگە ئوخشىغانلارغا بۆلۈشتۈرۈپ بېرىدۇ.

* *

ھايات ئۆزىنى داۋاملاشتۇرماق ئۈچۈن ئىنساننى تاللىغان.

* *

ئىنسان ھاياتى مەڭگۈلۈك زۇلمەتتىن يېرىپ چىققان نۇردۇر.

* *

پەقەت چارىسىزلىقلا بىزنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىمىزنى ئاشكارا قىلىدۇ.

* *

كۆلپەت كۆزىمىزنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. بېشىمىزغا كۆلپەت چۈشكەندە ھېچ نەرسىنى كۆرمەي قالىمىز.

* *

بەختلىك بولۇش ھوقۇقى تىلەپ ئەمەس، تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدۇ.

(بۇ ساندىكى «ھېكمەتلەر»نى يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغان.)

# زىيالىيلىرىمىزنىڭ ستۇدېنتلىق دەۋرى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەركىن نۇر، ئەزىزى



**مۇقەددىمە :**

ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلارغا مەلۇمكى، ستۇدېنتلىق تۇرمۇش ھەقىقىي تۇردە مۇستەقىل ھايات باشلىنىدىغان، كېيىنكى بىر ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالنىڭ ئۇلى سېلىنىدىغان، ئادەم ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئۇنتۇلغۇسىز ئالتۇن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. قايناق ياشلىق شىجائىتى بىلەن قاناتلانغان ئىلىم تەشنالىقى، ھەر يەر - ھەر جايدىن كېلىپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن قولنى قولغا تۇتۇشقان رومانتىك تۇيغۇلارغا باي ساۋاقداشلىق مېھرى - مۇھەببىتى، ئاددىي - ساددا ئەمما قىزغىنلىقتا تولغان ياتاق تۇرمۇشى، يۇرتنىڭ يەرلىك يېمەكلىرى بىلەن ياتاقلاردا تۈزۈلگەن داستىخانلاردا بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى بولۇپ تۇرىدىغان ئەھمىيەتلىك پاراڭلار، ئۇخلاش ئالدىدا ئېيتىلىدىغان ئىشق - مۇھەببەت ھېكايىلىرى، يېڭى يىل كېچىلىرى ئۆتكۈزىلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرى، ئاخشاملىرى يېزىلىدىغان شېئىرىي تۇيغۇلار مۇجەسسەملەنگەن مەكتۇپلار، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قاراشلىرىنى چىقىش قىلىدىغان خالىس ئىلمىي مۇلاھىزىلەر، ئىمتىھاننىڭ جىددىي تەييارلىقلىرى، قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى چىملىق ياكى ئورمانلىقلارغا بېرىپ بەس - بەستە ئۆگىنىشلىرى، تۇنجى قارنىڭ يېغىشى بىلەن باشلىنىدىغان قارلىق تاشلاش ئويۇنلىرى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش ۋە باشقا ھەر خىل ئەستىلىك - خاتىرە

قالدۇرۇشلار. . . قاتارلىق ئۆزگىچە كەچمىشلەر مەيلى ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىدىن قەتئىينەزەر خۇددى بىر سېھىرلىك قىسسىدەك ھامان ئادەمنى شېرىن ئەسلىمىلەر دۇنياسىغا باشلايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ستۇدېنتلىق دەۋرنى ئەڭ يارقىن ھاياتلىق سەھىپىسىگە يېزىلغان يالقۇنلۇق لىرىكىغا، ئادەمنى بىر ئۆمۈر گۈزەل ھايات ئۈچۈن ياشاشقا ئۈندەيدىغان ئابىھايات چەشمىسىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئادەم ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك بىرەر ئىز قالدۇرۇش ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش بولسا كېرەك. كېلىڭ، سىز بىز بىلەن 60 ـ يىللاردىكى ستۇدېنتلارنىڭ تۇرمۇشىغا قەدەم تەشرىپ قىلىڭ، ئۇلارنىڭ رەڭدار ھېكايىلىرىگە قۇلاق سېلىڭ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر سېلىڭ. بەلكىم، ئۇلارنىڭ ھېكايىسى سىزنىڭ ھېكايىڭىز بىلەن ئوخشاپ كېتىشى مۇمكىن، ياكى پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر چۆكۈپ كۆرەيلى، شۇندىلا ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى، ساپاسى، تۇرمۇشى، ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، خىزمەت تەقسىماتىغا تۇتقان مۇئامىلىسى، ئەخلاق قاراشلىرى ۋە مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدىكى سوئاللىرىمىزغا ئاز ـ تولا جاۋاب تېپىشىمىز مۇمكىن. بۇندىن كېيىنكى ھاياتىڭىزدا ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئۇچۇر ۋە تەجرىبىلەرگە ئېرىشىپ قالسىڭىز ئەجەب ئەمەس. بۇ بىز ئۈچۈن، سىز ئۈچۈن، ئۇلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم. سېلىشتۇرۇش بولغاندىلا سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى، ئەۋزەللىكلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن بايانلىرىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىسى، شۇڭا ئۇ ھەر قانداق توقۇلما ياكى مۇبالىغىلەردىن مۇتلەق مۇستەسنا.

## زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ ئارخىپى:

**ئىمىن ئەھمىدى:** 1960 ـ يىلىدىن 1967 ـ يىلىغىچە بېيجىڭغا بېرىپ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ۋە كېيىن بېيجىڭ سىفەن داشۆدە ئوقۇغان. ئالدىنقى قاتاردىكى مەشھۇر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇ يەنە ئۇيغۇر، خەنزۇ ئىككى خىل تىلدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن، ئۇ، ھازىر شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى. ئۇ ئۆزى ھەققىدە توختالغاندا: «مېنىڭ ئارتۇق ئالاھىدىلىكىم يوق، لېكىن مېنى قەيەرگە قويسا شۇ يەرگە خۇشال بولۇپ بارغان يېرىم بار. مەن كەسىپ ئاتلاپ ئىشلەيدىغان كادىر» دەپ چاقچاق قىلىدۇ.

**ئوسمانجان ساۋۇت:** 1961 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاساپىتىدىن بەش يىلدا تۈگىگەن ئوقۇشى ئەتەي يەتتە يىلغا سوزۇۋېتىلگەن.

ھازىر «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. كىتابخانلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان مەشھۇر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» قاتارلىق ئالتە پارچە شېئىر توپلىمى نەشر قىلىنغان. «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» گە ئوخشاش داڭلىق شېئىرلىرىنى ئەنە شۇ ستۇدېنتلىق ھاياتىدا ئىجاد قىلغان.

**ماخمۇتجان ئىسلام:** 1963 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن. بىر يىل تەييارلىق سىنىپىدا خەنزۇچە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا چىقىپ خەنزۇلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان.

ئوقۇش جەريانىدا، بىر قىز بىلەن توي قىلىپ ئۆي ـ ئوچاقلىقمۇ بولغان. . .

ماخمۇتجان ئىسلام كۆپ كىتابخانلىق يازغۇچى. ئۇنىڭ 80 مىڭ تىرازدا بېسىلىپ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن «كاككۇك كېلىپ قونغاندا» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى باشقىلار قولدىن ـ قولغا ئېلىپ خاتىرىدىن ـ خاتىرىگە كۆچۈرۈپ ئوقۇغان ھېكايىلىرىنىڭ مۇئەللىپى.

ئۇ هازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەيدۇ.

## كۆچلۈك ئەقىدە، خوجايىنلىق روھ، ياشاش ئۈچۈن

**ئىمىن ئەھمىدى:** مېنىڭ قىزلىرىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، مەن دائىم كەچۈرمىشلىرىمنى قىزلىرىمغا سۆزلەپ بېرىمەن، لېكىن ئۇلار خۇددى ئەپسانىۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلايدۇ، دېمىسىمۇ نەچچە ئون يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە كىشىنىڭ ئەقلى لال بولىدۇ. ئەقىدە، ئېتىقاد ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما ھەر بىر كىشىنىڭ، جۈملىدىن ھەر بىر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى ئوخشاش بولمايدۇ.

60 - يىللاردىكى ستۇدېنتلارنىڭ كاللىسىدا، خىزمەتكە چىقساق قانچىلىك مائاش بېرىدۇ، قانچىلىك راھەت - پاراغەتلىك كۈنلەرنى كۆرىمىز، شەھەرلەردە ئىشلەيمىزمۇ ياكى يېزىدا دېگەندەك ئىدىيىلەر پەقەتلا يوق ئىدى. ئىچ - ئىچىمىزدىن ئۇرغۇپ تۇرغان بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە زامانىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۇلۇغۋار ئۈمىدىنى ئاقلىغۇمىزلا كېلەتتى، يېڭى بىر زامانىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ياشلىقىمىزدىن، ستۇدېنتلىق سالاھىيىتىمىزدىن ئىپتىخارلىناتتۇق، زامانىنىڭ، خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكىنىمۇ چوڭ ئىدى.

بۇ ئەقىدە ئەينى رېئاللىقنىڭ مەھسۇلى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى ئىدى.

مەن بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن دادام رەھمەتلىك ماڭا 100 يۈەن پۇل ئەۋەتتى. ئۇلار خېتىدە: «سەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭغاندا بىز ساڭا ياردەم بېرەلمىدۇق، بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، گۆشتىن ئازراق دارامەت تەگدى، بۇ دارامەت ساق 100 يۈەن ئىدى، ھەممىنى ساڭا شۇ پېتى ئەۋەتتۇق» دەپ يازغانىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى، دادام ئائىلە يىل بويى قاراشلىق بولغان شۇ پۇلنى مەندەك ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئېلىشقا تىگىشلىك ئوغلىغا ئەۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى... لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئاردىن سەككىز يىل ئۆتۈپ، ئۆيدىكىلەر ماڭا يەنە پۇل ئەۋەتتى. بۇ قېتىم خەتتە: «ئاڭلىساق، بىلىملىك ئادەم بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپسەن، مۇشۇ 50 يۈەننى خەجلەپ يۇرتقا قايتىپ كەلگىن» دەپ يېزىلغانىدى. دادام دېھقان كىشى بولغاچقا قولى قىسقا ئىدى. شۇڭا ئۇ ماڭا سەككىز يىل ئىچىدە شۇ ئىككى قېتىملىقىنى قوشقاندا 150 يۈەنلا پۇل ئەۋەتەلىدى.

مەن ئۆيىنى سېغىنىپ ئۆلەي دېسەممۇ، ئاتا-ئانامغا جاپا سالماسلىق نىيىتىدە سەككىز يىل جەريانىدا تەتىلدە بىر قېتىممۇ ئۆيگە بېرىپ باقمىدىم (مائارىپ نازارىتىنىڭ بىر قېتىم بىزنى بىر تۇتاش پۇل چىقىرىپ يۇرتنى كۆرسىتىپ كەلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا).

بىر خىل ئەقىدە ھەر قاچان مېنىڭ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئەكس سادا ياڭرىتىپ تۇراتتى، مېنى ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. شۇڭا ئۇچاغلاردا، يەكشەنبە كۈنى (شەنبە كۈنلىرى ئادەتتىكىدەك دەرس ئوقۇلاتتى، ھازىرقىدەك دەم ئېلىش تېخى يولغا قويۇلمىغانىدى) مەن قولۇمغا بىر تال تاشنى ئېلىۋېلىپ، يەردە ئولتۇرۇپ خەنزۇچە خەت يازغىلى چۈشسەم، بىر ياندىن يېزىپ - بىر ياندىن ئۆچۈرۈپ، بىر كۈندە نەچچە يۈز ۋاراق كەلگۈدەك خەنزۇچە خەت مەشق قىلاتتىم. بەزىدە، ئاز - تولا خىراجەتلەرگە ئىشلىتىش ئۈچۈن كېچە - كېچىلەپ ئەسەر تەرجىمە قىلاتتىم ياكى شېئىر يازاتتىم. بۇ ئارقىلىق گەرچە ئەينى ۋاقىتلاردا قەلەم ھەققى يوقنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ («شىنجاڭ گېزىتى» گە بىر بەت لىق تولغىچە ئەسىرىم بېرىلسە، ئۇنىڭغا ئاران سەككىز يۈەنلا كەلگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە) ئازدۇر - كۆپتۇر بولسىمۇ پۇلنىڭ غېمىنى قىلغىلى بولاتتى.

**ماخمۇتجان ئىسلام:** مەندە شۇ چاغدا بىر ئەقىدە بولىدىغان، مەن قانداق قىلىپ ھازىرقى تۇرمۇش شارائىتىمنى ياخشىلاپ جەمئىيەتتە ئۇچ ۋاخ تامىقىمغا ئىگە بولالايمەن، يەنى موھتاجلىقتىن خالىي ھالدا ئادەمگە خاس ياخشى ياشىيالايمەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر غۇرۇرلۇق ئادەم بولالايمەن، دەيدىغان ئەقىدە بار ئىدى. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئۆز تۇرمۇشىغا كاپالەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ تەسكە توختايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
uyghurkitap.com



ياخشى ئوقۇساڭ جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايسەن، دېگەن ئىدىيە بويىچە ئۆگەنسەكلا بولىدۇ. چۈنكى بىلىم دېگەن ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق زاماندا ئەسقاتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىزدە شۇنداق بىر ماقال بار: «بىر ئەرگە يەتمىش خىل ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دەيدىغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئوقۇش، بىلىم ئېلىشمۇ بىر ھۈنەر.

ماڭا تەسىر قىلغىنى مۇنداق ئىككى نەرسە. بىرى، 58 - يىلى باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ (سىنىپ ئاتلاپ يۇرۇپ ئۈچ يىلدىلا پۈتتۈرگەن-مەن) تولۇقسىزغا ئىمتىھان بېرىپ بولۇپ تۇراتتۇق، ناھىيىدە سۇ ئامبىرى ياساش ئىشى باشلاندى. شۇ چاغدا ئۆيىمىزدە ئانام بىلەن مەنلا بار ئىدىم. دادام تۈگەپ كەتكەن، بىر ئاكام ھەربىي سەپكە كەتكەن، ھەدەم تۇرمۇشلۇق بولۇپ 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغاچ، بۇ ئۆيدىن سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا مېنى ئاپاردى. بۇ يەردىكى ۋەزىپەم، ئىككى ئېشەككە توپا ئۇسۇلغان تاغارنى ئارتىپ دامبىغا ئېلىپ چىقىپ تۆكۈش. تاغارغا ئۇسۇلىدىغىنى ئەمەلىيەتتە ئەت توپا ئەمەس، پاتقاق ئارىلاش توپا. بۇنى بىر - ئىككى قېتىم توشۇغاندىن كېيىنلا تاغارنىڭ ئۆزىگە چاپلىشىپ تاغارنىڭ ئۆزىلا كۆتۈرگۈسىز ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. مەن ئۇ چاغدا كىچىك بولۇپ تېخى ئەمدىلا 11 ـ 12 ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىم ئىدى. توپا ئۇسىدىغان يەردە تاغارنى ئېشەككە ئارتىپ بېرەتتى. بۇنى دامبىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، تاغارنىڭ ئېغىزىنى يەشسەملا، ئۇ بېشىدىن توپا چۈشۈپ بولغىچە يەنە بىر بېشى ياڭداپ ئۆرۈلۈپ كېتەتتى . شۇنىڭ بىلەن تاغارنى يۆلەپ كۆتۈرۈپ بولغىچە بەك جاپا تارتىپ كېتەتتىم. . . بۇ ئىش كاللامغا شۇ چاغدا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى، بەك ھار كەلدى. خەپ، قاچانمۇ مۇشۇنداق ئىشلاردىن قۇتۇلارمەن، دەپ ئويلايتتىم.

يەنە بىرى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىم ئىدى، 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا مەكتەپكە كەلسەك، ماڭا 25% بويىچە تاماق بېرىدىغان، يەنى ئەتىگەندە بىر ۋاخلىق نان بېرىدىغان، قالغان ئىككى ۋاقلىقىنى ئۆزۈم پۇل تۆلەپ يەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ، شۇنداق بولغاندا يەنە يەتتە يېرىم يۇەننى تۆلىسەم، ئاندىن بىر ئاي چىقاتتى. مەكتەپكە كەلسەك، بىچارە ئانام: «بولدى، بالام، كېتەيلى» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. مەن ھېلىقى جاپا كۆز ئالدىمدا بولغاچقا، «ئوقۇيمەن، زادى ئوقۇمىسام بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدىم. ئانام يىغلاپ تۇرىدۇ: «شۇ يەتتە يېرىم يۇەننى قانداق تۆلەپ بولىمىز؟» دېدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا مال - چارۋىلارنى كوممۇنىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، شەخسىي ئىگىدارچىلىقىمىزدا پۇلغا يارىغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغان، ئۆيدە ئانام بىلەن ئىككىمىزدىن بۆلەك ئادەممۇ يوق ئىدى. ئانام: «بالام، بىز نومۇرغا ئىشلىسەك، يا ئايدا قولىمىز ئاز - تولا پۇل كۆرمىسە، يىل ئاخىرىدا دارامەت چىقىسىغۇ چىقتى، بولمىسا يىلدا بىر چىقىدىغان يوق ھېسابىدىكى شۇ بىر نەچچە يۇەنلىك دارامەتكە قاراپ ئولتۇرۇپ قانداقمۇ تۆلەپ بولارمىز، شۇ يەتتە يېرىم يۇەننى» دەپ يىغلىدى. ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچىمىز چىقىپ «ۋاي نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايسىلەر؟» دەپ سوراپ قالدى. ئانام ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئۇ: «ۋاي، ئاچا، خاپا بولماي كېتىۋەرسىلە، بالا قالسۇن، ئوقۇسۇن. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بىرگەپ بولمامدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە ئوقۇپ قالغان. مانا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ياخشى ئوقۇشۇمدىكى يەنە بىر سەۋەب.

ئىككى ئايلىق جاپا كۆز ئالدىمغا تولا كېلىۋېلىپ، خەق ئۆگەنگەننى بىز نېمىشقا ئۆگىنەلمەيمىز، خەق ئوقۇغاننى بىز نېمە ئۈچۈن ئوقۇيالمايمىز، دېگەن ئىدىيە بىلەن ئوقۇيلى، دېدۇق.


ھازىر بالىلار نېمە ئۈچۈن ھەممىسى كۆچۈرىدۇ؟ ئۆزى تۈزۈك قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەيدۇ؟ ياكى قارىغۇلارچە يادلاشقىلا تايىنىدۇ؟ بەزىلىرى، ئىمتىھان نەتىجىسى يامان چىقىپ قالسا، بېرىپ مۇئەللىملەر بىلەن ھەپىلىشىدۇ، مېھمان قىلىدۇ. . . شۇڭا ھازىرقى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزدۇم دېگەنلەرمۇ ئاتا - ئانىسىغا تۈزۈكرەك بىر پارچە سالام خەتنى ئوڭشاپ يازالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ۋەتەن، خەلق ئالدىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنىڭ، «بالىمىز ئۆز جېنىنى ئۆزى باقالىسىدى» دېگەن ئەقەللى كۈتكەن ئۈمىدىنىمۇ ئاقلىيالمايدۇ، ئۆز

كەلگۈسى، ئۆز قەدرى - قىممىتىگە نىسبەتەنمۇ مەجبۇرىيەت ۋە ئەقىدە يوق. ھازىر ئۆز تەقدىرىنىڭ غېمىنى قىلىدىغانلار قانچىلىك؟

## ستۇدېنتلار ۋە كىتاب

**ئاپتور قىستۇرمىسى:** كىتاب ئوقۇش مەلۇم بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ياكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ماھىيەتلىك بىر تەرەپ.

مەن بىر كۈنى كەچتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تېز تاماقخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇرغۇن قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلىرى شۇ يەرگە كىرىپ پىۋا ئىچىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئاشخانىنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار كەچلىرى ۋاقتىنى مۇشۇنىڭدەك ئادەمگەرچىلىك ياكى ئويۇن بىلەن ئۆتكۈزسە كېرەك. بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن شۇنچە مول كىتابلار ساقلىنىۋاتقان، ئېسىل كىتابلارنىڭ ئامبىرى بولغان شۇ قىرائەتخانىلارغا، كۇتۇپخانىلارغا كىرىپ كىچىككىنە بىر نىمە كۆرۈش ئىستىكىنىڭ



يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار دەرستىن سىرت ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە، كىتابلارنى ئوقۇپ ئۆز - ئۆزىنىڭ بىلىملىرىنى بېيىتىشقا، ئۆز - ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئېھتىياجى بويىچە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

80 نەچچىنچى يىللىرى مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، تاپقان - تەرگىنىمىزگە كىتاب سېتىۋالاتتۇق، ساندۇقلىرىمىزنى ئاچسا لىق كىتاب بىلەن تولغان بولۇپ چىقاتتى. ئۇنداقتا 60 - يىللاردىچۇ؟

**ئىمىن ئەھمىدى:** مەن بېيجىڭغا بېرىپ خەنزۇچە ئۆگەنگەندىن كېيىن دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچىسىنى كۆرۈشكە كىرىشتىم. شۇ چاغدا، «بۇرجىكىگە قاراپ خەت تېپىش» دەيدىغان بىر يانچۇق لۇغەتنى بولىدىغان. مەن 60 - يىلى ئالغان شۇ لۇغەتكە 39 يىل بولدى. ئۇ يېنىمدىلا بار. ئۇ ماڭا دەسلەپتە خەنزۇ تىلىدىن بىلىم بەرگەن لۇغەت. 39 يىلدىن بۇيان ھەر - ھەر لۇغەتلەر قولۇمغا چۈشتى، ھەممىنى يوقاتتىم، لېكىن مۇشۇنى تاشلىۋەتمىدىم. ھەر قانداق يەرگە بارسام مەن بىلەن بىللە. مەن يېنىمغا بۇ لۇغەتنى ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ، رومان ئوقۇش جەريانىدا بىر خەتنى تونۇمىسام بىر خەتنى دەپتەرگە يېزىپ، ئىككى خەتنى تونۇمىسام ئىككى خەتنى يېزىپ، ئەتىسى مۇئەللىمنىڭ قېشىغا بىرەر يۈز خام خەت كۆتۈرۈپ كىرسەم: «نەدىن تاپتىڭ؟» دەيتتى فېڭ دەيدىغان بىر ئوقۇتقۇچىمىز ۋە «بۇ بىزنىڭ ئادەتتىكى كىتابلارنىڭ خېتى ئەمەس، سەن چوقۇم بىرەر رومان ئوقۇپسەن» دەيتتى. مەن ئېتىراپ قىلاتتىم. «مۇشۇ ئۇسۇلۇڭ ناھايىتى ياخشى سېنىڭ، خام خەتنىڭ ھەممىنى يېزىپ ماڭ، مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نېمە ئىكەنلىكىنى ھەر كۈنى دەپ بېرەي» دەپ مېنى بەك قوللىدى. مەن بۇ ئىشنى ساق ئىككى يىلغىچە توختاتمىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قېلىن - قېلىن دەپتەرلەرنى ياسىدىم. . .

شۇنداق قىلىپ، خەنزۇچە ئۆگىنىشكە باشلاپ يېرىم يىلدىن كېيىنلا ئوقۇغان رومانلىرىم ژيۇل ۋېرنىنىڭ «كاپىتان گىراندى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى»، «دېڭىز ئاستىدىكى 80 مىڭ كىلومېتىرلىق سەپەر»، «سىرلىق ئارال» قاتارلىقلار بولدى. چۈنكى مەن بۇ رومانلارنىڭ

داڭقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. لېكىن مەن بۇ كىتابلارنى تاپالماي، كۆرەلمەي ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن، ئەينى يىللىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يوق، شۇڭا مەن خەنزۇچىسىنى تېپىپ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن كۆردۈم. ئۇنىڭ كەينىدىن مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن «ئىككى كاپىتان» دەيدىغان بىر كىتاب بولىدىغان، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، ئەمما كۆرمىگەن، خەنزۇچىسىنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا «تۆمۈر يول پارتىزانلىرى»، «دۈشمەن ئارقا سېپىدە» رومانلىرىنى ئوقۇپ باقتىم.

ئىككى يىل تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇشتىن ئاۋۋال بىز 46 ئوقۇغۇچى ئىدۇق، خەنزۇچىدىن ئۆتەلمىگەنلىكى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغانلىقى ياكى شۇ ۋاقىتتىكى قىيىن تۇرمۇش مۇھىتىغا چىدىمىغانلىقى تۈپەيلى، 27 بالا قايتىپ كېتىپ 19 بالا قالدۇق. بۇلاردىن 12 سى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈردى، بىز يەتتەيلەن بېيجىڭ سىفەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈردۇق.

شۇ چاغدا، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن قايتقانلار ئارىسىدا خەنزۇچىدىن ئۆتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قايتۇرۇۋېتىلگەنلىرى خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىز ئۆتكەنلەر قاتارىدا يەنە ئالتە يىلنى قوشۇپ تۈگىتىشۈەتتۇق. بۇ، مېنىڭ ھېلىقىدەك تىرىشچانلىقىم، ئۆزۈمگە قويغان قاتتىق تەلىپىم، مېنىڭ تەرجىمىلىرىمنى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئىشلەتكەنلىكى ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام بولدى. شۇ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئىلھامى بىلەن مەن تەييارلىق سىنىپنىڭ كېيىنكى يىلىدىكى ئاخىرقى مەۋسۇمدە، «ماۋجۇشىنىڭ يېنىدا» دەيدىغان 200 بەتلەرچە كېلىدىغان بىر كىتابنى تەرجىمە قىلدىم. تولۇق پۈتتۈرۈپ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىغا تاپشۇردۇم، ئۇلار «ھازىر بىزنىڭ بۇ خىلدىكى كىتابلارنى بېسىش ۋەزىپىمىز بولمىغاچقا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز، ئوبدان تەرجىمە قىپسىز، سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت» دەپ بىر خەت يازدى. بۇ خەتكىمۇ 37 يىل بولدى، مەن ساقلاۋاتىمەن.

**ئوسمانجان ساۋۇت:** ئۆيىمىزدىن ئازراقلا پۇل كەلسە، بىرەر كونا تاماق يېمىسەكمۇ خەجلىۋەتمەي ساقلاپ، كىتابخانىغا كىرىپ «ئەرەب پروزىسى»، «ئېچىلغان تىڭ» غا ئوخشاش كىتابلارنى ۋە گوگول، پوشكىنىنىڭ كىتابلىرىنى ئالاتتۇق. ئاشۇنداق ئېلىپ ئاپىرىپ ئوقۇيتتۇق. ئۇ كىتابلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا بارغىچە نەچچە تاغار بوپتۇ. مەن بۇ كىتابلىرىمنى ئاۋايلاپ مۇشۇ ئۆرۈمچىدە بىر چوڭ ئاپام بولىدىغان، ناھايىتى مەردانە، ئەقىللىق، ياخشى ئايال ئىدى، شۇلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويياتتىم.

بىر كۈنى ئۇنىۋېرسىتېتتا بىرى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» نىڭ ئۆزبېكچىسىنى بېرىپ تۇرسىڭىز دەپ تولا سوراۋەرگەندىكىن، مەن ئىككى تومىنى ساندۇقتىن ئېلىپ بەرسەم چوڭ ئاپام كېلىپ تارتىۋالدى. « ئەكېلىڭ، مەن بەرمەيمەن، بۇ كىتابلارنى دېگەن ئۇ ناھايىتى تەستە يىغدى. مەن سىزگە بەرمەيمەن، بەرسەم يۈتتۈرۈۋاتىسىز. بۇ دېگەن كىتابىغا قىيمىسىمۇ سىزگە يۈز كېلەلمەي بېرىۋاتىدۇ» دەپ قولىدىن تارتىۋالغان. ئۇ، مېنىڭ كىتابلىرىمنى كىيىم ـ كېچەك سالىدىغان ساندۇقتىكى كىيىملىرىنى ئېلىۋېتىپ شۇ ساندۇققا سېلىپ ساقلايتتى. ئاتا ـ ئانىلار ئاشۇنداق ئاۋايلاپ ساقلىغان كىتابلار كېيىن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

مېنىڭ ئەدەبىياتقا تەييارلىنىشىم تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىكى چاغلىرىمدا باشلانغان بولۇپ، مەن تاشكەنت ھەقىقىتى ۋە ئالمۇتىدىكى يېڭى ھايات نەشرىياتلىرىدىن چىققان 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن كىتابلار، چېخوف، ماكسىم گوركى، شولوخوفلارنىڭ كىتابلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ تۈگىتىپ بولغان. ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەندە، ئاساسەن مۇشۇ سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن كۆپ مەشغۇل بولدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ تىلىنى ئۆگەندىم.

خەنزۇ تىلىنى بىر يىل تەييارلىق سىنىپىدا ئۆتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزۈم ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەنگەن. بىز ئۆگەنگەن چاغلاردا، ئىنگلىز ياكى رۇس تىلى ئۆگىنىش ئىنتايىن تەس، شارائىتمۇ يوق. ئۇنداق ئۆگىنىشنىڭ ئۆزىمۇ چەت ئەلگە باغلىنىش،

شىۋجىڭجۇيىچىلىق، ياكى چەت ئەلگە چوقۇنۇش، دەپ قارىلاتتى.

مەن مۇشۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇدۇم، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىلى ئۆگەندىم. مەن ئوقۇغان كىتابلار ئارىسىدا شولوخوفنىڭ كىتابلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. شولوخوفنىڭ «تىنىچ دون» رومانىنىڭ ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرچىسى يوق...

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ «ئېچىلغان تىڭ» رومانىنى ئوقۇدۇم، ئۇنى ھازىرغىچە زىرىكسەملا ئوقۇيمەن. ھازىرغىچە بۇ رومانىنى بەلكىم 50 قېتىملارچە ئوقۇپ بولغاندىمەن.

شۇ چاغلاردا، كىتاب ئوقۇيمەن دەپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ھازىرقى سودا نازارىتىنىڭ يېنىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىغا (ھازىر يەر شارى رېستورانىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەتتى) كېلەتتۇق. ئەتىگەندە چېيىمىزنى ئىچىپ كەلسەك، كەچ سائەت تۆتكىچە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈپ ئاندىن قايتاتتۇق. يەكشەنبە كۈنلىرى ئادەتتە ئىككى ۋاخ تاماق بېرىلەتتى. تاماققا ئۈلگۈرۈپ قايتىشقا ياكى ساۋاقداشلارنىڭ ئالغاچ كېلىشىگە ھاۋالە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. كەچ سائەت بەشلەردە تاماق يەيتتۇق، ئاندىن كەچلىك ئۆگىنىشكە قاتنىشاتتۇق.

**ماخمۇتجان ئىسلام:** بىر يىل تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇپ، رەسمىي كەسىپكە چىققاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىن يېڭىلىق يارىتىمىز، دەپ بىزنىڭ ئارىمىزدىن تەييارلىقتا خەنزۇچىنى بىر ئاز ياخشى ئوقۇغانلاردىن ئالتە ئوقۇغۇچىنى خەنزۇچە سىنىپقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئوقۇشقا باشلىدۇق. بىزنىڭ دەرسكە كىرىدىغان مۇئەللىملىرىمىزدىن تارتىپ، ماتېرىيالىمىزغىچە ھەممىسى خەنزۇچە ئىدى.

ئومۇمىي نەتىجىدىن ئالساق، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغان ئىش بولمىدى. ئارىمىزدىكى بەزى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆتەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىمىز قاتتىق خاپا بولۇپ: «قارىمامسەن، ناھايىتى بىر يىل خەنزۇچە ئۆگەنگەن شۇ ئۇيغۇر باللار 80 نومۇردىن چۈشمەي ئوقۇۋاتسا، سەن بىر خەنزۇ تۇرۇپ، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىن ئۆتەلمىگىنىڭ نومۇس ئەمەسمۇ؟!» دېگەنىدى.

## ستۇدېنتلارنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى

### «ئەلگە دەسلەپتە قاينىغان قان ۋە تۇتاشقان ئوت»

**ئىمىن ئەھمىدى:** مۇھەببەتتە مەن چاكىنىلىققا يول قويمىدۇم. 58 -، 59 - يىللىرى تولۇق ئوتتۇرىدا بىرگە ئوقۇپ تونۇشۇپ ئۆتكەن قىز ھازىرقى مېنىڭ ئايالىم شۇ. گەرچە، ئارىلىقتا ئۇ شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، مەن بېيجىڭغا كېتىپ سەككىز يىل ئوقۇپ، كېيىن ئۇ مايتاغدا ئىشلەپ، مەن ئاقسۇدا ئىشلەپ يۈرگەن بولساقمۇ، يېزىشقان خەتلىرىمىز كېيىن ئۈزۈلۈپ قالغان، ھەتتا بىر - بىرىمىزنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىغان، ئۇچۇرىنى ئالالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولساقمۇ، ئەلگە دەسلەپتە قاينىغان قان ۋە تۇتاشقان ئوت يەنە كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئاخىرىغا بارغاندا ساۋاقداشلارنىڭ: «ھەي، سىلەر ئىككىڭلار ئىككى يەردە بىر - بىرىڭلارنى تاپالمايۋاتىسىلەر جۇمۇ» دەپ بىزگە بېشارەت بېرىشى ئارقىلىق ئىككىمىز يەنە تېپىشىۋالدۇق. ئۇيانغا - بۇيانغا قاراپ ۋاپاسىزلىق قىلغان ياكى باشقىچە ئۈجمە كۆڭۈللۈك قىلىپ يۈرگەن جايلىرىم يوق ئۆزۈمنىڭ. شۇڭا بەزىلەر نېمىشقا شېئىر توپلاملىرىڭىزدا مۇھەببەت تېمىلىرى شۇنداق كۆپ، دېيىشتى. مەن ئارتۇقچە ئىزاھات بېرىپ ئولتۇرمىدىم. چۈنكى مەن مەيلى شېئىرىيەتتە بولمىسۇن ۋە مەيلى ئادىمىيلىكتە بولمىسۇن، ھەمىشە پۇشايمىنىم يوق، دەپ ئويلايمەن. قىرىق يىلدىن بېرى ھاياتتا ئەمەس، ئەدەبىياتتىمۇ، جۈملىدىن شېئىردىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ كېلىدىغان بىر نەرسە يازماپتىمەن. بايراملىق شېئىرلار بىلەن تازا بەك خوشۇم يوق ئىدى، بەزىدە بۇيرۇققا بىنائەن يېزىپ قالىدىغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا بايراملىق، ھېيت - ئايەملىك، تۇرلۇك چاقىرىقلار ۋە ۋەزىپىلەر تۈپەيلى يېزىلىدىغان نەرسىلەرنى ھازىرغىچە يازغۇم كەلمەيدۇ.

### نۇرپەنىڭ كۆزى

**ئوسمانجان ساۋۇت:** ئۇ چاغلاردا، مۇھەببەت

نازۇك قارىلىدىغان مەسىلە ئىدى. ئۇنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى، ھەتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇھەببەتكە بېرىلىشنى بىر مەزگىل چەكلىگەن ۋاقىتلار بولغان، مۇھەببەتكە بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى باشقىلار ياخشى دېمەيتتى.

مۇھەببەتلەشكەنلەر مۇناسىۋەتتە ئەخلاقسىز ۋە چاكىنا ئەمەس، خۇددى ئۇرۇق - تۇغقاندەك، قان - قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىق بىلەن ئۆتەتتى. مەسىلەن، بىز ئوقۇۋاتقاندا ئون ئوقۇغۇچى مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن بولسا، جەمئىيەتكە چىققان، ئارىدىن 40 يىلچە ئۆتكەن مۇشۇ كۈندىمۇ ئاشۇ ئونى شۇ پېتى ئەر - خوتۇن بولۇپ ياخشى ئۆتىۋاتىدۇ. ھەرخىل بوران - چاپقۇن ۋە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ھازىرغىچە بىر-بىرىنى سىزلىشىپ، ئىناق، سەممىي ئۆتىۋاتىدۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتساممۇ، مېنىڭ خانىمىم مېنىڭ ساۋاقدىشىم بولىدۇ. بىز تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇغاندىمۇ بىر مەكتەپتە ئوقۇغان. مېنىڭ ئايالىم قازاق. تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەنلەر ھەر - ھەر چوڭ ئىنستىتۇتلارغا كەتكەندىن كېيىن، ياخشى ئوقۇيدىغانلارنى تولۇق ئوتتۇرا قۇرۇپ داۋاملىق ئوقۇتىمىز، دەپ ئېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز قازاق - ئۇيغۇر سىنىپ بىرلىشىپ كەتتۇق، قالغانلار چۆچەككە، لەنجۇغا، ئۈيەر - بۇ يەرلەرگە ئوقۇشقا كېتىشتى. بىز خانىم بىلەن بىر سىنىپتا ساۋاقداش، دوست بولۇپ ئوقۇدۇق. كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەندە، مۇھەببەتلەشتۇق، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ 68 - يىلىغا كەلگەندە توي قىلدۇق. مۇشۇ جەرياندا بىز توپتوغرا قىرىق يىل بىللە بوپتىمىز، نى - نى قىيىن كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. جاپا - مۇشەققەتلەردە بىللە بولدۇق. يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنىمۇ جىق تارتتۇق، باللىرىمىز كۆپەيدى، ئۇلارنى باقماق تەس بولدى. ئوقۇتتۇق، خىلمۇ خىل ئىشلار، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چاغلىرىمىزدا ئەدەبىياتنىڭ دەردىنى تارتىپ كورەشمۇ قىلىندۇق. شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ كىتابىنى ئوقۇغان، شولوخوفقا چوقۇنىدۇ، يېسىنىنگە چوقۇنىدۇ، رۇسلارغا چوقۇنىدۇ، بۇرژۇئازىيىچە ئاق مۇتەخەسسىسلىشىشكە ئىنتىلىدۇ، سىياسىي بىلەن كارى يوق، تېيىپجان ئېلىيوف بىلەن كۆرۈشكەن دېگەندەك نورغۇن بەتناملار بىلەن بىزنى ئۇنىۋېرسىتېتتا كۈنلەپ - كۈنلەپ كۈرەش قىلغان، ھەتتا ئەكسىيەتچى ئوقۇغۇچى دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ، مەكتەپنىڭ يېزا ئېگىلىك مەيدانىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتكەن. مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىر - بىرىمىزگە قويۇپلىق قىلىدىغان، قارا سانايدىغان، يۈز ئۆرىيدىغان، يىرىكلىشىدىغان، مۇھەببەتسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۈنىمىز بولغان ئەمەس. بىز بۇ 40 يىلنى بىر كۈندەك ياخشى ئۆتكۈزدۇق.



خانىم بىلەن شۇنداق ياخشى ئۆتۈپ كېلىۋېتىپ، يېقىندا ئۇنىڭدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدىم...

ئۇنىڭغا ئاتاپ كۆپ نەرسىلەرنى يازدىم. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ بىر ئارزۇيۇم بار: بۇ قېتىمقى شېئىر توپلىمىمنىڭ ئىسمىنى شۇ خانىمىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىغا قويماقچىمەن.

مېنىڭ «نۇرپەنىڭ كۆزى» دەيدىغان بىر شېئىرىم بار، توپلامىنىڭ نامىنىمۇ شۇنداق قويماقچىمەن. نۇرپە دېگىنى ئايالىمنىڭ ئىسمى. خۇدا خالىسا شۇنداق بولار.

**«ماڭا تېگەمسىز»**

**ماخمۇتجان ئىسلام:** 67 - يىلى مەن خوتەنلىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بۇ چاغدا بىز مەكتەپنىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا ئىشلەيتتۇق. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بىر كۆك نامراتنىڭ بالىسىكەن، پاراكلاشساق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، ئۇنى - بۇنى سۆزلەيدۇ، دەردىنى تۆكۈپ يىغلايدۇ. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا ئۇدۇللا

دېدىم:

— سىزنى مەن ئالاي، ماڭا تېگەمسىز؟

مەن ئۇنىڭ بىلەن تېخى مۇھەببەت باغلاپ باققانمۇ ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئاشۇنداقلا دېدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇ قىز خىلىلا چىرايلىق بولۇشقا قارىماي، بەك بىچارە ئىدى.

— ئۇنداقتىمىغۇ بولىدۇ، بىراق ئاتا - ئانىمىزنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ باقساق، — دېدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئۈچ بەت خەت يازدىم، ئارىدىن 15 - 20 كۈن ئۆتۈپ، خېتىمنىڭ جاۋابى كەلدى. خەتتە «ياخشى بولۇپ قالساڭلار بوپتۇ» دېيىلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن 1968 - يىلى 10 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپ توي قىلدۇق.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرى بولغاچقا، دەرسمۇ ئۆتۈلمەيدۇ، ئۇ ئىنقىلاب، بۇ ئىنقىلاب دەپ يۈرىدىغان گەپ بىكار لاغايلاپ. قارىساق، نى - نى ياش باللار ئىنقىلاب بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان، «ئۆلىدىغان جانغا خوتۇن كىشى



قانداق بولىدۇ، بىلمەي ئۆلۈپ كەتمەيلى» دەپ تويىمىزنى قىلىۋالغان. ھازىر شۇ خوتۇندىن بولغان بىر ئوغلۇم بار.

بىز ياتاقتىن بىرنى ئۆي قىلىپ تۇتتۇق. ئۆيمۇ يوتقان - كۆرپىسىنى ئەكەلدى، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. تاماق ئېتىدىغانغا تۇك ئوچاقتىن بىرنى قىلدۇق...

كېيىن ئۇ مەندىن بىر يىللىق تۆۋەن سىنىپتا بولغاچقا ئوقۇشى پۈتمەي ئۈرۈمچىدە داۋاملىق ئوقۇپ قالدى، مەن خىزمەتكە چىقىپ قەشقەرگە كەتتىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، «ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىدىغان ئادەمڭلارنى پاش قىلىڭلار» دېسە، ئۇ رەھمەتلىك ساددىلىقتىن مېنى پاش قىلىپ ئىدارەمگە ئۈچ پارچە خەت يېزىپتۇ. تەلىيىمگە، بۇ ئۈچ خەتنىڭ ھەممىسىلا ئۇدۇل مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالدى... شۇ ئىشتىن كېيىن بىز ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

## «خەجلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان» ئىككى يۈەن

**ئىمىن ئەھمىدى:** مەكتەپتىن ھەقسىز پاختىلىق چاپانلارنى بېرەتتى، تۇۋىت شىملارنى بېرەتتى، ئاياغلارنىمۇ بېرەتتى، ھەتتا بېشىمىزغا كىيىدىغاننىمۇ بەزىدە بېرەتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە ھەر ئايدا قولىمىزغا ئىككى يۈەن پۇل بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا ساتىراشخانىدا چاچ ياساتساق بەش پۇڭ، مۇنچىغا چۈشسەك بەش پۇڭ، كىنو كۆرسەك بەش پۇڭ، كىيىم - كېچەكىمىزنى ياماتساق بەش پۇڭ ئىدى. شۇنداق بولغاندا، شۇ ئىككى يۈەن پۇل ئايدا تېخى ئېشىپ قالاتتى.

سىرتلاردىن ساۋاقداشلار كەلسە، ئۇلارنى مەكتەپنىڭ تامىقى بىلەن مېھمان قىلاتتۇق، سىرتقا بېرىپ ئاشخانىلارغا كىرىپ چوڭچىلىق قىلىدىغان، سىرتتا قىممەتلىك كىنو بېلەتلىرىنى ئېلىپ كىنو كۆرىدىغان مۇنداق ئىشلار يوق ئىدى.

**ئوسمانجان ساۋۇت:** ئۇ ۋاقىتلاردا، ئوقۇش پۇلىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرەتتى. ھۆكۈمەت ئايدا 18 يۈەن تاماق پۇلى (بېلەت) بېرەتتى، شۇ پۇل بىر ئايغا يېتىپ ئاشاتتى.

ھەر ئايدا باھالاپ نامراتلارغا تۇرمۇش پۇلى بېرەتتى. شۇ چاغدا، بېرىدىغان ئەڭ چوڭ پۇل ئىككى يۈەن، تېخى بىر يۈەن ئالىدىغانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن بۇ ئىنتايىن چوڭ پۇل ھېسابلىناتتى. ھازىرمۇ مەن شۇ چاغدىكى ئىككى يۈەننى سېغىنىمەن. ھازىر مەن مىڭ نەچچە يۈز

يۈەن ماڭاش ئالغان بىلەن ئاشۇ ئىككى يۈەندەك ھۆزۈرلىنىپ خەجلىگىلى بولمايدۇ. كوچا ئايلىنىشقا توغرا كەلسە، بىز ئۇ چاغلاردا ياش بولغاندىكىن ئاپتوبۇسقا چىقماي پىيادە ماڭاتتۇق. پىيادە كوچا ئارىلىغاچ بىر ماڭساق، مەسلەن ئۇنىۋېرسىتېتتىن چىقىپ نەنمېڭغا كەلگۈچە نۇرغۇن شائىر - يازغۇچىلارنى ئۇچرىتىپ كېتىمىز. ئاشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلىدۇ بىزگە. شۇ ۋاقىتتا، «ۋوي ئەنە، پالانچىكام، تېيىپجانكام كېتىۋاتىدۇ» ئەنە ئابدۇكېرىم خوجايوف كېتىۋاتىدۇ، دەپ شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ھەممىنى ئارقىسىدىن، سىرتىدىن



تونۇيمىز. ئۇلار شەنبە - يەكشەنبىلەردە كوچىلاردا داۋاملىق توپ - توپ ماڭىدۇ. ھازىرقىدەك تۆگىدەك يالغۇز ماڭمايتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ئۇلار دېگەن كاستۇم - بورۇلكىلارنى كىيىپ، ياسىنىپ ناھايىتى چىرايلىق يۈرەتتى. يەتتە - سەككىزى قاتار بولۇپ كوچىنى بىر ئېلىپ نەنمېڭغىچە مېڭىشاتتى. بىزمۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىغان ئاغىنىلىرىمىز، ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن بىللە چىقاتتۇق. بەزىدە ئۇلار ئۇچراپ قالاتتى. بەزىلىرىمىز بىلەن ئۇلار كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە تونۇشۇپ چىقىشىپ كەتتى. ئاشۇنداق بېرىپ، ئىشلىرىمىز بولسا پۈتتۈرۈپ كىتابخانىلارغا، كۇتۇپخانىلارغا بارىمىز، بەزى

ھاللاردا ئاشخانىلارغا كىرىپ مېھمان بولۇشىمىز. ئۈچ - تۆتىمىز مېھمان بولساق، جىق بولسا يەتتە يۈەن، بولمىسا بەش - ئالتە يۈەن بىلەن ناھايىتى چىرايلىق مېھمان بولغىلى بولاتتى.

## ھاياتنى قىزغىن سۆيۈش

**ئىمىن ئەھمىدى:** ئومۇمەن، ئۆزۈمنىڭ باللىق - ياشلىق ۋاقتىم بولسۇن، ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ياخشى كۆرگۈم، ھەممە نەرسىنى سۆيگۈم كەلدى. ھاياتنى سۆيۈش دېگەنلىك دۇنيانى، ئادەملەرنى سۆيۈش دېمەكتۇر. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە توغرا كەلسە مەن ئۆزۈمنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇشقا لايىق ياخشى ياش ئىدىم، دەپ قورقماي ئېيتالايمەن. چۈنكى مەيلى ئوقۇشتا بولسۇن، مەيلى بىرەر غايىدە بولسۇن (مېنىڭ ھاياتنى كۆيلەيدىغىنىم، غايە) مۇھەببەتتە بولسۇن، دوستلۇقتا بولسۇن، ۋاپاسىزلىق، ھۇرۇنلۇق دېگەن نەرسىلەرنى ئۆزۈمگە يېقىن يولاتمىدىم. 56 ياشقا كىرىپتىمەن، ھازىرمۇ ناھايىتى جۇشقۇن ياشايمەن. يەنىلا مېنىڭ قېرىلارغا قارىغاندا، ياش ئاغىنىلىرىم كۆپ، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ، ئۆزۈم مۇشۇ ھاياتنى چوقۇم قىزغىن سۆيۈۋاتقان ئوخشايمەن، دەپ ھېس قىلىمەن.

مەن تولۇقسىزدىن تارتىپ مۇزىكىغا قىزىقتىم، مەن تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە ئىككى يېرىم يۈەنگە بىر راۋاپ ئېلىپ ئۈچ يىل چالدىم. تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا يەتتە يېرىم يۈەنگە بىر تەمبۇر ئېلىپ ئۈچ يىل چالدىم.

مەكتەپنىڭ مۇزىكا ئەترىتىگە قاتناشتىم. بېيجىڭغا بېرىپ سىفەن داشۆگە چىققاندىن كېيىن ئاكاردىيوننى ئۈچ يىل مەخسۇس ئۆگەندىم، راۋرۇس چالدىم. ھەتتا مەن خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىنمۇ دۇتتار چېلىشنى، كېچىلەپ - كېچىلەپ ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەندىم.

ھازىر مەن ئاكاردىيوننى چېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دۇتتارنىمۇ چالىمەن، تەمبۇرنىمۇ چېلىپ قويىمەن. ئۆيۈمدە دۇتتارىممۇ بار، تەمبۇرۇممۇ بار. ئولتۇرسام چالىمەن،

شۇغىنىسى ناخشا توۋلىسام ئاۋازىم ياخشى چىقمايدۇ. مەن ھەتتا كىچىككىمدە پادا باققاندا يەرگە رەسىم سىزغان، كالىلارنىڭ، قويلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ، دەرەخلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزاتتىم. مەن رەسىمگە قىزىقاتتىم. كىچىك دەپتىرىمگە ئادەملەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزاتتىم، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغاندا تام گېزىتىنىڭ رەسىم، قىستۇرما رەسىملىرىنى بوياق بىلەن رەڭدار قىلىپ ئۆزىمىز سىزغان. مەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن تارتىپ تاكى بېيجىڭ سىفەن داشۆنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر سەككىز يىل پۇتبول تەپتىم، سەككىز يىل ۋالىبول ئوينىدىم، خەنزۇلارنىڭ شياڭچىلىرىنىمۇ، شاھماتلىرىنىمۇ ئۆگەندىم، تىكتاك توپنىمۇ، ۋاسكىتبولنىمۇ ئوينىدىم. ھەر كۈنى ئەتىگەن قوپۇپ، ئۈچ مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈپ باقتىم. ئۆزۈم ئۇچۇن بولسىمۇ بەدەن چېنىقتۇرۇشنى تاشلىمىدىم، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم، لايغەزەل بولۇپ ياشىمىدىم. ناھايىتى جۇشقۇن ياشىدىم. 59 - يىلى شېئىر يېزىشقا باشلاپتىكەنمەن، ھازىر قىرىق يىل بوپتۇ، شېئىر يېزىشنىمۇ تاشلىمىدىم، يېزىپ باقتىم. توختىماي يازدىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىمۇ يازدىم، ئەڭ يالقۇنلۇق نەرسىلەرنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يېزىپتىكەنمىز. لېكىن ئۇ چاغلاردىكى يازغانلىرىم يوقىلىپ كەتتى ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. كۆيدۈرۈۋەتكىنىمنى ئۇقىمەن. ئەڭ ياخشى دوستلۇق، مۇھەببەت لىرىكىلىرى قېنىمىز دېڭىزدەك ئۆركەشلەپ تۇرغان يىگىرمە نەچچە ياشلىق ۋاقتىمىزدا يازغان شېئىرلار يوقالدى، ھازىرقىدەك ساقلاپ قالالمىدۇق. تۇرغۇن تەرجىمە قىلغان ياخشى - ياخشى ھېكايىلەر، ئادىمىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىمىي پەزىلەتنى سۆزلەيدىغان ھېكايىلەر تەرجىمىدىن چىقىپ يىرتىپ تاشلىۋېتىلدى. چۈنكى ئۇ نەرسىلەرنى كۆرۈشكە بولاتتى، ئېلان قىلىشقا بولمايتتى. ئۇ چاغلاردا چوقۇم ئىنقىلابىي خاتىرىلەرنى ياكى ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى يېزىش، ئىنقىلابىي شوئارلارنى توۋلاش كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىسا ئۇنى باسىدىغان يەرمۇ يوق. بىرنەرسىگىنى يوقاتتىڭمۇ دېسە، مەن ئەڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتىمنى شۇ ۋاقىتتا يوقاتتىم. ئەڭ ياخشى ئەمگەك مېۋىلىرىمنى شۇ چاغدا يوقىتىپ قويدۇم. ئۆزئارا يېزىشقان خەتلەرمۇ يوقىلىپ كەتتى.

65 - يىلى پراكتىكا قىلىدىغان مەكتەپ بېيجىڭدىن 90 كىلومېتىر يىراقتا ئىدى، 90 كىلومېتىر جايغا ۋېلىسىپىت مىنىپ باردىم، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىنمۇ 80 كىلومېتىر، 60 كىلومېتىر يىراقلىققا ۋېلىسىپىت مىنىپ قاتناپ ئىشلىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن 30 كىلومېتىرغا چۈشتۇم، ھازىر قانچە كىلومېتىرغا مىنەلەيمەن، ئۇقمايمەن. ئىشقىلىپ مۇنداق ئويلىسام، ئەسلىگۈدەك بىر نەرسە بارراق ياشىدىم. خۇددى «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى ئاشۇ پاۋېل كورچاگىن ئېيتقاندەك ئەسلىگۈدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ دېسە، مەن شېئىرلىرىمدىمۇ بۇنى يازدىم، مېنىڭ ئەسلىگۈدەك بىر نەرسىلىرىم بار. مەيلى دوستلۇق، مەيلى مۇھەببەت، مەيلى ئادىمىلىك، مەيلى ۋەتەنپەرۋەرلىك بولسۇن، ھەممىسىدە ئەسلىگۈدەك بىر نەرسە بار. مېنىڭ بىردىنبىر مەمنۇن بولىدىغان يېرىم، ئىچىمدە بەك جىق كاۋاك قالمىدى، ئاشۇنى توشقۇزۇپ مېڭىشقا تىرىشتىم.

## ستۇدېنت دۆيجاڭ

**ئىمىن ئەھمىدى:** 1964 - يىلى بىزنىڭ ئوقۇشىمىز تېخى پۈتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، جەمئىيەت تەربىيىسى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يىل خېبېيدا چېنىقىپ دادۈيجاڭ بولدۇم. نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ سىفەن داشۆدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خىڭشۈي ناھىيىسىگە بېرىپ، بىر يىل جەمئىيەت تەربىيىسىگە قاتناشتۇرۇلغاندى. شۇ چاغدا، بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ئاشكارىلىماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىماسلىق؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئاشكارىلىماسلىقتەك «ئۈچ ئاشكارىلىماسلىق» بويىچە، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خىڭشۈي ناھىيىسى

جىلۇ يېزىسىنىڭ جىلۇ دادۈيىگە باردۇق. مەن بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ساق بىر يىل تۇردۇم.

يەردە ئۆزۈمدىن ماختىنىۋاتقىنىم يوق، بۇنىڭ سەۋەبىنى تولاراق ئۆزۈمنىڭ ئەقىدەمدىن كۆرىمەن. مەن ئەينى ۋاقىتتا ياقا يۇرتتا شۇنچە



مەن شۇ جەرياندا، پۈتۈن كادىرلار «تۆتتە ئېنىقسىز» دەپ ئاغدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن كادىر بولىدىغانغا ئادەم چىقماي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە بىر يىل دۈيجاڭ بولدۇم. دېھقانلار مېنىڭ سالاھىيىتىمنى بىلمەي، خەنزۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۇلار مېنى «يى دۈيجاڭ» دەپ چاقىرىشاتتى.

مەن دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە ئات - ئۇلاغ كەمچىل بولغان ئەھۋالدا، ئادەم كۈچى بىلەن يەر ھەيدىدىم. قوناق، خاسىڭلارنى تېرىدىم. خۇڭشۇنى بىللە تېرىپ - بىللە يىغدىم، ئۇلار بىلەن ئورما ئوردۇم. دەسلەپ قۇدۇقتىن سۇ ئالالماي چېلەكلىرىم چۈشۈپ كەتتى، كېيىن قۇدۇقتىن سۇ ئېلىشنى ئۆگىنىپ، ھەر يېرىم كۈندە 80 ئەپكەش سۇ توشۇدۇم. چۈنكى، سۇ قىس بولغاچقا ئەينى يىللىرى قۇدۇقتىن سۇ توشۇپ، شۇ سۇ بىلەن ئېتىز - ئېرىقتىكى زىرائەتلەرنى سۇغىراتتۇق.

بۇ بىر يىل جەرياندا، بىز يېمىگەن ئۇن، يېمىگەن ئوت - خەس قالمىدى، مەن 4 - ئايلار بولغاندا ياش باللار بىلەن ئېتىزلىقتىن ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ ئەكىلىپ، قازاندا قاينىتىپ، ئاچچىقسۇ - لازىغا مىلەپ ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىللە يېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇ ۋاقىتتا، كۆپلىگەن ياشلار ئاغرىپ قالدى، مەن بولسام ئاغرىپمۇ قالمىدىم. كۆپ كىشىلەر تاماقتىن زەھەرلەندى، بىراق مەن زەھەرلەنمىدىم. مەن بۇ جاپالىق ياشىغىنىمدىن ۋايسىماي ئەكسىچە روھىم ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ ياشىدىم. شۇڭا ئۇ دېھقانلار مېنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندى.

شۇنداق قىلىپ بىر يىلمۇ توشتى. بىز قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، ھەممە «مەخپىيەتلىك»لىرىمىز ئاشكارا ئېلان قىلىنىۋېتىلدى. شۇ چاغدا، بۇ يەردىكى خەنزۇ دېھقانلار مېنى: «يا ئاللا، ئۇيغۇر دېگەنمۇ شۇنداق مېھرىبان بولىدىكەن» دەپ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇنى ھېچكىم ئۇنتۇلۇپ قالمىدى. ھازىر بۇ ئىشقا ساق 35 يىل بولدى. ئەمما مېنىڭ شۇ يېزىدىكى دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋىتىم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈزۈلمىدى. ئۇلار ھەر يىلى ماڭا ئەستىلىك ئورنىدا، خېڭشۈينىڭ ھارىقى دەپ 65℃ لۇق ھاراقتىن ئىككى بوتۇلكا ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. دېمىسىمۇ، بىر يىللىق دۈيجاڭلىق ھاياتىمدا، ئۇلارغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشى ئىش قىلىپ بەردىم.

مېنىڭ قارىشىمچە، بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مۇقىم بىر مەۋقەسى بولۇشى كېرەك. ئۇ مەۋقە، قانداق ئادەم بولۇش، قانداق قىلغاندا مۇكەممەل ئادەم بولۇش دېگەندىن ئىبارەت. مۇكەممەل ئادەم بولۇشنىڭ يادروسى، ئادىمىيلىك پەزىلەت ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى. ھازىرقى ستۇدېنتلاردا بۇ نەرسە يېتىشمەيدۇ ياكى مۇشۇ نەرسە ستۇدېنتلىرىمىزدا كەمچىل.

## ئەتىل ياكى باشقا دەم ئېلىش ۋاقتىلىرى

**ئىمىن ئەھمىدى:** 1963 - يىلى مائارىپ نازارىتى بىزگە بېيجىڭدا 200 يۈەن پۇل بەردى. بۇ پۇل ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە بېرىشىمىزغا تېجەپ خەجلىسەك ئارانلا يېتەتتى. ئۇ شۇنداق قىيىن كۈنلەر ئىدى. ئاشۇ 200 يۈەنگە قەشقەرگە بىر قېتىم باردۇق، شۇ كەتكەنچە تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇش پۈتكىچە ئەتىلدە ئۆيگىمۇ بارمىدىم. پۈتۈن يازلىق ئەتىلنى مەن مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇپ بولالمىغان دەرسنى ئوقۇش، كۆرمىگەن كىتابلارنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. چۈنكى قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى مەن تۆت يىل ئېرىنمەي ئوقۇدۇم، مەن ھازىرمۇ قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن. مېنىڭ بەزى ساۋاقداشلىرىم ئۆزلىرىنىڭ ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەن ئۇنتۇمىدىم، مەن داۋاملىق قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. شۇڭا مەن كېيىن «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلغاندىمۇ ئانچە قىيىنلىپ كەتكەن يېرىم يوق. بۇرۇن، قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئارىلاش بولغان بەزى خەنزۇچە كىتابلارنىڭ تەرجىمىسىنى نەشرىياتلار ماڭا ئەكىلىدىغان. مەن بۇ يېزىقتىكى ئەسەرلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن. كۇڭزى، مېڭزى، لاۋزى، جۇاڭزىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئۆزىنىڭ دېگەن گېپى بويىچە قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا تۆت يىل ئوقۇدۇم. ئالدىنقى چىڭ دەۋرىدىكى نەسرلەر، ئالدىنقى چىڭ دەۋرىدىكى بەزىبىر شېئىرلار تاكى مەن تاڭ دەۋرىنىڭ شېئىرلىرى، سۇڭ دەۋرىنىڭ نەزمىلىرىگە كەلگۈچە ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇدۇم، ئۆگەندىم. ھازىر مېنىڭ قولۇمدا، لىچىڭجاۋدىن تارتىپ سۇشىنىڭ يازغان ئەينى شېئىرلىرى بار.

دەم ئېلىش ياكى بايرام كۈنلىرى باغچىلار ۋە ياكى شۇنىڭدەك باشقا جايلارغا بارمايتتىم ياكى ئاز باراتتىم. بېيجىڭدا تۇرغان سەككىز يىل جەريانىدا يىخېيۈەن باغچىسىغا ئىككى قېتىم بارغان بولۇشۇم مۇمكىن، بېيخەيگىمۇ ئىككى قېتىم بارغان بولۇشۇم مۇمكىن، شياڭسەن دېگەن يەرگە بىر قېتىم بارغان. مەن ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەردىكى ئويۇن - تاماشىلارغا بارمىدىم.

**ئوسمانجان ساۋۇت:** يەكشەنبىلەردە ئوقۇغۇچىلار تولاراق كىتاب ئوقۇيتتى. بەزىلىرى ياتاقتا دەم ئالاتتى، كىر-قاتلىرىنى يۇياتتى ياكى باشقا خۇسۇسىي ئىشلىرى بولسا قىلىپ تۈگىتىۋالاتتى، ياكى خاتىرە يازاتتى، ياكى دەرسكە قارايتتى. كۆپ ھاللاردا دەرسكە قارايتتۇق، دەم ئېلىش دېمەستىن داۋاملىق يەنە ئۆز قىزغىنلىقىمىز بىلەن ئۆگىنەتتۇق. ۋاقتىمىز كۈتۈپخانىدا ئۆتەتتى، يەتتە - سەككىزەيلەن بىر يەرگە بارساقمۇ يەنە شۇ ئەدەبىيات توغرۇلۇق سۆزلىشەتتۇق.

ئادەملەر بەك نامرات ئىدى، ھەتتا كىتاب ئالىدىغانغىمۇ پۇل يوق. بولمىسا كىتاب دېگەن ئەرزان، بەش موچەنگە كىتاب ئالسىڭىز، ناھايىتى تومۇ، قېلىن كىتابلار كېلەتتى. لېكىن خەقتە دەرھال كىتاب ئالاي دېسە، شۇ بەش موچەنمۇ يوق ئىدى.

**ماخمۇتجان ئىسلام:** خەنزۇلار بىلەن ئوقۇش جەريانىدا گەرچە بەدىئىيلىكى ئۇنچىۋالا يۇقىرى بولمىسىمۇ خەنزۇچە شېئىر يازاتتىم. نۇرغۇن خاتىرىلەرنى تولىسى چۈش ۋاقتىدا يازاتتىم، ئۇ ۋاقىتتا چۈشتە مەجبۇرىي ئۇخلىتىش تۈزۈمى بار بولۇپ، ھەر كۈنى چۈشتە ياتاقمۇ - ياتاق تەكشۈرەتتى. مەن ياتاقتىن سىنىپقا قېچىپ بېرىپ خاتىرە يازاتتىم. چۈنكى چۈشتە ھازىرغا قەدەر ئۇخلىماي ئادەتلەنگەنمەن.

يەنە بىرى، كەچلىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋاقتىدا سىنىپتىن سىرتقا چىقىۋېلىپ، سىنىپنىڭ يورۇقىغا تۇتۇپ تۇرۇپ ئەسەر يازاتتىم.

## ئەدەبىي مۇھىت ۋە ئوقۇش قىزغىنلىقى

**ئىمىن ئەھمىدى:** 1961 - يىللىرى ئۆتۈپ كەتتى، 1962 - يىللىرى قىشلىق ئەتىلدە گېزىتلەرگە قارىسام پالانى تەرجىمىسى، پوكۈنى تەرجىمىسى دەيدىغان ھېكايىلەرنى كۆرۈپ، توختىغىنا، مەنمۇ تەرجىمە قىلىپ باقمايمۇ، شۇنچە كىتابلارنى كۆرۈپتىمەن، خەنزۇچىنى بېسىپ بىر يېرىم يىل ئوقۇپتىمەن، زادى

تەرجىمە دېگەن قانداق، دېگەن ئويغا كەلدىم. مېنىڭ ئانا تىل سەۋىيەمۇ خېلى مۇكەممەل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم «سازلىقتىكى كەچكى تاماق» دەيدىغان، جۇ زۇڭسىلىڭ بىلەن خې لۇڭنى يازغان شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي ئەسلىمە خاراكتېرلىك بىر كىچىك ھېكايىنى تەرجىمە قىلدىم. بۇنى شۇ قىشلىق تەتىلدە «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئەۋەتتىم. ھازىرقىدەك ئايرىم ئورگىنالغا يېزىپ ئەمەس، ئۇقمىغاندىكىن قەغەزنىڭ ئالدى - ئارقىغا يېزىپ، ئەۋەتتىم. دەككە - دۈككىدە يۈردۈم، 2 - ئايدا دەرس باشلانغاندىن كېيىن بولسا كېرەك، «شىنجاڭ گېزىتى» تۇيۇقسىز قولۇمغا تېگىپ قالدى. قارىسام، گېزىتتە مەن تەرجىمە قىلغان ھېكايە تۇرىدۇ، پالانىنىڭ تەرجىمىسى دەيدىغان ئىسمىم يوق. ھېكايە تولۇق بىر بەت بولغاچقا بەلكىم ئىسمىم سىغماي قالغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن سىنىپتا «مېنىڭ تەرجىمە قىلغان بىر ھېكايەم ئېلان قىلىنىپتۇ» دەپتىمەن. «ئىسمى يوق نەرسىنى ئۆزۈمنىڭ دەپ ماختاپ» دەپ، سىنىپ باشلىقىنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدىم. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن خەت كېلىپ قالدى، بۇ خەتكە ھازىر 37 يىل بولدى، مەن ساقلاۋاتىمەن. خەتنى ئېلىپ ئاچسام، «سىزنىڭ ‹سازلىقتىكى كەچكى تاماق› دېگەن ھېكايىڭىز 2 - ئاينىڭ مانچىنچى سانىدىكى مانچىنچى بەتكە بېرىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، - دەپ خەنزۇچە تەلەپپۇز بويىچە يېزىپتۇ، - ‹جۇڭگو چىڭنىيەنباۋ› دىن، ‹ رېنمىن رىباۋ› دىن مۇشۇنداق ياخشى ئەسلىمىلەر بولسا داۋاملىق تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىز بولىدۇ» دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن مەن سىنىپتىكىلەرگە «مېنى بايا قاتتىق تەنقىد قىلىشۇەتتىڭلار، ئەمدى بۇ خەتنى كۆرۈپ قويۇڭلار» دەپ كۆرسەتتىم، بۇ خەت مېنى ئاقلاش رولىنى ئوينىدى.

كېيىن، مەن مۇشۇنىڭ ئىلھامى بىلەن «دۇڭ سۇنرۇي»، «يەنتە تال سەرەڭگە» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ھېكايىنى تەييارلىق سىنىپىنىڭ ئاخىرقى يېرىم يىللىقىدا ئارقا - ئارقىدىن تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتىپ تۇردۇم، بۇلارنىڭ بەزىسى شۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. «شىنجاڭ گېزىتى»مۇ ئېرىنمەي كۆرۈپ چىقاتتى. بۇ نەرسە ماڭا غايەت زور ئىلھام بولدى.

ئۇ ۋاقىتتا ئەسەرلىرىمگە گېزىتنىڭ تۆتىنچى بېتى لىق تولسا، يەتتە - سەككىز يۈەن بېرەتتى. بىراق بۇ پۇل ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەنرەك بىر كىشىلىك مائاشنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى.

**ئوسمانجان ساۋۇت:** شۇ چاغلاردا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات ۋە باشقا تەبىئىي پەنلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ نەشرىياتى باسقان ئوقۇشلۇقلاردىن ئوقۇيتتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا، تىل - ئەدەبىيات دېگەن قاتتىق مۇقاۋىلىق، ناھايىتى ھەيۋەتلىك كېلىدىغان. بىز تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 6 - سىنىپىغىچىلىك شۇلاردىن كىرگۈزگەن تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى ئوقۇغان. تەبىئىي پەن ئوقۇشلۇقلىرىمىز - خىمىيە، فىزىكا، ئالگېبرا، ستىرونومېترىيە دېگەندەك دەرسلىك كىتابلىرىمىزنىڭ ھەممىسى 10 - سىنىپنى ئوقۇغىچىلىك ئالمۇتا ياكى تاشكەنت باسمىسىدىن كېلەتتى. كېيىنكى چاغلاردا، بىزنىڭ دەرسلىكلەردە ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرى شەخسەن ماڭا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇشۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازىدىغان ھەر بىر كىشى، مەيلى ئۇ چوڭ يازغۇچى - شائىر بولسۇن ياكى ئوتتۇراھال يازىدىغان يازغۇچى - شائىر بولسۇن، ئادەتتىكى ئادەملەر بولسۇن ياكى بولمىسا كېيىنكى چاغلاردا ئاتىقى چىقماي قالغان ئادەملەر بولسۇن، ھەممىسى ماڭا ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇستازلار. چۈنكى ئۇلار كەم دېگەندە مۇشۇنداق يولنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، مۇشۇنداق بۈيۈك بىر خىزمەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىزگە تونۇتقان، بىزنى يېتەكلىگەن، شۇنىڭغا ئەكىرگەن، شۇنىڭغا نىسبەتەن بىزنىڭ قەلبىمىزدە مۇھەببەت، ھەۋەس ئويغاتقان. ئۇلار ئويغاتقۇچى ئۇستازلار. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ئادەملەرنى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەتلەيمەن، ئۇلارنى سېغىنىمەن، ھازىرغىچە ئۇلارغا ناھايىتى ھۆرمەت، مۇھەببەت بىلەن

مۇئامىلە قىلىمەن.

ئۇ چاغلاردا ئۆزىمىزدە نەشر قىلىنغان كىتابلار ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىتابلارمۇ ناھايىتى قاتتىق نازارەت ئاستىدا چىقاتتى. كۆپ نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھازىرقىدەك كەڭ تۈردە ئېچىۋېتىلگەن ئەمەس. جوڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ سالقىنلىشىشى بىلەن بۇ كىتابلارمۇ كەلمەيدىغان بولدى. نەشردىن چىقىپ بۇ ياققا ئەكېلىنگەن بىرمۇنچە كىتابلامۇ كېرەكسىز قەغەز ئورنىدا قەغەز زاۋۇتلىرىغا يوللىۋېتىلدى. بىزنىڭ قولىمىزغا ياكى كىتابخانىلىرىمىزنىڭ قولىغا تەگكىنى يوق. شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ ئوقۇش قىزغىنلىقى، ئەدەبىيات قىزغىنلىقىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

## خاتىرە يېزىش ئادىتى

**ئوسمانجان ساۋۇت:** ئۇ ۋاقىتلاردا، مەكتەپتىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى قىيىپ ياساۋالغان خاتىرە دەپتىرى ياكى كۆچۈرۈپ يېنىدىن ئايرىماي ساقلايدىغان خاتىرىسى بار ئىدى. بۇ خاتىرىگە ھەر خىل مۇھەببەت لىرىكىلىرى، خىلمۇ خىل ئېسىل دەپ قارالغان شېئىرلار، چەت ئەلنىڭ شېئىرلىرى ۋە ھېكايىلىرى كۆچۈرۈلەتتى. مەسىلەن: شۇ چاغدا ھادى تاقتاشنىڭ «باشسىز ھەيكەل»، مىرتۆمۈرنىڭ «سۈرەت» دېگەن داستانلىرى، مۇسا جېلىلنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى، پوشكىن، لېرمىنتوفلارنىڭ شېئىرلىرى، خەمىت ئالىمجان، زۇلفىيەلەرنىڭ شېئىرلىرى ۋە قازاق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى قولدا خاتىرىلەرگە كۆچۈرۈلۈپ ياندا ساقلىناتتى. ھەر بىر ئوقۇغۇچى شۇنداق قىلاتتى. ئەينى چاغدا كۇتۇپخانىلاردا ياخشى كىتابلار بار بولسىمۇ بەك ئاز ئىدى. يېتىشمەي قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىسىز، خاتىرە قىلىۋالسىڭىز بۇ ئۆزىڭىزنىڭ مۈلكى بولىدۇ، خالىغانچە كۆرەلەيسىز. خاتىرە يېزىش ياكى خاتىرىگە كۆچۈرۈۋېلىپ ئوقۇش ھازىرقىغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن جاپالىق ۋە ئاجايىپ قىممەتلىك روھ...

مەسىلەن: «مۇھەببەت لوگىكىسى» (ئاپتوردىن: بۇ ھېكايە ھازىر ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن پېنسىيىگە چىققان ئوقۇتقۇچى مەھمۇت ئىلياسنىڭ شۇ چاغلاردا يازغان مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنماي قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان ھېكايىسى) غادىل كاتوينىڭ «تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر» دېگەندەك ھېكايىلەر قولىيازما شەكلىدە كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ياخشى شېئىرلار بولسا، بۇنى دەرھال ئاشۇ خاتىرىگە كۆچۈرۈۋالىدىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئېسىل دەپ قارالغان ئەسەرلەردىن پەلەسەپىۋى ھېكمەتلەر، چىرايلىق تەسۋىر ـ ئىبارىلەر، مۇھىم بۆلەك ـ ئابزاسلارنى ئۇدۇللۇق كۆچۈرۈۋالاتتۇق.

## كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى

**ئوسمانجان ساۋۇت:** ئۇ ۋاقىتلاردا، ئالتە كۈن ئوقۇيتتۇق. شەنبە كۈنى كەچتە ناھايىتى ئېسىل كۆڭۈل ئېچىش بولاتتى، ھەر بىر فاكولتېتلاردا تانسا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن سىرت مەكتەپتىنمۇ تانسىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر شۇنداق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. ئۇلار ئېلان چىقىرىپ چوڭ زاللاردا تانسا ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇنىڭغا سىرتتىنمۇ كېلەتتى، 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، تېببىي ئىنستىتۇتلاردىن ئوقۇغۇچىلار ئارىنى يىراق كۆرمەي كېلەتتى.

تانسا ھەقسىز بولاتتى. بىزگە ئەمەس، سىرتتىن كەلگەنلەرگىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرغاندەك چاقىراتتى. ئۇلارمۇ كېلەتتى. نەچچە مىڭ ئادەم سىغىدىغان پۈتۈن چوڭ زالدا ستۇدېنتلار لىق تولۇپ تانسا ئوينايتتى. مۇزىكىسىنى ستۇدېنتلار ئۆزى چالاتتى، چېلىنىدىغان مۇزىكىلار چەتنىڭمۇ، ئۆزىمىزنىڭمۇ بولاتتى.

ھەر شەنبە كۈنى مەكتەپتە تانسىدىن باشقا يەنە كىنولار قويۇلاتتى، قويۇلىدىغان كىنولار ئاساسەن شەرقىي ياۋروپانىڭ كىنولىرى بولاتتى، ئامېرىكىنىڭ كىنولىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. شياڭگاڭنىڭ كىنولىرىمۇ ناھايىتى ئاز. تولاراق

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنولىرى. ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن كىنولارمۇ قويۇلاتتى. شۇ قاتاردا، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»، «بوستانلىقتا تەنتەنە» دېگەن كىنولارنى قويۇۋىدى، ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلغان. بولۇپمۇ «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» نىڭ «گۈل ئېمىشقا شۇنداق قىزىل» دېگەن ناخشىسى بىر مەزگىل ئۈرۈمچىنى قاتتىق قاپلاپ كەتتى. قەيەگە بارسا شۇنى ئېيتىدۇ، ئىسقىرتىشمۇ شۇ، غىڭشىشمۇ شۇ، ئېيتىشىشمۇ شۇ، ھەممىسى، ھەر يەرلەردە، ياتاقلاردىمۇ شۇنداق ئېيتىپ كېتىدىغان. بۇ كىنولارمۇ قاتتىق تەسىر قىلغان. رۇس كۇلۇبى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىنو كۆرىدىغان يېرى ئىدى. ھەر شەنبە كۈنى كېلىمىز، كىنو كۆرىمىز، بېلەتمۇ قىممەت ئەمەس ئىدى. شۇ چاغلاردا، رۇسلار ئىشلىگەن دوستويېۋىسكىنىڭ «ئاق كېچە» ناملىق پوۋېستىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن شۇ ناملىق كىنوسى، ئۇنىڭدىن باشقا «نامرات كوچا»، ئەنگلىيىنىڭ «ھەربىي مۇزىكا» دەيدىغان كىنولىرىنى قويغان. ھازىرغىچە ئېسىمدە، ئۇ ئاجايىپ ئېسىل كىنولار ئىدى. ھىندىستاننىڭ «ئىككى مو يەر»، «سەرگەردان» دېگەندەك كىنولىرىمۇ كېلەتتى.



**ماخمۇتجان ئىسلام:** شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى كىنو كۆرەتتۇق، بېلەت باھاسى بەش پۇڭ. بايراملاردا مەكتەپ بويىچە تانسا قىلىپ بېرەتتى. بىراق بۇنداق ۋاقىت كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى. بەزىدە، ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ دراما - ئويۇنلىرىنى مەكتەپكە ئېلىپ چىقىپ قويسا شۇنى كۆرەتتۇق. ئۈچ - تۆت قىزلار ياتىقىمىزغا كەلسە ياكى ئوغۇللار ياتاقتا ئولتۇرۇپ زېرىكسە، ئوپچە يىغىش قىلىپ پارچە ھاراق ئېلىپ ئىچەتتۇق. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن، بىز قىزلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى، تانسا ئويناشنى ئۆگەندۇق. تولاراق قىزلار ئوغۇللارنى مېھمان قىلاتتى. سەۋەبى، قىزلار ئاساسەن بايراق، ئۇلارغا ئاتا - ئانىلىرى قانداقلىكى بولمىسۇن پات - پات پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى.

## جەمئىيەتنىڭ تەسىرى

**ئوسمانجان ساۋۇت:** ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە جەمئىيەت بىلەن كەڭ - كۆلەمدە ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئاز بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار، جۈملىدىن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئوقۇغۇچىلار دەسلەپ يازغۇچى - شائىرلار بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى ۋاي پالانى دېگەن قانداقراق ئادەمدۇ، بىر كۆرۈپ باقساق، دەپ ھەۋەس قىلىشىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ياقتۇرۇپ قالغان يازغۇچىلارغا نىسبەتەن بىر خىل چوقۇنۇش تۇيغۇسى پەيدا بولغان ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئۇلارنى بىر كۆرۈۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ زور بەخت. مەن تېيىپجانكام بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، 1965 - يىلى تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن. تېيىپجانكام شۇ ۋاقىتلاردا شېئىرىيىتىمىزدە، ئەدەبىياتىمىزدا ناھايىتى نوپۇزلۇق، چوڭ ئادەملەر ئىدى. ئادەملەر ئۇنى كارامەت چوڭ كۆرىدىغان. ئۇ، جەمئىيەت ئەدەبىياتقا خېلى كۆڭۈل بۆلىدىغان، يازغۇچىنىمۇ چوڭ بىلىدىغان چاغلار ئىدى. ئۇنداق ھازىرقىدەك يازغۇچى دېسە كۆزگىمۇ ئىلمايدىغان چاغلار ئەمەس. پات - پات بېيجىڭدا يىغىنلار، كومپېرېنسلار، قۇرۇلتايلار ئېچىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بېرىپ قاتنىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايراملاردا كېچىلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، رادىئو ئىستانسىسىدا ۋە باشقا جايلاردا شۇنداق چوڭ مۇشائىرە بولۇپ تۇرىدۇ. تېيىپجانكاملار كېلىدۇ. كەلگەنلەرنىڭ

هەممىسى شېئىر ئوقۇيدۇ، ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ. قورساق ئېچىپ تۇرسىمۇ، تۇرمۇش شۇنچە قىيىن بولسىمۇ مەنىۋى هايات ئاجايىپ كۆڭۈللۈكتە! رادىئو ئىستانسىسىدا مۇشائىرە بولسا چوڭ زالدا ئوقۇيدۇ هەم رادىئودا ئاڭلىتىدۇ. شۇلارنى بىزمۇ بىرىپ كۆرىمىز. تېيىپجانكامنىڭ ئۇ ۋاقىتلاردا يازغان هەر بىر شېئىرىنى مەيلى گېزىتتا چىققان، كىتابلارغا بېسىلغان بولسۇن، ئىزدەپ تېپىپ يا قىيىپ چاپلايمىز، يا كۆچۈرىمىز.

1965 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا، سىنىپىمدىكى بىر ساۋاقدىشىم بىلەن بىر دوستۇمنى ئىزلەپ باردۇق، ئۇنىڭدىن تېيىپجانكاملار بىلەن قوشنا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان، باشقىلار بولسا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. بىز بارساق، دوستىمىز ئۆيىدە يوقكەن، ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپ سوراپ باقماقچى بولدۇق. ئۆيدىن بىر ئايال چىقتى ۋە «كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، هېلىغىچە كېلىپ قالار» دېدى. بۇ، «كىمنىڭ ئۆيى» دېسەك، «تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئۆيى، كىرىڭلار» دېدى. تېيىپجاننىڭ ئۆيى دېگەندىكىن، ئەسلىدىلا بىرىش ئويىمىز بولسىمۇ بارالماي كەلگەچكە تەكەللۇپ قىلمايلا كىردۇق. كىرسەك، تېيىپجانكام رەهمەتلىك سارجا شىمىنى سىلىقۋېتىپ، ئەمدىلا دەم ئېلىپ قىڭغىيىپ يېتىپتىكەن. بىزنى كۆرۈپلا لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. بىز ئۆزىمىزنى ۋە قانداقلارچە بۇ ئۆيگە كىرىپ قالغانلىقىمىزنى سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرىدا:

— بىز سىزنىڭ ناهايىتى قىزغىن مۇرىتىڭىز، بىز سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى كۆپ ئوقۇيمىز هەم ناهايىتى ياخشى كۆرىمىز، چوقۇنىمىز، ـ دېدۇق. «ۋويى، رەهمەت» دەپ بىر ـ ئىككى پەدە دۇتتار چېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن:

— سىز كىمگە چوقۇنىسىز؟ ـ دەپ سورىدىم.

— ناۋائىغا چوقۇنىمەن، ناۋائى مەن ئۇچۇن مەڭگۈ ئۆگىنىپ هارمايدىغان ئۇستازىم، ناۋائىدەك مەكتەپ يوق، سىلەرمۇ ناۋائىنى ئوقۇڭلار، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن:

— «ئاساسەننىڭ شىكايىتى» دېگەن شېئىرىڭىزنى بىر كۆرۈپ باقساق، دېدىم. بۇ شېئىر شۇ كۈنلەردە، «سوتسىيالىزم خۇنۇكلەشتۇرۇلگەن، كەمچىلىكلىرىمىز مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلگەن» دەپ قاتتىق تەنقىدلىنىۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى.

— ئۇنى ئوقۇماڭلار، مېنىڭ شېئىرىمنى ئوقۇغىڭلار كەلسە، «ۋەتەن هەققىدە غەزەل»، «ماۋزېدۇڭغا»، «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ ۋەسىيىتى» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرىمنى ئوقۇڭلار، ـ دېدى ئۇ.

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىز سىزنىڭ تالانتىڭىزنىڭ تەرەپدارى، ـ دېدىم مەن.

چاي ئەكەلدى، چاي ئىچتۇق، تېيىپجانكام «قېقنۇس» ماركىلىق تاماكا چېكىدىكەن. بۇ، ئۇ چاغلارغا نىسبەتەن ناهايىتى قىممەت پۇللۇق تاماكا هېسابلىناتتى.

— بىرنېمە يازامسىلەر، ـ دەپ سورىدى ئۇ.

— يېزىپمۇ كەتمەيمىز، يازمايمۇ قالمايمىز، هازىرچە ئۆگىنىپ ـ كۆرۈپ كېتىۋاتىمىز، ـ دېدۇق.

— ۋويى، ئۇنداق بولسا ياخشىكەنسىلەر، ياخشى ئوقۇڭلار، كۆپ تىرىشىڭلار، ـ دېدى.

شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش گەرچە بىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىز ئۇچۇن يەنىلا چوڭ رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپ قالدى.

## تەقسىمات

**ئىمىن ئەهمىدى:** 1968 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، مائارىپ نازارىتىدىكىلەر، «ئاقسۇغا تەقسىم بولدۇڭ» دېيىشتى، «مەن قەشقەرگە كەتسەم بولاتتى، يالغۇز ئوغۇل ئىدىم» دېدىم. «ياق، بىر ۋىلايەتكە بىر سان، بىز يەتتىڭلارنى يەتتە ۋىلايەتكە بۆلىمىز، قەشقەر دېگەندە بىرىڭلارلا قول كۆتۈرۈشكە رۇخسەت» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن هەممىسىنى يىغىپ بېشىنى بىر يەرگە قىلدىم: «ئارىمىزدا بىر قىز بالا بار، قىز بالا دېگەن ياقا يۇرتتا قالسا بولمايدۇ، قەشقەر دەپ چىققاندا قالغان ئالتەيلەن بۇنىڭغا لوقما سالماي

جىم ئولتۇرايلى، ئاشۇلا قول كۆتۈرسۇن، قانداق» دېسەم، ھەممىسى «بولىدۇ» دېدى. ئۇ قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بۆلۈندى، بۇ قىز ئىلگىرى پوۋېست - ھېكايىلەرنى يازغان ماھىگۈل پەخرىدىن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خوتەنگە بىرى كەتتى، غۇلجا دەپ بىرى باردى، چۆچەككە بىرى، ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا ئاقسۇ ئېشىپ قالدى.

مېنى ئاقسۇغا بۆلىدىغاندا، «مەن يالغۇز بالا ئىدىم، قەشقەرگە كېتەي» دېسەم، «سەن لاۋسەنپىيەننى ئوبدان ئوقۇماپتىكەنسەن» دەپ سالدى. لاۋسەنپىيەن دېگەن ماۋجۇشىنىڭ ئۈچ ئەسىرى بولۇپ، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «يۇگوڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»، «بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز» دېگەنلىرى شۇ. «ئوقۇغان، يادا بىلىمەن» دېسەم، «يولداش بېتيۇن كانادالىق بولۇپ، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ئۈچۈن ياردەم بەرگىلى كەلگەن، سەن ئەجەب ئاقسۇغىمۇ بارمايمەن دەيسەنغۇ؟ ئەگەر، سەن مۇشۇ گەپنى ئىككىنچى تەكرارلايدىغان بولساڭ، سېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش سالاھىيىتىڭنى ئېلىپ تاشلايمىز» دېدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، راستلا ئېلىپ تاشلايتتى. مەن غىڭ - پىڭ قىلماي چىقىپ كېتىپ ئاقسۇغا باردىم.

ئاقسۇغا بېرىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سوتقا تەقسىم قىلىدۇق، دېگەنتى قورقۇپ كەتتىم. «ھەي، ئەدەبىيات ئوقۇسام، سوتتا نېمە ئىش قىلاتتىم» دەپ ئۆكۈندۈم ئىچىمدە. لېكىن سوتنىڭ يۇەنجاڭى، قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ مېھمانخانىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە چىقىپ يۈك - تاقلىرىمنى ئۆزى يۈدۈپ ئېلىپ چىقىپ، ھارۋىغا بېسىپ، ئۆزى ئىتتىرىپ مېڭىپ مېنى: «بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى بىزگە تەقسىم قىپتۇ، بىز ناھايىتى بەك خۇش بولدۇق، بىزنىڭ ئوتتۇرا سوتتا مىللىيلاردىن ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر يوق، سىزنى قارشى ئالىمىز» دەپ قىزغىن قارشى ئالدى. بېرىشىمغىلا مەخسۇس بىر ئۆي بەردى، بىر كارىۋاتنى قۇرۇپ قويۇپتۇ، ئۇلار ماڭا مەشنى جايلاپ قۇرۇپ بەردى، «كۆمۈرنى مۇنداق قالايمىز» دەپ ئۆگەتتى. بىر چېلەك سۇ، بىر چايدان، بىر كۇرۇشكا ئەكىرىپتۇ، ئاندىن «ئىچىڭ پۇشۇپ قالىدۇ» دەپ مۇشۇكئېيىق ماركىلىق رادىئودىن بىرنى بەردى. بۇ رادىئو شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە 80 يۈەن، ئۇنى ھەممىلا ئادەم ئالالمايدىغان چاغ. ئۇلار مېنى شۇنداق ياخشى كۈتىۋالدى. مەن ھەتتا كېيىن، «قەشقەرگە كېتىمەن، مەن يالغۇز ئوغۇل» دېسەم، ئۇلار يېزىدىكى شۇ ئاتا - ئانامنى قەشقەردىن يۆتكەپ ئەكېلىپ شەھەر نوپۇسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى ھەم ئۆيمۇ بەردى. «ئەمدىغۇ خاتىرجەم ئىشلەرسەن» دېدى. «بولىدۇ» دەپ خاتىرجەم ئىشلەشكە كىرىشتىم.

ئۇلار مېنى شۇنچىلا كۆيۈنۈپ ئىشلەتتى، شۇڭا مېنىڭ ھاياتىمدا پەقەت ئاغرىنغۇدەك يېرىم يوق. شۇنداق بولغاچقا پوشكىننىڭ «ھايات ئەگەر ئالدىسا سېنى» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا، مەن تۇرۇپ كېتىپ، ياق، «ئالدىمايدۇ ئادەمنى ھايات، ھاياتنى ئالدىغان ئادەمنىڭ ئۆزى» دەپ يېزىپ قويغان يېرىممۇ بار.

سوتتا ئىشلىگەن 15 يىل جەريانىدا ئۆزۈم مالامەتكە ئۇچرىمىدىم، ھەقنى سۆزلەيمەن، ئادالەتنى ياقلايمەن دەپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم، نۇرغۇن نەرسىلەر كاللامدىن ئۆتمىدى، نۇرغۇن گەپ - سۆزلەر بولۇندى. ھەر نۆۋەت، بىر قېتىم ئادالەتنى ياقلىغاندا، بىر قېتىم يىراق جايلارغا دېلو ئىشلەپ كەلگىن، دەپ ماڭدۇرۇلۇپ تۇردۇم. بىر قېتىم بىر ھەق ئىشنى روياپقا چىقارغاندا، ئىدارىدىن ھەيتىلەپ ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. شۇڭا مۇشۇ سوتتا ئىشلىگەن جەريانلىرىمنى بىر نەسە يېزىپ باقسامىكىن، دېگەن مۇددىئا بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەن.

## سەندىكى ياشلىق مەندە بولسىدى!

**ئىمىن ئەھمىدى:** مەن «شىنجاڭ گېزىتى» دىن ئەينى چاغدا كەلگەن خەتنى باللىرىمغا كۆرسىتىپ:

- داداڭلار، ئۆز ۋاقتىدا تەييارلىق سىنىپتا بىر يېرىم يىل ئوقۇغاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق ئىشنى باشلىغان، سىلەر تەييارلىق سىنىپىنى تۈگەتتىڭلار، ئۈچىنچى يىللىق، تۆتىنچى يىللىقمۇ بولۇپ كەتتىڭلار، زادى قانچىلىك ئىش

قىلدىڭلار، سىلەر نېمىشقا داداڭلاردەك بولالمايسىلەر؟ــ دەپ كۆپ قېتىم تەربىيە قىلدىم. مەن يەنە: مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى خەنزۇچە كۆرۈپ بولدۇم. سىلەر ئايدا بىر كىتابمۇ ئوقۇمايسىلەر. ھېچ بولمىغاندا، «كاپىتان قىزى» بىلەن «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»نى بولسىمۇ ئوقۇپ قويۇڭلار، دەپ تەربىيە قىلدىم. باللىرىم، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ زىيان تارتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ھازىرقى باللار كىتاب ئوقۇشقا قىرىقلىق قىلىشىدۇ. بەلكىم بۇ تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشىدىن بولسا كېرەك. ئەمما بىر پارچە ئېسىل رومان بەرگەن تەسىرات ۋە لەززەتنى شۇ رومانغا ئاساسەن ئىشلەنگەن كىنو ياكى تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھەرگىز بېرەلمەيدۇ. ھازىرقى ياشلار بۇنى چۈشىنىشى كېرەك.

ھازىرقى ستۇدېنتلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ياخشى ئەمەس. مەسىلەن: بىز باشلانغۇچ مەكتەپتە «ئۇلۇغ بەگ»نى بىلىمىز. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىلا رۇسىيىدە رېپىن سوركوف دېگەندەك رەسساملىرىنىڭ بارلىقىنى، رېپىننىڭ «ۋولگا دەرياسىدىكى خورۋاتلار» دېگەن رەسىمنى سىزغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئالتە يېشىمدا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋال دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ھەپتىيەكنى قولۇمغا ئېلىپ خەت تونۇيالىغۇدەك بولغاندىن تارتىپلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن «سوپى ئاللا يار»، «ناۋائى» دېگەن كىتابنى ئوقۇدۇم، ئۇندىن كېيىن غوجا ھاپىز شىرازىنىڭ شېئىرلىرىغا كۆچتۇم. دېمەك، بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا مېنىڭ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكىنىم چاغاتاي يېزىقىدىكى كىتابلار. ھازىرمۇ ئوقۇيمەن ئۇ يېزىقنى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ھازىر چاغاتاي تىلى دەپ مەخسۇس كەسىپ ئېچىپ، ئايرىم دەرسلىك قىلىپ ئۆگىتىپ يۈرىدۇ. مەن يەتتە يېشىمدا ئۆگىنىۋالغان شۇ چاغاتاي يېزىقى بىلەن ھازىرغىچە كىتابلارنى كۆرۈپ يۈرۈپتىمەن. «شا مەشرەپ» قولۇمدا بار، ئۇنى داۋاملىق ئوقۇپ قويىمەن. بۈرۈن «جەمشىتنامە»نى ئوقۇغان.

مەن ئويلاپ قالىمەن، بىزنىڭ ستۇدېنتلىرىمىز «قۇتادغۇ بىلىگ» نەك ئەسەرلەرنى بولسىمۇ كۆرۈپ قويسا بولمامدىغاندۇ دەپ. مەن باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىدىلا ھېچ بولمىغاندا، باللار يازغۇچىسى گايدارنىڭ پۈتۈن كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولغان. «رېۋىسى»، «باراباnچى بالا»، «ئىسسىق تاش» دېگەندەك كىتابلىرىنى شۇ چاغلاردىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن. يۇنانلىقلار يازغان «يۇنان بالىسى»، ئىرانلىقلار يازغان «ئۈچ ئالغۇچى باللار» دېگەن كىتابلارنى باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقاندا كۆرگەن. مەن ھەتتا، بىر پارچە ئۇيغۇرچە ئاتلاس سېتىۋالغان. دۇنيانىڭ جۇغراپىيىسىگە بەك قىزىقاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇرۇندىن تارتىپ تارىخىي شەخس توغرۇلۇق يېزىلغان رومانلارنى ئوقۇشقا قىزىقاتتىم. دەسلەپ ئوقۇغان رومان «پولات قانداق تاۋلاندى»، ئارقىدىن «ئاباي» ۋە «ئاباي يولى»، كەينىدىن «سوۋۇرۇف» بولدى. مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ باللىرىمغىمۇ دەيمەن، سىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلماڭلار تۆۋەن دەپ. ئۆزلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنى ئالىي مەكتەپتىكى دەرسنىڭ ئېغىرلىقىدىن كۆرىدۇ، ئەمەلىيەتتە دەرسمۇ ئېغىردۇر. بىزنىڭمۇ ئېغىر ئىدى. دەرس ئېغىر، لېكىن تۇرمۇش ياخشى - دە، ھازىر. شارائىتمۇ ئوبدان، كىتابخانىلار، كۇتۇپخانىلار تەييار. لېكىن بىلىم قۇرۇلمىسى ناھايىتى تار بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، شىنجاڭنى قىيىنچىلىقى بار، ئۇنداق - مۇنداق، يېزىلاردىن كەلگەنلەر قىيىنىلىدۇ، دەيمىز. بىزنىڭ ستۇدېنتلار ئايلاپ - ئايلاپ داپەنجى يەيدۇ، ئاندىن بۇ پۇلنى خەجلەپ بولۇپ، ئەتىگەندە ئالغان نېنىنى كەچ بولغىچە غاجىلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلاردا ئەقىدە كەم، چىدىماس. مۇشۇ تۈپەيلى بىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىزلاپ كەتتى.

بىلىم قۇرۇلمىسى تار بولغاندىكىن تەسەۋۋۇر ئاجىز بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئوبرازلىق تەپەككۇرمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ زېھنى بۈركۈتنىڭ قانىتىدەك قانات قېقىپ پۈتۈن دۇنيانى بىر قېتىم چۆرگىلەپ چىقالمايدۇ.

مۇكەممەل ئادەم بولۇشنىڭ بىردىنبىر شەرتى ـ يەنىلا ئىجتىمائىي پەن. نوقۇل تەبىئىي پەندە ۋايىغا يەتكەن ئالىملارنى ھازىرقى زامان پسىخولوگلىرى «ئالجىغان تالانتلار» دەپ ئات قويىدى. چۈنكى ئۇلار بىر كەسىپنىلا بىلىپ، دۇنيانىڭ قالغان بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان. شۇڭا ئىجتىمائىي پەنلەر، بولۇپمۇ ئانتىرپولوگىيە (ئىنسانشۇناسلىق) نىڭ مەركىزىي يادروسى، ئىنسانپەرۋەرلىك. ئۇنىڭ ياراتماقچى بولغىنى مۇكەممەل ئادەم، بىر بىسلىق ئادەم ئەمەس، ئىككى بىسلىق، ئۈچ بىسلىق، ھەتتا

www.uyghurkitap.com



بەش بىسلىق ئادەملەرنى يارىتىش كېرەك، قەيەرگە قويسا شۇ يەردە ئىشلىيەلەيدىغان ئادەمنى يارىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلەۋاتىمىز. 60 ـ يىللاردا، گەرچە ماتارپىقا باشقىچە باھالار بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر نەچچە بىسلىق ئادەملەرنى كۆپ تەربىيىلىگەن. ھازىر سانائەت مەدەنىيىتى پۈتۈن ئىلىم ـ پەننىڭ تارماقلىرىنى بەك ئۇششاق شاخقا ئايرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھازىر، لومونوسوفقا ئوخشاش ھەم فىزىكا ئالىمى، ھەم تىلشۇناس، ھەم شائىر چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. داۋىنچىدەك ھەم ئارخىتېكتور، ھەم ماتېماتىك، ھەم رەسسام، ھەم پەيلاسوپ، ھەم ئىنژېنېر، مۇنداق كۆپ بىسلىق ئادەملەر چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ماتېماتىكىدا يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى، ئۇنىڭ بىناكارلىقتىكى چېرتيوژلىرى، ئۇنىڭ خىلمۇ خىل ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى كەشىپ قىلغانلىقى، ئۇنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق» ۋە «مونالىزا» دېگەندەك دۇنياۋى رەسىملىرى... قاياقتىنلا قارىسىڭىز، پىرىزما شەكىللىك ئالماستەك چاقناۋاتقان تالانت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرىسىز.

ھازىرقى باللارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى تار بولۇپ قالدى، بەكمۇ تار بولۇپ قالدى. تار بولۇش بىلەن بىرگە ھەم تېيىز، بۇ بىر پاجىئە. ئەلۋەتتە، ستۇدېنتلىرىمىز ئارىسىدىمۇ باشلامچىلىق رولىنى ئويناۋاتقان بىر قىسىم ياشلارمۇ يېتىشىپ چىقتى. ئالىي مەكتەپلەردە ئاشۇلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقاتلارمۇ ئاجىز. ئۈلگە يوق، قەھرىمان يوق. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزدا يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش، قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش، مۇشۇنداق بىر نەرسە يوق.

**ماخمۇتجان سالام:** 60 ـ يىللاردا بىز قارا ياغاچنىڭ پوستىكىنى يېگەن، قوناق مومىسىمۇ تويغىدەك يوق. بىز ئەنە شۇنداق شارائىتتىمۇ يەنىلا ياخشى ئوقۇغان. ئاشۇ باللار ئارىسىدىن، باشقىسىنى قويۇپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالساق، ھەر بىر سىنىپتىن بىر نەچچىدىن خېلى داڭلىق يازغۇچى ـ شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. مۇشۇ يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىكى ئەھۋالنى ئالساق، يېزىقچىلىقتا يېتىشىپ چىقىدىغان ئەھۋاللارمۇ ناھايىتى ئاز، يوق دېيەرلىك.

يەنە بىرى، كەلگۈسىدە زادى قانداق ئادەم بولىمەن، دېگەننى ئويلاشمايدۇ. ھازىر ستۇدېنتلارغا ئاش ـ تاماق، كىيىم ـ كېچەك دېسە كەڭرى، ئاتا ـ ئانىلىرى قانچە قىينالسىمۇ يەنىلا ئايلىق پۇلىنى قىسىپ قويماي ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر قاندىقى ئۆزى پۇل تۆلەيدىغان، ئوقۇش پۈتتۈرسە ئۆزى خىزمەت تاپىدىغان ئىشلار يولغا قويۇلىدۇ. رەسمىي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خىزمەت تاپاي، دېسە ياخشى ئوقۇشى، كۆپرەك بىلىم ئېلىشى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشى كېرەك. شۇ چاغدىلا رىقابەتتە ئۈتۈپ چىقالايدۇ. بولمىسا جەمئىيەتتە تاشلىنىپ قالىدۇ. بۇندىن كېيىن، ھەرقانداق خىزمەت تاۋىقى مەڭگۈلۈك كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. بۇ رىقابەت دەۋردە رىقابەت ھەقىقىي قابىلىيەت، بىلىم بىلەن بولىدۇ.

ئىككىنچى بىرى، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى يېمەي ـ ئىچمەي پۇل يىغىپ ئوقۇتسا، ئۇلار كۆتكەن يەردىن چىقمىسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويسا، ئۆزىمۇ ۋىجدان ئازابى تارتماسمۇ؟!.

بىز ئوقۇغانلاردا، بىرى قىيىنچىلىق، ئىككىنچىسى، ئاتا ـ ئانىمىزدىن ئۇنداق پۇل كېلىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان ئىشلارمۇ يوق. ھازىر جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان، بولۇپمۇ 63 ـ، 64 ـ، 65 ـ، 66 ـ يىللىرى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ستۇدېنتلار شۇنداق ئىدى. كېيىنكىلەرگە ئۇنىۋېرسىتېتنىمۇ تولۇق ئوقۇيالمىغان، بىزمۇ تولۇق ئوقۇيالمىدۇق. قالغىنىغا بىز ئۆزىمىز تىرىشىپ يۇرۇپ مۇشۇنچىلىك ئادەم بولالىدۇق.

بىزلەرگىمۇ شۇ ياشلىق قايتا بىر كېلىپ قالغان بولسا، ھازىرقىدەك ئەقلىمىز، ھازىرقىدەك ئىقتىسادىي شارائىتلىرىمىز بولغان بولسا، قايتىدىن تۇزۇك بىر ئوقۇپ باققان بولساق، ياشلىقنىڭ پەيزىنى راۋۇرۇس بىر سۈرۈپ باققان بولساققۇ ئىش باشقىچە بولاتتى. لېكىن، ياشلىق ئۆتۈپ كەتسە ئارقىغا يانمايدىكەن، ئۇ دەۋر كەلمەسكە كېتىدىكەن. ئۆتۈپ كەتكىنى كەتكەن. شۇڭا ياشلىق مەزگىلىمىزنى چىڭ تۇتۇپ بىرى، ئۆزىمىزنىڭ ۋىجدانىي ئالدىدا ئازابلانمىساق؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئالدىدا ئازابلانمىساق، مۇشۇ ئىككى ئازابلاناسلىق بولغاندىلا، ۋەتەن ـ خەلق ئالدىدا، مىللەتنىڭ ئالدىدىمۇ ئازابلانمىغىدەك ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.




# سۇنغان ئوق

## چى يۈن

ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرىدە بولسا كېرەك، بىر ئاتا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئاتىسى گېنېرال، ئوغلى تېخىچىلا چاپارمەن ئىكەن. يەنە بۇرغىلار ياڭراپ، جەڭ دۇمباقلىرى گۈمبۈرلەپ چېلىنىشقا باشلاپتۇ. ئاتىسى بىر تال يا ئوقى سېلىنغان ئوقداننى دەبدەبە بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئوغلىغا جىددىي تەرزدە: «بۇ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان تەۋەرۈك ئوق، ئۇنى يېنىڭغا ئېسىۋالساڭ پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىسەن، ئەمما ئۇنى ھەرگىز ئوقداندىن چىقىرىپ تاشلىما» دەپتۇ.

بۇ قېلىن كالا تېرىسىدىن ياسالغان، چۆرىسىگە بىلىنەر - بىلىنمەس چاقناپ تۇرغان مىس زىغزىغ چۈشۈرۈلگەن ئىنتايىن كۆركەم ئوقدانىكەن، ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرغان ئوق قۇيرۇقىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك توز پېيىدىن ياسالغانلىقىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالغىلى بولىدىكەن. ئوغلى گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئوق دەستىسى، ئوق ئۇچىنىڭ شەكلىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن قىياس قىپتۇ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئوقنىڭ ۋىژىلداپ ئۆتكەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، كۆز ئالدىدا دۈشمەن سەركەردىسى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈپ جان بەرگەن مەنزىرە كۆرۈنگەندەك بوپتۇ.

دېگەندەك، تەۋەرۈك ئوقداننى ئېسىۋالغان ئوغلى ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ھەممىلا جەڭدە دۈشمەننى يېڭىپتۇ. ئۇرۇش توختىتىش سىگنالى چېلىنغاندا، ئوغلى غەلىبە قىلىش جاسارىتىنى زادىلا يېڭىپ بولالماي، ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقىغا پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىپتۇ، كۈچلۈك ئارزۇ - ھەۋەس ئۇنى تەۋەرۈك ئوقنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ كۆرۈپ بېقىشقا مەجبۇرلاپتۇ. ئۇ بىردىنلا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

سۇنغان ئوق - ئوقداندا سۇنۇپ كەتكەن بىر تاللا ئوق تۇرغۇدەك.

«مەن سۇنۇپ كەتكەن بىر تال ئوقنى ئېسىۋېلىپ جەڭ قىلىپ يۈرۈپتىمەن!» ئوغلى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسى خۇددى بىردىنلا تۈۋرۈكىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆيدەك گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

نەتىجىدە ئوغلى پىتىراپ كەتكەن دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا ئېچىنىشلىق ئۆلۈپتۇ.

ئاتىسى ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدىن چىقىپ، ھېلىقى سۇنغان ئوقنى قولىغا ئاپتۇ - دە، زەردە بىلەن بىرنى تۈكۈرۈپتۇ: «ئۆز ئىرادىسىگە ئىشەنمىگەن كىشى، مەڭگۈ گېنېرال بولالمايدۇ».

غەلىبە قىلىش بىلەن مەغلۇپ بولۇشنى بىر تال تەۋەرۈك ئوققا باغلاپ قويۇش نېمىدېگەن ئەخمەقلىق، يەنە كېلىپ بىر كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ يادروسى بىلەن تۈنۈگۈنىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇشى نېمىدېگەن خەتەرلىك - ھە! بىز مۇشۇنىڭدەك، ئۈمىدىمىزنى پەرزەنتلىرىمىزگە باغلاپ قويساق، بەختىمىزنى ئېرىمىزگە باغلاپ قويساق، تۇرمۇش كاپالىتىنى ئىدارىمىزگە باغلاپ قويساق قانداق بوپكېتەر؟

ئەمەلىيەتتە، ئۆزىمىز بىر تال ئوق، ئۇنى

چىداملىق بولسۇن، ئۆتكۈر بولسۇن، دەل جايىغا تەگسۇن دېسەك، بىلەيدىغىنى، قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغىنى يەنىلا ئۆزىمىز.

# ھەممىڭلارلا پەيلاسوپ

## مېڭ بو

مېنىڭ سىنگاپورلۇق دوستۇم ياڭ، جۇڭگودا ئىككى يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتماقچى بولدى. ئۇزىتىش زىياپىتىدە مەن ئۇنى جۇڭگولۇقلارغا بولغان كۆزقارىشىنى دەپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «راستىنى ئېيتسام، سىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى بىز سىنگاپورلۇقلارنىڭكىدەك يۇقىرى ئەمەسكەن، ئەمما مەن جۇڭگولۇقلارنىڭ پەلسەپە ساپاسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى، ھەممىسى دېگۈدەكلا پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى، بۇ جەھەتتە بىز سىنگاپورلۇقلارنى خىجىل قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بايقىدىم».

ئۇ مېنىڭ گاڭگىراپ قالغىنىمغا قاراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى: «سىلەرنىڭ پەلسەپە ساپايىڭلار ئاساسەن ‹شوئار مەدەنىيىتى› ڭلاردا ئىپادىلىنىدىكەن، جۇڭگودا شوئار ھەممىلا جايدا دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ‹خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرىدۇ، ياخشى شەھەر قۇرۇش خەلق ئۈچۈندۇر›، ‹دۆلەت بېجى خەلقتىن ئېلىنىدۇ، خەلققە ئىشلىتىلىدۇ›، ‹زاۋۇت گۈللەنسە ماڭا شەرەپ، زاۋۇت خارابلاشسا ماڭا نومۇس›، ‹ھەرقانچە نامراتلىشىپ كەتسەكمۇ مائارىپنى نامراتچىلىقتا قويمايمىز، ھەرقانچە جاپا تارتساقمۇ بالىلارنى جاپادا قويمايمىز›، ‹بۈگۈن خىزمەتتە تىرىشمىسىڭىز، ئەتە تىرىشىپ خىزمەت ئىزدەيسىز› دېگەندەكلەر بۇنىڭ ئوبدان مىسالى. شوئار ھەممىلا جايدا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ھەممىلا ئادەم بىلىدىكەن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ بىلىدىكەن، تاكسى شوپۇرىمۇ بىلىدىكەن، ھەتتا بەزى ئۇششاق بالىلار، بالىلار باغچىسىنىڭ تەربىيىچىلىرىمۇ بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شوئارلار تولىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەن: بىرىنچىدىن، پەلسەپە قائىدىلىرىگە ناھايىتى بايكەن، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەرنىڭ ئىككىلىسىدىنلا ئازراقمۇ يوچۇق تاپقىلى بولمايدىكەن، ئىنتايىن مۇكەممەلكەن؛ ئىككىنچىدىن، شوئارلار ئېغىزغا چىپپىدە كېلىپ بېرىدىكەن، مۇزىكىلىقى كۈچلۈككەن؛ ئۈچىنچىدىن، دەۋر تېمىسىغا ماسلاشقانىكەن، رىغبەتلەندۈرۈش خاراكتېرىگە بايكەن. مېنىڭچە، بۇ شوئارلارنى بىز سىنگاپورلۇقلارنى ئويلاپ تېپىڭلار دېگەن بولساڭلار، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي، يېمەي - ئىچمەي ئويلىساقمۇ بىرەرنى تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىكەن، بۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇماي ئامال يوق.»

دوستۇمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، بىرەر قۇر كەمتەرلىك قىلىپ قويay دەپ تۇرسام، ئۇ ئويلىمىغانلا بىر يەردىن چىقىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. «لېكىن سىلەر ھەممىڭلار پەيلاسوپ بولساڭلارمۇ، بەزى ئىشلاردا دېگىنىڭلارنى قىلمايدىكەنسىلەر، قىلغان تەقدىردىمۇ دېگىنىڭلار بىلەن قىلغىنىڭلار ئوخشىماي قالىدىكەن. مەسىلەن ‹خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرىدۇ، ياخشى شەھەر قۇرۇش خەلق ئۈچۈندۇر› دېگەننى ئالساق، مەن سىلەرنىڭ شەھەرلىرىڭلارنى ھەقىقەتەن خەلق قۇرىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئەمما قۇرۇپ بولغاندىن كېيىنچۇ؟ نۇرغۇن مېھمانخانا، رېستورانلار، ھەشەمەتلىك داچا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى خەلق ‹ئۈچۈن› بولماي قالغاندەك تۇرىدۇ! يەنە ‹زاۋۇت گۈللەنسە ماڭا شەرەپ، زاۋۇت خارابلاشسا ماڭا نومۇس› دېگەنگە كەلسەك، سىلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى زىيان تارتىۋاتىدۇ، بۇنىسى ئېنىق. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بىرەنچە زاۋۇت باشلىقىنىڭ ‹نومۇس› قىلىپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىمىدۇق؟ بۇنىڭ ئەكسىچە، نېمىشقا ‹نامراتلىشىپ كەتكەن بۇتخانا، بېيىپ كەتكەن باش راھىب› لارنىلا ئۇچرىتىپ كەلدۇق؟ يەنە ‹بۈگۈن تىرىشىپ ئىشلىمىسىڭىز، ئەتە تىرىشىپ خىزمەت ئىزدەيسىز› دېگىنىڭچۇ تېخى، ئاڭلىسام، بەزىلەر ھەر كۈنى خىزمەتتە ناھايىتى

تىرىشىپ ئىشلىگەن تۇرۇقلۇقمۇ، بۈگۈن يەنىلا تىرىشىپ خىزمەت ئىزدەۋېتىپتىغۇ؟ يەنە بەزىلەر ھەر كۈنى خىزمەتتە تىرىشماي يۈرۈپمۇ، تىرىشىپ خىزمەت ئىزدەشكە موھتاج بولمايۋېتىپتىغۇ؟ . . . »

مەن ياڭنىڭ بۇ گەپلىرىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. ياڭ بۇ ھالىتىمگە قاراپ، ئۇپۇل - توپۇللا: «دېگەنلىرىمنىڭ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئەمما گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلىش - قىلالماسلىق سەۋىيە مەسىلىسى، گەپ قىلىش - قىلماسلىق ئاغىنىدارچىلىقتا ياراش - يارىماسلىق مەسىلىسى. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپلەر، بولسا تۈزىتىش، بولمىسا دىققەت قىلىش دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!» دېدى.

قاراڭلار، يەنە بىر پەيلاسوپ ئوتتۇرىغا چىقتى!

# ئۈن - تىنسىز مۇھەببەت

## جيا جۈنشيا

مومامدىن مۇنداق بىر ھېكايە ئاڭلىغانىدىم، بۇرۇنقى زاماندا، بىر تاغدا بىر دېھقان بىلەن ئايالى تۇرغانىكەن، ئەر يەر تېرىسا، ئايال توقۇمىچىلىق قىلىپ بەختىيار ياشايدىكەن. كېيىن دېھقاننى تاغ تۆۋىنىدىكى بىر تۇل خوتۇن جەلپ قىلىۋاپتۇ، تۇل خوتۇن ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دېھقانمۇ دائىم خوتۇنىدىن يوشۇرۇنچە تاغ تۆۋىنىدىكى تۇل خوتۇن بىلەن ئوينايدىغان بولۇۋاپتۇ. بىر كۈنى دېھقان ئۇزۇن زامانلار كىيىپ يىرتىلىپ كەتكەن پايپىقىنى تۇل خوتۇنغا ياماپ بەرگىن دەپ بېرىپتۇ. تۇل خوتۇن يىرگەنگىنىچە قولى بىلەن بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ: «بار نېرى، بۇ يەرنى سېسىتماي» دەپتۇ. دېھقان ئۆيىگە قايتىپ پايپىقىنى خوتۇنىغا بەرگەنىكەن، خوتۇنى كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىغا ئېلىپ، جىن چىراغنىڭ خىرە - شىرە يورۇقىدا تۈجۈپىلەپ ياماشقا كىرىشىپتۇ. ئاخىر يەنە پايپاقتىكى يىپنى چىشلەپ ئۈزۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقان خىجالەتچىلىكتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بوپتۇ.

مېنىڭ يېقىن بىر دوستۇم بار، ئېرى ئۆنىڭدىن سەل پاكارراق ئىدى، توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەنلىكىنى زادىلا كۆرمىدىم. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، ئاياغ جازىسىدىكى بىرلا خىل پەس پاشنىلىق ئاياغلىرىغا قاراپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپ كېتىمەن. ئايال كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن قانداق كىيىملەرنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بىلەن پار كېلىپ يارىشىدىغانلىقىنى كىملا بولسا بىلىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيەلمەي ئۇۋالچىلىقتا قالغاندەك تۇيغۇغا كەلدىڭىزمۇ، دەپ زادىلا سوراپ باقمىدىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتكە تولۇپ تۇرغانلىقىنى، ئېرىنى ئېگىز پاشنىلىق ئاياغتىن مىڭ ھەسسە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

ھەقىقىي مۇھەببەتكە جىق گەپ كەتمەيدۇ، ئۈن - تىنسىز مۇھەببەت كىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، كىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت قاش - كىرپىك ئارىلىقىدا، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئارىسىدا بولىدۇ. بىز ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىلىرىگە بەخت تىلەيمىز.

# ئاشۇ قۇمنى چىقىرىۋېتىڭ

## دۇڭ باۋگاڭ

ۋولتېر: كىشىنى ھالسىرىتىدىغىنى يىراقتىكى ئېگىز تاغ ئەمەس، بەلكى ئايىغىنىڭ ئىچىدىكى بىر تال قۇم، دېگەنىكەن. بىز ھايات يولىدا ئايىغىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە قۇم دانچىسىنى ئۆز ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز ناھايىتى زۆرۈر.

ئافرىقا چوڭ يايلىقىدا قان سۈمۈرىدىغان شەپەرەڭ دەيدىغان بىر خىل ھايۋان بار. ئۇ كىچىك بولسىمۇ ياۋا ئاتنىڭ كۈشەندىسى. مۇنداق شەپەرەڭ ھەمىشە ياۋا ئاتنىڭ پاچىقىغا چاپلىشىۋېلىپ، ئۆتكۈر چىشى بىلەن تېزلا ياۋا ئاتنىڭ پاچىقىنى غاجىلاپ تىتىۋېتىدۇ، ئاندىن

ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن ئۇنىڭ قېنىنى شورايدۇ. ياۋا ئات مەيلى قانداق چىچاڭشىسۇن ۋە ئۇچقاندەك چاپسۇن، مۇنداق شەپەرەڭنى قوغلىۋېتەلمەيدۇ، ئاخىر قاتتىق غەزەپلىنىش ۋە قانسىراش ئىچىدە نائىلاج ئۆلۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.



مەلۇم بىرنەرسە كىچىكلىكىدىن سىزنىڭ رەقىبىڭىز بولماي قالغان چاغدا، سىز تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشىڭىز كېرەك. رېئال تۇرمۇشتا سىزنى ۋەيران قىلىدىغىنى بەزى چاغلاردا غايەت زور خىرىس ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار بولىدۇ. بەختسىزلىك يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەردە قورقۇش، جىددىيلىشىش تۈپەيلىدىن بىر خىل قارشىلىشىپ ئېلىشىش قۇدرىتى تەبىئىيلا پەيدا بولىدۇ، ئەمما سىزنى چۈيلىدا توختىمايدىغان كىچىك ئىشلار قىيىنىسا، نېمە قىلارىڭىزنى بىلمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن. تۇرمۇشتىكى بۇ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەمما كىشىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى تىنماي خورىتىپ، ھېلىقى شەپەرەڭدەك، قۇدرەتلىك ھاياتىنى ئۆلۈمگە قىستاپ ئاپىرىدۇ.

# ئىككى يولۋاس

ۋاڭ رىخۇا

ئىككى يولۋاسنىڭ بىرى قەپەستە تۇرىدىكەن، بىرى دالىدا يۈرىدىكەن.

قەپەستىكى يولۋاسنىڭ ئۈچ ۋاخلىق تامىقىدىن غېمى يوقكەن، دالىدىكى يولۋاس ئەركىن - ئازادە ئىكەن، ئىككى يولۋاس دائىم سەمىمىي سۆھبەتلىشىپ تۇرىدىكەن. قەپەستىكى يولۋاس ھەمىشە سىرتتىكى يولۋاسنىڭ ئەركىنلىكىگە ھەۋەس قىلىدىكەن؛ سىرتتىكى يولۋاس بولسا قەپەستىكى يولۋاسنىڭ راھەت - پاراغىتىگە ھەۋەس قىلىدىكەن. بىر كۈنى بىر يولۋاس يەنە بىر يولۋاسقا: «ئورنىمىزنى ئالماشتۇرۇپ باقساق» دەپتۇ. بۇنىڭغا يەنە بىر يولۋاس قوشۇلۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قەپەستىكى يولۋاس تەبىئەت قوينىغا، دالىدىكى يولۋاس قەپەسكە كىرىپتۇ. قەپەستىن چىققان يولۋاس خۇشال بولۇپ، دالىدا جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپتۇ؛ قەپەسكە كىرگەن يولۋاسمۇ ئۆزىنىڭ ئەمدى يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپتۇ.

ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي ئىككىلا يولۋاس ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاچلىقتىن، يەنە بىرى پەرىشانلىقتىن ئۆلۈپ قالغانىكەن. قەپەستىن چىققان يولۋاس ئەركىنلىككە ئېرىشكىنى بىلەن ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېيىشنى ئۆگەنمىگەنىكەن؛ قەپەسكە كىرگەن يولۋاس راھەت - پاراغەتكە ئېرىشكىنى بىلەن چەكلىك ماكاندا ياشايدىغان قابىلىيەتنى يېتىشتۈرمىگەنىكەن.

نۇرغۇن چاغلاردا كىشىلەر ئۆزىنىڭ بەختىنى كۆرۈپ يېتەلمەي، باشقىلارنىڭ بەختىگە باشقىچە ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ بەختىنىڭ ئۆزىگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ، باشقىلارنىڭ بەختى ئۆزى ئۈچۈن قەبرە بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى تېخىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

# ھاياتىم ۋە ئىجادىيىتىمگە تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار



ئادىل تۇنىياز

## «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»

قوزىدەك چاغلىرىمدا دادام بىر كۈنى «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دېگەن كىتابتىن بىرنى ئالغاچ كەلدى. بەك خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم، خېلى كۈنلەرگىچە ئۈنى ئۈنلۈك ئوقۇپ يۈردۈم. يىپقا تىزغان مارجاندەك سۆزلەردىن يېقىملىق رىتىم پەيدا بولىدىغان بۇ ئاجايىپ ئويۇن مېنى باشقا ھەرقانداق ئويۇندىنمۇ بەكرەك جەلپ قىلىۋالغانىدى.

بالىلىقتىكى ئاشۇ ئويۇننى ھازىرغىچە ئويناۋاتىمەن، مۇبادا شېئىر يېزىش ھەۋىسى تۇغما بولمايدۇ دەپ قارالسا، شائىرلار ئۆز ھاياتىدىن شېئىرنىڭ بىخ ئۇرۇش سەۋەبىنى ئىزدەشكە مەجبۇر. شۇنداقتىمۇ مەن نېمە سەۋەب بىلەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىلا شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بىراق شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۆزلەرنىڭ ماڭا بولغان ھەقىقىي سېھىرگەرلىكى دەل ئاشۇ «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دېگەن كىتابتىن باشلانغان.

خەلق قوشاقلىرى مىللەتنىڭ تىل ئويۇنى. ئەمگەك قوشاقلىرى، زۇلۇم قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، مۇراسىم قوشاقلىرى ھەتتا سېرىق قوشاقلاردىن خەلقنىڭ رېئاللىقتىكى تۈرلۈك قىسمەتلىرىنى ۋە تۇيغۇلارنى باشتىن كەچۈرۈش بىلەن بىللە تىل ئارقىلىق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. خەلق بالىغا ئوخشايدۇ، بۇ بالا شۇنداق شائىركى، ھەم رىتىملىق سۆزلەر ئارقىلىق مەقسىتىنى ئىپادىلىگۈچى، ھەم مەزمۇنغا مۇناسىۋەتسىز سۆز تىزىقلىرى ئارقىلىق ساپ شەكىل گۈزەللىكىدىن زوقلانغۇچى، سۆزنىڭ ئۆزىدىن بەھر ئالغۇچى.

سۆزلەر بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەت ماڭا شائىرلىق تاجىنى كىيدۈرگەن مىنۇتلاردا، مەن ئۆز مەقسىتىمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىلەن شېئىرىيەت قەسرىدە ھۈنەر قىلىمەن ھەم ئويۇندىن باشقا مەقسىتى بولمىغان كىچىك بالىدەك سۆزلەرنى خالىغانچە ئوينايمەن. مانا بۇ مېنىڭ شېئىرىيەت ئاسمىنىدا قانات قېقىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى!

## شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «تاڭ لىرىكىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى

ئوسمانجان ئاكا شېئىرىي مىزانلارغا بولغان يۈكسەك تەلەپى ۋە بۇزۇلماس ئالماش قاپىيىلىرى بىلەن ماڭا زەنجىر ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان تەڭدىشى يوق رەققاسەدەك تۇيۇلىدۇ. شۇنداق، ئۇ ۋايىغا يەتكەن تىل ئۇسسۇلچىسى. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت قولىغا قەلەم ئالغىنىدا، گويا ئۇيغۇر تىلىدىكى جىمى سۆزلەر، بارچە قاپىيىلەر رەت - رىتى بىلەن مارجاندەك تىزىلىپ بىر - بىرىدىن قىزغانغان ھالدا بۇ شائىرنىڭ ئۆزلىرىنى

ئىشلىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

«تاڭ لىرىكىلىرى» شېئىر ئىمكانىيىتى زور ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى پاساھەت ۋە بالاغىتىنى نامايان قىلدى. بىر قەدىمكى مىللەتنىڭ تەبىئەت بىلەن ۋە ھازىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەريانىدىكى نازۇك ۋە مۇڭلۇق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلىدى. شائىر بىلەن ئانا تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى رىتىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلىدى. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ شېئىرلار توپلىمى ئارقىلىق قولىغا قەلەم ئالغان ياش بىر ئەۋلادنىڭ ئاغزىغا نۇر سالدى، بۇ نۇر ئۆز خەلقىگە، زېمىنىغا ۋە شېئىرىيەتكە بولغان ئاشىقلىق نۇرى.

**چىلى شائىرى پابلو نىرودانىڭ «ماكچو پىكچو چوققىسى» ناملىق داستانى**

بۇ داستاننى تۇنجى قېتىم ئوقۇشۇم - شېئىرىيەت ئورمىنىدا يالتىرىغان تۇنجى چاقماقنى كۆرۈشۈم بولدى. بۇ چاقماق مېنىڭ كاللامدىكى شېئىرنىڭ رامكىلىرىنى، تىلنىڭ قەدىمكى پىرامىدالىرىنى ۋە ئىدىيىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىراۋ مەندىن شېئىر دېگەن نېمە دەپ سورىغان بولسا ئىككىلەنمەي جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. لېكىن بۇ داستاننى ئوقۇغاندىن باشلاپ، بىلمەسلىكىمنىڭ ھەر دائىملىق يېڭى تەسىراتى بىلەن شېئىر توغرىسىدا مۇكەممەل بىر بىلمىگۈچىگە ئايلاندىم.

تېما، ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە غەرب ئوبزورچىلىرى نىرودا ئىجادىيىتىنىڭ پەللىسى دەپ قارىغان بۇ داستان مۇنداق دەپ باشلانغانىدى:

چەكسىزلىكتىن چەكسىزلىككە بىر قۇرۇق
توردەك مۇئەللەق ۋە كوچا ئارا يۈرمەن كېزىپ،
كۈز كەلدى، غازاڭلار ئالتۇن تەڭگىدەك بۇ
يەرگە كېلىپلا كېتىدۇ خوش دەپ.
باھار بىلەن باشاقلارنىڭ ئارىسىدا بىر
تاشلانغان پەلەيدەك ئالقاندەك جاي،
بىزگە بېرىلگەن چوڭقۇر مۇھەببەت مىسالى
ھىلال ئاي.

پارلاق كۈنلەر - شەيئىلەرنىڭ جىمىرلىشى
كىسلاتانىڭ ئۇنسىز رولى، ئۆزگەرگەن مېتال،
كۈن تىنىلدى، قالغىنى ئاخىرقى تۇزاڭ
تەنتەنىدىن ۋەتەننىڭ گۈللىرى ئىشغال.
ساز ئىچىدە بىر ئادەم، كۈتمەكتە مېنى...

داستان جەمئىي 500 مىسرا بولۇپ 12 بۆلەككە بۆلۈنگەن. پابلو نىرودا 1943 - يىلى ئاندىس تاغ تىزمىسىغا ساياھەتكە چىققاندا ماكچو پىكچو قەدىمكى شەھىرىنى كۆرىدۇ. بۇ شەھەر 1911 - يىلى قېزىپ چىقىلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىدىن بولغان ئىنكالار قۇرغان يۇتكەن شەھەر ئىدى. شەھەر خارابىسى شائىرنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن «ماكچو پىكچو چوققىسى» دېگەن بۇ داستاننى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ داستاندا شائىر گۈزەل ۋە غالجىر تىل بىلەن قەدىمكى ئىنسان مەدەنىيىتىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. شېئىر ئارقىلىق ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ياغ پۈرىتىدۇ.

بۇ داستاننى ئوقۇغان ئادەم گويا مىسرالارنى پەلەمپەي قىلىپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يەر ئاستى شەھىرىگە چۈشۈۋاتقاندەك، ئۆزىنى گويا بىر تىلسىمغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

**نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىتالىيە شائىرى ئۇگېنو. مونتالىنىڭ «تۇرمۇشنىڭ قاباھىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى**

20 - ئەسىر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەقلىيلىشىشى نەتىجىسىدە، تۇرمۇش ئىشخانىلاشتۇرۇلغان ۋە ماشىنىلاشتۇرۇلغان غەرب دۇنياسىدا مونتالىنىڭ شېئىرلىرى گويا تۆمۈر - تەسەكلەر ئۈستىدە ئېچىلىپ قالغان بىر تال ھالرەڭ گۈلنى ئەسلىتىدۇ. شېئىر ئادەملەردىن يىراقلاپ ئۆز - ئۆزىگە قاراپ كېتىۋاتقان بىر جەمئىيەتتە، مونتالى شېئىرنى ئادەملەر ئارىسىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆھبىتىنى ياكى پەيلاسوپلارنىڭ ئېغىر ئىدىيىسىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ يازغىنى ئاددىي كۈندىلىك تۇرمۇش، تۇرمۇشتىكى سىستېمىلاشمىغان، ئەقلىي يەكۈن ئارىلاشمىغان پارچە - پۇرات تۇيغۇ، تېخنىكىدىن، ئىدىيىدىن، بىھۇدە سۆز ئويۇنىدىن خالىي گۈزەل شېئىرلار. بەزىدە بىر مىسرا بىلەن كەينىدىكى مىسرانىڭ باغلىنىشى يوق. مەلۇم نەرسە ئۈستىدە

باشلانغان شېئىر توساتتىن باشقا بىر تەسۋىر ياكى ۋەقە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، مىسرالىرى قىسقا، سىدام بولۇپ، تەبىئىي ۋە يېقىملىقلىقىدىن ئوقۇغان ئادەمنىڭ هاردۇقى چىقىدۇ. باشقا هازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى ئىستىلىستىكا ۋە مەزمۇن بىلەن شېئىر بولسا، مونتالى شېئىرلىرى شەكىل بىلەن شېئىردۇر. مەنمۇ ئىجادىيىتىمدە بەزىدە مونتالىنىڭ شەكىل گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، يېڭى شەكىللەرنى سىناق قىلىپ باقتىم.

## شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «قىز قەلئەسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى

مەن شائىرنىڭ بۇ قەلئەسىگە بىرنەچچە قېتىم كىرىپ ئايلاندىم، ئېزىپ قالدىم، ئارقامغا قايتتىم، قايتىپ غەربىنىڭ ئىلغار شائىرلىرىدىن ئۆزىمىزگىچە بولغان ئارىلىقنى قىسقارتتىم. بۇ توپلام ماڭا غېرىبلىقنىڭ تەمىنى تېتىتتى. غېرىبلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەڭگۈلۈك تېما. شائىر غېرىبلىق ئۈستىدە ئىزدەندى. شېئىرنىڭ مۇمكىنسىز يوللىرىدا زامان، ماكان سىنىقى ئېلىپ باردى. قارىغاندا، شائىر بۇ دەۋردىن قايتىپ كېتىپ، ئۆتكەن زاماندا ياشاۋاتقاندەك قىلىدۇ. بىز بۇ دەۋردىكىلەر شائىر بوغدا ئابدۇللانى ئارىمىزدىن تاپالمايمىز.

شائىر بالىياتقۇ ئىزدىمەكتە، بۇ قورغاق شەهەردىن ۋاقىتنىڭ بالىياتقۇسى بولغان ئۆتمۈشكە كىرىپ كەتمەكتە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئانا، بالىلىقتىكى يۇرت، كونا جاي ۋە خارابىلىكلەر شائىرنىڭ زامانىغا نىسبەتەن قىياسىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ماكان جەهەتتە بۇ توپلامدىكى زور كۆپچىلىك شېئىرلار تەسۋىرلىگىنى ياقا يۇرت، يەنى شائىرنىڭ چەت ئەل سەپىرىدىكى تەسىراتلىرىدىن ئىبارەت. شائىر گويا سەرسانلىقتا، ماكان ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياقا يۇرت. ئېهتىمال هەرقانداق جايغا بولغان ياقا يۇرت تۇيغۇسى ۋە ماكانسىزلىق جىمى شائىرلارنىڭ ئورتاق قىسمىتىدۇر ياكى بىر بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرىيەتتىكى غېرىب تاللىشىدۇر...

## «پاز شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلام

مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋئو پاز ماڭا شېئىرىيەتنىڭ هەممە ئەسەرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندەك، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قانتى يېتىپ بارمىغان بوشلۇق يوقتەك بىلىنىدۇ.

پاز شېئىرلىرىنى ئوقۇش ماڭا نىسبەتەن يېڭى بىر شېئىر يېزىش جەريانى، سەزگۈ ئەزالىرىمنىڭ ئىشىكلىرىنى تولۇق ئېچىپ، شېئىرغا يۇزلىنىش جەريانى. ئۇنى تىڭشايمەن، تېتىيمەن، پۇرايمەن ۋە كۆرىمەن. سۆزلەرنىڭ سىرتىدىن مەنە ئىزدەيمەن، ئۆزۈمدىن، مىللىي ئېڭىمىزدىن ۋە تىلسىز مەۋجۇداتتىن پاز شېئىرلىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزدەيمەن. ئۇنىڭ شېئىرىدىكى سۆزلەر ماڭىدۇ، توختايدۇ، ئۇچىدۇ، غايىب بولىدۇ. يەنە ئوقۇۋاتقان ئادەمگە ئەگىشىپ نەپەس ئالىدۇ. ئەنە شۇنداق لەهزىلەردە مۇقەددەس كىتابلاردىكى تىلنىڭ كارامىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ... ئۇ ئاسماننى بار بولسۇن دېدى، ئاسمان بار بولدى. يەنە قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار يارالسۇن دېدى، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار يارالدى... زېمىندا مەخلۇقلار بولسۇن دېدى، شۇئان جۈپ - جۈپى بىلەن مەخلۇقاتلار پەيدا بولۇپ، سەكرىشىپ ئويناشقا باشلىدى... سۆز ئەسلىدە سېهرىلىك، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك. تىل مۆجىزە پەيدا قىلىش، يارىتىش هەم هالاك قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇنى ئېغىزدىن خالىغانچە چىقىرىشقا، قارىسىغا ئىشلىتىشكە، ئويۇن قىلىشقا بولمايدۇ.

تىل هازىرقى زامان كىشىلىرى ئارىسىدا، بولۇپمۇ شائىرلار ئارىسىدا ئالىلىقاچان قەدىمكى مۇقەددەسلىكىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، بىراق بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ تېخى كارامىتىنى يوقاتمىغان. شۇم گەپ قىلىپ «ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەن» لەر، ئويلانماي دەپ تاشلىغان گېپى ئاياقتىدىكى ئاشتەك ئالدىغا كەلگەن كىشىلەر، يارانقۇچىنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەملەر ۋە دۇئالار بىزنىڭ ئارىمىزدا هەر ۋاقىت تىلنىڭ سىرلىق قۇدرىتىنى ئاگاهلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز تىلدىن نامالۇم ۋەهىمە، خۇشاللىق ۋە بېشارەتلەرنى هېس قىلىمىز. سۆز پەقەت مەنە دەپلا قارىمايمىز. سۆز ئېيتىلىدۇ، بىراق بۇ سۆزنىڭ تامام بولغىنى ئەمەس. دەل مۇشۇنداق سىرلىق روهىي ئاساس ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تىل بىلەن بولغان نازۇك ۋە ئالاهىدە

uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىگەن. بىز بۇ جەھەتتە باشقا مىللەت شائىرلىرىدىن، بولۇپمۇ غەربنىڭ ئىلغار شائىرلىرىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئەكسىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى ئەركىنلىكى ۋە غالجىرلىقىغا ھەيران قالىمىز. بۇ مېنىڭ ئوكتاۋئىو پاز شېئىرلىرىغا مەستانە بولۇشۇمنىڭ سىرى بولسا كېرەك.

**ئامېرىكا يازغۇچىسى ئېرنىست ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا قورال» ناملىق رومانى**

ئۇچۇۋاتقان قۇشقا تەبىر بەرگىلى بولمايدۇ، پەقەت قۇش پەيلىرى قالغان قەپەس ئارقىلىق ئۇ قۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. شېئىر قەپەسىدىن ئۇچۇپ كەتكەن قۇش، شېئىر ھەققىدىكى ماقالىلەر بولسا قۇشنىڭ روھىي كەچمىشلىرىنى ئىزاھلايدىغان تىل قەپىسى. ھازىرغا قەدەر تىل قەپەسىمدە بىرمۇ ئۆلۈك قۇش يوق، بۇ مېنىڭ تەلىيىم ھەم ماھارىتىم. تەلەي يارىتىلىشتىكى مەخپىيەت، ماھارەتنى بولسا ئۆگەنلىگىلى بولىدۇ. كىتاب مازارلىرىدىكى نۇرغۇن ماشايىخلاردىن تەلىم ئالغاندىن باشقا، شېئىرىيەت ھەققىدىكى ماقالىلىرىم قۇرۇلما جەھەتتە «ئەلۋىدا قورال» رومانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. دەسلەپ بۇ ئىنگلىزچە رومانىنى تىل ئۆگىنىش مەقسىتىدە قولۇمغا ئالغانىدىم. كېيىن ئۇنى باشتىن - ئاخىر كۆچۈرۈپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن تارتقاندەك تارتىدىغان بوش ۋاقىتلىرىمدىن توپتوغرا سەككىز ئايدا ئۇنى كۆچۈرۈپ بولدۇم. بۇ جەرياندا رومانىنىڭ ئۆزگىچە تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى، جۈملە قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ماھارىتى كاللامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئۆزلىشىپ قالدى. بولۇپمۇ جۈملىنى تېلگىراما شەكلىدە قىسقا تۈزۈش، قوشما جۈملىدىن ئىلاجى بار ساقلىنىش، دەل ۋە ئېنىق ئىپادىلەش ماڭا ئۆرنەك بولدى.

مەن «بابۇرنامە» نىڭ تىل ئۇسلۇبىنىمۇ بەك ياقتۇرىمەن. تەرجىمىگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ئانا تىلىمىز يات تىل ئادىتىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەن ھازىرقى شارائىتتا، «بابۇرنامە» بايان قىلىش جەھەتتە بىزگە ئۆز ئۇدۇمىمىزنى يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭدا ھەشەمەتلىك ئىبارىلەر، چۈشىنىش تەس بولغان ئېغىر جۈملىلەر يوق. مەنىسى ئېنىق سۆز ۋە يەڭگىل جۈملىلەر بىلەن مەقسەتنى راۋان ئىپادىلەيدۇ. تىلغا ئەپلىك، يېقىملىق بايان قىلىدۇ.

مەن بەزىدە ئامېرىكا يازغۇچىسى ئېرنىست ھېمىڭۋاي (1899 - 1961) نىڭ «ئەلۋىدا قورال» رومانى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ موغۇل ئىمپېرىيىسى (1526 - 1756) نى قۇرغان ئىمپېراتور زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر (1483 - 1530) نىڭ «بابۇرنامە» ناملىق كىتابىنى ئىككى زاماننى ئەكس ئەتكەن بىر ئەسەردەك ھېس قىلىمەن.

ھەر ئىككىسىدە ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن. بىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى جەڭ، ئۇ زاماندىكى ئادەملەر مۇھەببەت - نەپرەتتە ئېنىق، يۈزمۇ يۈز ئېلىشالايدىغان باتۇر، رەھىمسىز، مەردانە ئادەملەر. يەنە بىرى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يەنى ھازىرقى زاماندىكى جەڭ. ئادەملەر تۈرلۈك زامانىۋى قوراللار بىلەن بىر - بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرمەي تۇرۇپ نامەردلەرچە قىرغىن قىلىشىدىغان، بارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدە گەپ ساتسىمۇ ئاۋات شەھەرلەرنى ۋە لەكمىڭ - لەكمىڭ ئادەمنى قوشۇپ ھالاك قىلىدىغان ئەڭ رەھىمسىز جەڭ.

بىرىدە بويسۇندۇرۇش ئىرادىسى بىلەن كېسىلگەن باشلاردىن مۇنار تىكلىگەن غالىب ئىمپېراتور - بابۇر. يەنە بىرىدە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت تولۇق بويسۇنغۇچىغا ئايلاندۇرغان، ئەرلىك روھى سۇنغان، جەڭگىۋارلىقى قالمىغان قاچاق ئوفىتسېر - ھېنرى.

ئۇلارنىڭ ئېتىقادقا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئىككى زامان كىشىلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى: بابۇر بىر قەھرىتان قىشتا لەشكەر تارتىپ سۇ بويىغا بارگاھ قۇرىدۇ. ئەتىگەندە بامداد ناماز ئوقۇش ئۈچۈن غۇسلى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا بابۇر قىلچە ئىككىلەنمەستىن مۇز تۇتقان ئۆستەڭ سۈيىگە چۆمۈلۈپ پاكلىنىدۇ، ئاندىن نامىزىنى ئوقۇيدۇ.

«ئەلۋىدا قورال» دىكى ھازىرقى زامان ئادىمى ھېنرى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دىنغا ئانچە ئىشەنمەيدۇ. دىنىي ئەھكاملارنى تولۇق بەجا كەلتۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەمەل قىلىدىغىنى پەقەت تۇرمۇشتىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە مۇراسىملار. بىراق ئۇنىڭ جورىسى كەسىرىن تولغاق تۇتۇپ دوختۇرخانىدا جان تالىشىپ ياتقاندا، ئۇ ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئالدىدا خۇدانى ئېسىگە ئېلىپ يېلىنىشقا باشلايدۇ: قەدىرلىك خۇدا، خۇش بولاي، ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىساڭ، بۈگۈندىن باشلاپ ساڭا ئىشىنەي، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي. قەدىرلىك خۇدا، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قال... مانا بۇ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن چاغدىلا خۇدانى ئەسلەيدىغان، كۆپ قىسىم

ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ دىنىي ئىپادىسى.

بۇ ئىككى ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىنمۇ ئىككى زاماندىكى ئادەملەرنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان مۇئامىلىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بابۇر ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى، ئۆزىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى، ئۆزى كۆرگەن ئەل - يۇرتلارنى يېزىش بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارلىرى، مېۋە - چېۋە، دەل - دەرەخلىرى، ئۆلارنىڭ ئىسمى، تۈرى، ئالاھىدىلىكلىرىنى شۇ قەدەر مۇھەببەت بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

بابۇرنىڭ كىتابىغا سېلىشتۇرغاندا ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا قورال» ناملىق رومانىدا تەبىئەت ۋە تەبىئەت تەسۋىرى يوق دېيەرلىك. ئەمەلىيەتتە ھېمىڭۋاي ھازىرقى زامان غەرب دۇنياسىدا تەبىئەت بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن يازغۇچى دەپ قارىلىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى قانداقتۇر يازغۇچى ھېمىڭۋاينىڭ تەبىئەتنى ئىپادىلەشكە سەل قارىغانلىقى بولماستىن، بەلكى 20 - ئەسىر كىشىلىرىنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان ئومۇمىيۈزلۈك مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بۈرۈتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر شاھزادە 1492 - يىلى «ۋەقەلەر» دەپ ئاتىغان بۇ كىتابىنى يېزىشقا باشلىغاندا، كولومبو تېخى ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىمىغانىدى. بابۇر ئاتلىق ئۇ يىگىت دېڭىز ۋە ئوقيا بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان پايانسىز زېمىنلاردا ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن قىلىچىنى يالىڭاچلىغاندا، ئىنگلىزلارنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيادا تېخى ئامېرىكىلىق يوق ئىدى.

بىر ئامېرىكىلىق 1928 - يىلى «ئەلۋىدا قورال» ناملىق رومانىنى دۇنياغا كەلتۈرگىنىدە، ئوتتۇرا ئاسىيالىق قۇرغان بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى ئاللىقاچان يوقالغانىدى. ۋەھالەنكى «يوق» ئامېرىكا بولسا ھازىرقى زاماندا ئىمپېرىيىدەك كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالغانىدى.

ئىمپېرىيە بىلەن مۇستەملىكە، باتۇرلۇق بىلەن توخۇ يۈرەكلىك، ئېتىقاد بىلەن گۇمراھلىق، غالىبىيەت بىلەن يېڭىلىش، ئۇ خەلق بىلەن بۇ خەلق تەقدىر - قىسمەتلىرىدە ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يوقلۇققا كېتىۋاتقان سەپىرىدە ئىمپېراتور بىلەن جەڭچىنىڭ، بابۇر بىلەن ھېمىڭۋاينىڭ، رېئاللىق بىلەن توقۇلمىنىڭ، ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنىڭ پەرقى يوق، ھەممىسى پەقەتلا شەكىل. مەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئويۇنلىرىدىن ئىجادىيەتتە خىلمۇ خىل شەكىلنى بايقىدىم، شەكىل - شېئىر، ماقالە ياكى باشقا نەرسە. بىراق مەزمۇن باشتىن - ئاخىر بىرلا، ئۇ بولسىمۇ زاماندۇر. زامانغا مەھلىيا بولۇپ ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلمەكچى بولغىنىمدا، زامان سەھنىسىدە ئەدەبىيات بىلەن كارامەت كۆرسىتىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆردۈم.

ئۇ ئارگېنتىنا يازغۇچىسى جورجى لوئىس بورگىس

## جورجى لوئىس بورگىسنىڭ «لاتارىيە بېلىتى» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمى

بورگىس مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى، ئەدەبىيات سەھنىسىدە ھېچكىم ئويناپ باقمىغان ئالامەت ئويۇنلىرى بىلەن كۆزۈمنى باغلىۋالغان بىردىنبىر سېھىرگەر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ماڭا گويا بىر ئەرۋاھ ئىنسانلار ئارىسىدا بىر مەزگىل يېزىقچىلىق قىلىپ، كېيىن ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇپ كەتكەندەك سىرلىق تۇيۇلىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ نەسىرلىرى، شېئىرلىرى ياكى ھېكايىلىرى بولسۇن، ھەممىسى بىر سېھىرگەر، شەيتان ئەينەكتە كۆرۈنگەن بىر ئادەمنىڭ يۈزى. قايسى ژانىردا يازغانلىقى ئۇنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ چۈشەنچىمىز، بىزنىڭ ئايرىشىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئۆزگىچە شېئىر، شېئىرلىرى مىسرالارغا ئايرىپ يېزىلغان نەسىر ياكى ھېكايە. بۇلار بىر - بىرىنىڭ ئاخىرى ياكى باشقا - باشقا بۆلىكى. ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئاددىي، سىدام بولۇپ، تىل ئارقىلىق يېتىپ بارغان دۇنياسى ئېنسىكلوپېدىيەدەك كەڭ. بورگىسنىڭ كاللىسىدا مەلۇم شەكىل، مەلۇم تۆردىكى ئەسەر يوق، ئېقىپ تۇرغان زامان ئېقىنى بار.

ئۇنىڭ قەلىمى بىزنى ۋاقىتنىڭ ئېرىتقۇ ئوردىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بىز بۇ قەسىردە تىرىكلەرنىڭمۇ، ئۆلۈكلەرنىڭمۇ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بەزىدە پەلەمپەيلەردە ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە دوقۇرۇشۇپ قالىمىز، بىراق ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتىكى ئۆزىمىز ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايمىز. ئۇندا بورگىس يازىدۇ، بىراق بىز ئەسەرنى ئوقۇپ تۈگەتكىنىمىزدە ئۇنىڭ ئاپتورى كىتابخان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىمىز، بۇ چاغدا بورگىسنىڭ ئىككى ئادەم ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئۇندا ئادەم ئۆلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۆجىزە يۈز بېرىپ ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىنى

سىزىمىز. ئۇندا ۋاقىتقا نىسبەتەن ئۆزىمىزنىڭ بار ياكى يوقلۇقىنى، ئەپسانە ياكى رېئاللىقنى بىلەلمەي قالىمىز، مانا بۇ بورگىس دۇنياسى.

بىز ئۇنىڭ ئەسىرىنى ھەقىقىي چۈشەنگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىدە بورگىسنىڭ ئەسىرى ئىچىدە ئەمەس، ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىمىز.

ۋاقىت شۇنداق نەرسە: مەن بۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتقاندا بۆشۈكتىن بالامنىڭ گۈگۈراشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. بۇ بىر ئامەت، ھاياتنىڭ ماڭا بەرگەن مۆجىزىلىك پۇرسىتى. ۋاقىتنىڭ كەينى يۈزىدە ئېھتىمال بىر بوۋاي دېڭىز دولقۇنلىرىغا قۇلاق سالغاچ خىيال سۈرىدۇ، بىراق ئۇ مەن ئەمەس، ئوغلۇم. ناھايىتى ئۇزۇن ئادەم ئۈن - تىنسىز ئېزىلىدۇ، لېكىن زاماننىڭ ئالدى يۈزىدە ئۇلار بىر شەھەرگە بېسىپ كىرىپ خوتۇن - قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ، تاۋار - دۇردۇن، فار - فۇر قاچا ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بۇلايدۇ. ھەيھات، زاماننىڭ ھازىرىدا بۇ شەھەر خەلقى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ... بىر ئادەم يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مۈشۈكنى كۆرىدۇ، لېكىن قەبرىدە يېتىپ كۆرىدۇ. يەنە بىر كۈنلەردە مۈشۈك كىشىلەرگە كۆرۈنمەيدۇ. مانا بۇ بورگىس يېزىۋاتقان ۋاقىت، ۋاقىتنىڭ ۋاقىتسىزلىقى، ئۈزلۈكسىزلىكى ۋە مەڭگۈلۈكلىكى.

**ھىندىستان پەيلاسوپى ئوشونىڭ «چىن مۇھەببەت سەپىرى» ناملىق كىتابى**

بىر ئادەتتىن تاشقىرى چۈشتىن كېيىندە بۇ كىتابنى سېتىۋالدىم. كەچتە بىرنەچچە بەت ئوقۇپ باققاندىن كېيىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن داۋام يېتىپ «ئىچىشكە» باشلىدىم. ئاپقۇرلاپ، كوزىلاپ ئىچتىم، يېرىم كېچىگىچە ئىچتىم. ھېچقاچان مۇنداق مەست بولۇپ باقماپتىكەنمەن. بىر كىتابنىڭ، بولۇپمۇ بىر پەلسەپە كىتابنىڭ مېنى مەست قىلىشى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم. بىراق ئاشۇ مەستلىكتىن كېيىن باشقا بىر ئادەم بولۇپ ئويغاندىم. ھاياتىم بىر جۇشقۇن ئېقىنغا ئايلىنىپ يېقىملىق ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بىزگە يۈزلەنگەن رېئاللىقنىڭ شۇنچە زور يارا ئېغىزى ئالدىدا بۇنداق شادىيانىلىقنى مۆجىزە دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوشونىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەممە كىتابلىرىنى ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ سېتىۋالدىم. ھازىرغىچە ئون نەچچە كىتابىنى ئوقۇپتىمەن، بىراق ھېچنېمىسىنى دەپ بېرەلمەيمەن. ئۇ ماڭا قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كەتتى، بايان قىلىپ بەرگىلى بولىدىغان ئاتالمىش بۈيۈك نەزەرىيىلەردەك ياكى كاتتا پەلسەپە ئىدىيىلىرىدەك كاللامغا ئەمەس، ھاياتىمغا سىڭىپ كەتتى. مەن بۇ خۇشاللىقنى بارچە قېرىنداشلىرىمغا ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن ئوشونىڭ «چىن مۇھەببەت سەپىرى» نى ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. بىراق ئۇنى ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن ئەمەس، ياشايدىغانلار ئۈچۈن تەرجىمە قىلدىم.

ئوشو قايتا تۇغۇلۇشنى ئىستەيدىغانلارغا ئېيتىدۇ: ئۆزلۈكۈڭنى ئۆلتۈر، شۇندا يېڭىدىن تۇغۇلىسەن، مۇھەببەتكە تۇغۇلىسەن.

ئوشو دۇنيانى يېڭى كۆرۈشنى خالايدىغانلارغا ئېيتىدۇ: ئۇنداقتا كۆڭلۈڭگە ئەگەش، كاللاڭنى تاشلا، ئۇ ئەخلەتكە توشۇپ كەتكەن ساندۇق، ئۇنىڭدا بىرمۇ يېڭى نەرسە يوق.

ئوشو تۇرمۇشتا خاتىرجەملىك ۋە مەنە ئىزدەپ چىققانلارغا سوپىلارنىڭ تىلىدا مۇنداق دەيدۇ: ئەي يولۇچى، تۆگەڭنى چىڭ باغلا، ھەم ئاللاغا تاپشۇر.

ئوشو ھەرقانداق ئىش قىلىپمۇ خۇش بولالمىغانلارغا ئېيتىدۇ: ھەممە ئىشتا كۆزەتكۈچىگە ئايلان، ئىشقا قوشۇلۇپ كەتمەي ئىش قىلىۋاتقىنىڭنى كۆزەت. ئىش قىلمىغاندا تىنىقلىرىڭنى كۆزەت، نەپەس ئېلىۋاتقان ھەر بىر دەقىقىدە سەن بول، شۇندا كۆرىسەنكى، ئىچىڭدىن سىرلىق بىر خۇشاللىق ئۆزمەي ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئىچىڭ نۇرغا تولۇپ تۇرىدۇ.

ئوشو ھايات ھەقىقىتىنى سۈرۈشتۈرگۈچىلەرگە ئېيتىدۇ: قۇشقاچ كاللىسىچىلىك كاللاڭ بىلەن ئالەم ئېڭىغا ياق دېمە، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا «ھە» دە. قوبۇل قىلىش جەننەت، ھەتتا ئۇ دوزاخ بولسىمۇ، قوبۇل قىلىشىڭ بىلەن تەڭ جەننەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ...

ئوشونىڭ ھەقىقىتىنى ئېيتىپ بولغىلى بولمايدۇ، ئېيتىش ئۈچۈن 650 كىتابنى بىر باشتىن ئوقۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئوشو ئىچىمدىكى بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ھاياتىمغا يېپيېڭى تۇيغۇ پەيدا قىلدى. بىراق ئىجادىيىتىمدىكە ئوشونىڭ تەسىرى بولمىدى. ئېھتىمال ئوشو [illegible]لىرى نەزەرىيە ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىدىندۇر ياكى شېئىرغا ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ھەتتا ئەڭ بۈيۈك پەلسەپىۋى ئىدىيىنىمۇ تېڭىشقا بولمايدۇ دەپ قارىغانلىقىمدىندۇر...

# «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ جايلاردىكى ۋاكالىتەن تارقىتىش نۇقتىلىرى

| ئۈرۈمچى رايونىدىكى تارقىتىش نۇقتىلىرى | ئالاقىلاشقۇچى |
|---|---|
| 1. ھۈسەينىيە كىتابخانىسى | قۇربانجان |
| 2. ناۋائى كىتابخانىسى | نۇرمۇھەممەت |
| 3. «ئالتۇن ئاچقۇچ» كىتاب يايمىسى | ئابدۇقەييۇم |
| 4. قارا ئوت كىتابخانىسى | ئايپاشا |
| 5. پەرۋاز كىتابخانىسى | ئىمام |
| 6. بۇلاق كىتابخانىسى | دىلبەر |
| 7. دۆڭ كۆۋرۈك كىتاب يايمىسى | ئابدۇرەشىت |
| 8. سەئىدىيە كۇتۇپخانىسى | شەۋكەت |
| 9. تەڭرىقۇت كىتابخانىسى | ئابلەت ئەمىر |
| 10. شەرقى جۇڭغارىيە مىللىي كىتابخانىسى | تۇرسۇن ئابلا |
| **قەشقەر رايونىدىكى تارقىتىش نۇقتىسى** | **ئالاقىلاشقۇچى** |
| 1. قەشقەر تەڭرىتاغ كىتابخانىسى | مۇھەممەت تۇرسۇن يۈسۈپ |
| **ئاقسۇ رايونىدىكى تارقىتىش نۇقتىلىرى** | **ئالاقىلاشقۇچى** |
| 1. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كىتابخانا | سەمەت مامۇت |
| 2. ئاقسۇ ئۈمىد كىتابخانىسى | غەيرەت |
| **ئاتۇش رايونىدىكى تارقىتىش نۇقتىسى** | **ئالاقىلاشقۇچى** |
| 1. ئاتۇش تەۋپىق كىتابخانىسى | نۇرگۈل، خەيرىگۈل |
| **تۇرپان رايونىدىكى تارقىتىش نۇقتىسى** | **ئالاقىلاشقۇچى** |
| 1. تۇرپان ئىدىقۇت كىتابخانىسى | |

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە مەزكۇر ژۇرنال قارمىقىدا چىقىدىغان «كومپيۇتېر دۇنياسى»، «ئىجادىيەت ۋە ئۈچۇر» ژۇرناللىرىنى ۋاكالىتەن تارقىتىشنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىغان باشقا كىتابخانا، كىتاب يايمىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قارشى ئالىمىز.

يىللىق 50 تىن يۇقىرى مۇشتىرى بولغۇچىلار ۋە ۋاكالىتەن سېتىشنى ئۈستىگە ئالغۇچىلارغا باھادا 30% ئېتىبار بېرىمىز. شۇنداقلا ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىمىز.

**ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**
**ئالاقىلاشقۇچى: ئىمىرھەسەن**
**تېلېفون: 2818897 (0991)    چاقىرغۇ: 8070233 - 98980 (0991)**

# ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزى ـ ئاسىيا كىندىكى

شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدىكى شەھەر بولۇپ، دۇنيا بويىچە دېڭىز ـ ئوكيانغا ئەڭ يىراق شەھەر ھېسابلىنىدۇ.

ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى بولغان باۋجيا ساۋزى كەنتىنىڭ داڭقى چىقمىغاچقا، كىشىلەر بۇ يەرنى بىلمەيدۇ. بۇ 1992 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات يۇرتىدىكى ئالىملار ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئۆلچەپ ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى باۋجيا ساۋزى كەنتىنى شەرقىي مېرىدىئان 87 گرادۇس 20 مىنۇت، شىمالىي پاراللېل 47 گرادۇس 41 مىنۇتقا توغرا كېلىدىغانلىقى ۋە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېكىتتى. بۇ ئىلمىي بايقىلىش بىلەن باۋجيا ساۋزى كەنتى ئۈرۈمچى شەھىرى ھەم ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزىدىكى شەھەر بولۇپ قالدى.

شىنجاڭنىڭ جايلاردىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىچە پەرقلىنىدۇ. قەدىمكى يىپەك يولىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق يەر ئاستى قېزىلمىلار، ئاسار ئەتىقىلەر، ھەيۋەتلىك مۇزلۇق چوققىلار، چوڭقۇر ھاڭ ـ جىلغىلار، پايانسىز قۇملۇق، چۆل ـ جەزىرىلەر، ئۆزگىچە گېئولوگىيىلىك كەسمە جىنسلار، زور كۆلەمدىكى تاشقا ئايلانغان جىنسلار بار. بۇ جايدىكى قاتمۇ قات ئېگىز تاغلار، تەبىئىي شەكىللەنگەن ياكى زامانىۋى قار ـ مۇز تېيىلىش مەيدانلىرى، ئوۋ ئوۋلاش مەيدانلىرى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىشتىكى ياخشى جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ كەڭ زېمىندا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق 10 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ دىن ـ ئېتىقادى، مەدەنىيتى، ھېيت ـ بايرام مۇراسىملىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، بېزەش ـ ياسىنىشلىرى، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملىرى، ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرى، كۆكۆل ئېچىش ئادەتلىرى قويۇق مىللىي تۈس ئالغان بولۇپ، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزگىچە مەھلىيا قىلىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنغان ھالدا ساياھەت بايلىقىنىڭ چەمبەر قاتلاملىق قۇرۇلمىسى بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ساياھەت نۇقتىلىرى ساياھەت بايلىقىنىڭ ئىچكى چەمبىرى قىلىنغان. ئاۋازلىق قۇم تاغ، سايرام كۆلى، باغراش كۆلى ساياھەت رايونى ئوتتۇرا چەمبەر قىلىنغان. قاناس كۆلى، قارا مەھەللە تەبىئىي قوغداش رايونى تاشقى چەمبەر قىلىنغان. ھازىر، ساياھەت بايلىقىنىڭ چەمبەر قاتلاملىق قۇرۇلمىسى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان. ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى مەركىزىنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ساياھەت نۇقتىلىرىنى چوڭقۇر قاتلاملىق ئېچىشنى ئالغا سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقىنى تەرتىپلىك ئېچىشنى ئالغا سۈرۈشتە باشلامچى بولۇپ قالىدۇ.

نۆۋەتتە، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى يادرو قىلىنغان رايوننىڭ شەرق ـ غەربىنىڭ كەڭلىكى 1.0 كىلومېتىر، جەنۇب ـ شىمال ئۇزۇنلۇقى 1.5 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1.67 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان «ئاسىيانىڭ مەركىزى بولغان كەنت» نىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى بېكىتىلدى. بۇ مەركىزىي رايوندا قوغداش رايونى، سوقۇلۇشنى ئازايتىدىغان ئارىلىق رايونى (بوفېر) بار. بۇ مەركىزىي رايون سەيلە ـ ساياھەت قىلىش، تۇرمۇش مۇلازىمىتى، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش، خەلقئارا يىغىن، كۆرگەزمە مەركىزى، تەنتەربىيە ھەرىكىتى، مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش قاتارلىق جەھەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئىگىلىنىشىچە، «ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى مەركىزى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىپ، 2015 ـ يىلى تامامەن پۈتتۈرۈش پىلانلانغان.




1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە ئىنستىتۇتىمىز يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

سۈرەتتە: ئىنستىتۇت پارتكوم شۇجىسى خەمىت ئىسمايىل مەكتەپ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا.



كۆپ ئىقتىدارلىق، قوش يۆنىلىشلىك، 60 توچكىلىق تېلېۋىزىيىلىك ئوقۇتۇش سىستېمىسىنىڭ كونترول مەركىزى.



زامانىۋى تىل تەجرىبىخانىلىرى ئوقۇغۇچىلارنى تىل ئۆگىنىشتە قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىمەيدۇ.

سۈرەتتە: ئوقۇغۇچىلار چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنگلىز تىلى ئۆگەنمەكتە.



بۇ يىل ئەڭ ئىلغار تىپتىكى 300دىن ئارتۇق كومپيۇتېر يېڭىدىن سەپلەندى.

سۈرەتتە: كومپيۇتېر ئوقۇتۇش مەركىزىدىن بىر كۆرۈنۈش.



بۇ ئىنستىتۇتتىكى ھەر خىل قىرائەتخانىلار ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سۈرەتتە: قىرائەتخانىدا ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار.

www.uyghurkitap.com



باغچىلاشتۇرۇلغان مەكتەپ قورۇ...
غۇچىلار ئىختىيارىي پائالىيەت ئېلىپ...

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى...
تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيۈشتۇرۇل...
سەنئەت مۇسابىقىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.




يېڭى قوبۇل قىلىنغان ھەر
... ئوقۇغۇچىلىرى ھەربىي
...





بۇ ئىنستىتۇتنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدىن ...
سۈرەتتە: ئازادە ھەم يورۇق ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنىڭ كۆرۈنۈشى.



...ئىنستىتۇتنىڭ بارغانسېرى ئېشىۋاتقان
...ىشى شارائىتى ۋە گۈزەل مۇھىتى چەت
...ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

...سۈرەتتە: چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچى ۋە
...رىيىڭى يىل پائالىيىتىدە.

ISSN 1004-1745

01>

771004 174004

示标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/1 邮发代号 58—83 零售价: 4.40元